


ئۇشبۇ كىتاب ئېلكىتاب تورى تەرىپىدىن تارقىتىلدى

---

ئەزىز ئوقۇرمەن، ئۇشبۇ كىتاب ئېلكىتاب تورى ئوقۇرمەنلىرى تەرىپىدىن سكاننېرلىنىپ تارقىتىلدى.

ئېلكىتاب تورى ئادرېسى:
www.elkitab.org

ئېلكىتاب

ئېلكىتاب تورى ئادرېسى:
www.elkitap.org

# ئۇيغۇر خەلق

# ماقال-تەمسىللىرى

2

شىنجاڭ مەدەنىيەت نەشرىياتى

# ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرى

(2 - توم)


تۈزگۈچىلەر: ئادىل مۇھەممەت
روزىمۇھەممەد مۇتەللىپ
بېكىتكۈچى: ئوسمان ئىسمايىل تارىم



شىنجاڭ مەدەنىيەت نەشرىياتى

**图书在版编目(CIP)数据**

维吾尔谚语集成(2)：维吾尔文 / 阿迪力·穆罕默德，如则麦麦提·穆太力普编. -- 乌鲁木齐 ：新疆文化出版社，2016.9
ISBN 978-7-5469-8734-7

Ⅰ.①维… Ⅱ.①如… Ⅲ.①维吾尔族－谚语－汇编－中国－维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ.①I277.7

中国版本图书馆CIP数据核字(2016)第216862号

---

**责任编辑**：迪丽努尔·阿布都热合曼
**特约编辑**：哈斯亚提·依不拉音
**责任校对**：克尤木·吐尔逊
**制　　版**：阿卜来提·阿伍提
**责任复审**：阿迪力·穆罕默德
**责任决审**：艾尼瓦尔·库迪力克
**封面设计**：努尔买买提·艾买尔
**责任印制**：刘伟煜

**书　　名**：维吾尔谚语集成(2)
**编　　者**：阿迪力·穆罕默德　如则麦麦提·穆太力普
**出　　版**：新疆文化出版社
**地　　址**：乌鲁木齐市经济技术开发区科技园路5号
**发　　行**：新疆新华书店
**印　　刷**：北京新华印刷有限公司
**开　　本**：880毫米 × 1230毫米 1/32
**印　　张**：22.5
**版　　次**：2016年9月第1版
**印　　次**：2017年1月第1次印刷
**书　　号**：ISBN 978-7-5469-8734-7
**定　　价**：66.00元

---

网络出版　读读网(www.dudu-book365.com)
网络书店　淘宝网·新疆旅游书店(http://shop67841187.taobao.com)

# مۇندەرىجە

## * بىرىنچى توم *

ۋەتەن، خەلق، ئەل ـ يۇرت توغرىسىدا .................. 1
ئىش ـ ئەمگەك، مېھنەت، ئىشچانلىق ـ ھۇرۇنلۇق توغرىسىدا.............................. 61
پەسىل، ۋاقىت، مەزگىل، تەبىئەت، ھاۋا رايى ھەققىدە ... 137
دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق، باغۋەنچىلىك قاتارلىقلار توغرىسىدا ............... 175
كىيىم ـ كېچەك، يېمەك ـ ئىچمەك، تۇرالغۇ جاي توغرىسىدا ............................ 245
ئۆرپ ـ ئادەت، ئاچ ـ توقلۇق، مېھماندوستلۇق توغرىسىدا 263 ..........................................
توي ـ تۆكۈن، ئۆلۈم ـ يېتىم، بالا ـ قازا، بەخت ـ تەلەي توغرىسىدا ........................ 307
سودا ـ سېتىق، بازار، تېجەمكارلىق، بەتخەجلىك توغرىسىدا.............................. 341
ياخشىلىق ـ يامانلىق توغرىسىدا ............. 375
سىياسەت ـ قانۇن، ئىجتىمائىي كەيپىيات، ھەقىقەت ۋە قانۇنىيەت، ئۆملۈك ـ ئىناقلىق توغرىسىدا ............ 417
سىنىپ، تەبىقە، دوست ۋە دۈشمەن توغرىسىدا ......... 461

باتۇرلۇق، جاسارەت، مەردلىك ۋە يارىماسلىق، قورقۇنچاقلىق توغرىسىدا ............................ 511
هوشيارلىق، ئېھتىياتچانلىق ۋە ئالدىراڭغۇلۇق توغرىسىدا ... 545
پىتنە ـ پاسات، ھەسەتخورلۇق، ھەسرەت ـ نادامەت توغرىسىدا ........................................ 575
ھەزىل ـ مەسخىرە، ئەيىبلەش ـ سۆكۈش، ھىيلە ـ مىكىر توغرىسىدا ........................................ 621
قوشۇمچە (2):
«ئەتەبەتۇلھەقايىق»تىكى ماقال ـ تەمسىللەر ........... 673

## * ئىككىنچى توم *

ئاتا ـ ئانا ۋە قېيىنئاتا ـ قېيىنئانىلار توغرىسىدا ...... 691
ئۆي ـ ئائىلە، مۇھەببەت، نىكاھ، ئەر ـ خوتۇن توغرىسىدا ........................................ 723
ئۇرۇق ـ تۇغقاندارچىلىق توغرىسىدا ..................... 795
قوشنىدارچىلىق توغرىسىدا ............................. 821
پەرزەنت ۋە پەرزەنت تەربىيەسى توغرىسىدا .......... 839
يالغۇز ـ يېگانىلىق، غېرىب ـ يېتىملىق توغرىسىدا ... 895
تازىلىق، سالامەتلىك، ئاغرىق ـ سىلاق، ھايات ـ مامات توغرىسىدا ........................................ 917
شەرم ـ ھايا، ئەخلاق ـ پەزىلەت توغرىسىدا ............ 963
بىلىم، ھۈنەر ـ كەسىپ، ئۇستاز ـ شاگىرتلىق توغرىسىدا ........................................ 993
ئىچىملىك، چېكىملىك، قەرزدارلىق توغرىسىدا ......... 1051

تىنچ ـ خاتىرجەملىك ۋە ئوغرى ـ قاراقچىلىق توغرىسىدا ... 1063
راستچىللىق ـ يالغانچىلىق، پوچىلىق توغرىسىدا ...... 1097
ئادىمىيلىك، ئۆزىنى بىلىش توغرىسىدا ............ 1123
ئوي ـ خىيال، تەپەككۇر، مۇھەببەت ـ نەپرەت، غەيرەت ـ
جاسارەت، ئارزۇ ـ ئىستەك، تۇرمۇش ئەمەلىيىتى توغرىسىدا
.......................... 1155
سەزگۈرلۈك، بىخۇدلۇق ۋە يىراقنى كۆرەرلىك توغرىسىدا 1181
مۇھەببەت، گۈزەللىك ۋە سەتلىك توغرىسىدا ........... 1221
ھەرخىل جىسمانىي ئەيىبلەر توغرىسىدا ........... 1259
پەند ـ نەسىھەت، مەسلىھەت ـ مۇلاھىزىلەر توغرىسىدا ... 1273
قوشۇمچە (2):
«تۈركىي تىللار دىۋانى»دىكى ماقال ـ تەمسىللەر ...... 1363


## * ئۈچىنچى توم *


شەخس ۋە ئۆزئارا مۇناسىۋەت توغرىسىدا ............ 1405
گەپ ـ سۆز، تىل توغرىسىدا ................... 1429
سەپەر، ھەمراھلىق ۋە قاتناش توغرىسىدا ............ 1487
ئادەم ۋە ئۇنىڭ مىجەز ـ خۇلقى، تەبىئىتى توغرىسىدا ... 1507
كەمتەرلىك، ئىغىر ـ بېسىقلىق، ئاقىللىق، ئەخمەقلىق،
نادانلىق توغرىسىدا ......................... 1531
ھەق ـ ناھەق، ھالال ـ هارام، خۇشامەت، تەييارغا
ھەييارلىق توغرىسىدا ....................... 1579
پۇل ـ بايلىق، باي ـ كەمبەغەللىك توغرىسىدا ......... 1613
بېخىللىق، سېخىيلىق ۋە ئاچ كۆزلۈك توغرىسىدا ...... 1669

تەدبىركارلىق، پەم ـ پاراسەت، ئەقىلسىزلىك ۋە باشقا
بىر قىسىم ئىجتىمائىي ئەھۋاللار توغرىسىدا ............ 1711
قازى، موللا، پالچى، باخشى قاتارلىقلار توغرىسىدا ...... 1795
تەڭسىزلىك، غەلىتىلىك ۋە تاپا ـ تەنىلەر توغرىسىدا ... 1817
ئۆمۈر سىناقلىرى ۋە تەجرىبە ـ ساۋاقلار توغرىسىدا ... 1903
قىياسىي ئىبارىلەر، سىلىشتۇرۇشلار ۋە دارىتما
مەزمۇنلار توغرىسىدا ................................ 1967
ھايۋانات، نەرسىلەر ۋە ھادىسىلەر توغرىسىدا ............ 2051
قوشۇمچە (3):
«قۇتادغۇ بىلىك» داستانىدىكى ماقال ـ تەمسىللەردىن
تەرمىلەر ........................................ 2065
قوشۇمچە (4):
ئىدىقۇت خانلىقى دەۋرىدىكى ئاتىلار سۆزى ............ 2081
قوشۇمچە (5):
پايدىلانغان ماتېرىياللار ............................ 2091



# ئاتا - ئانا ۋە قىزلارغا - قىزلار توغرىسىدا

# ئا

ئات ــ ئاتىدىن،
ئادەم ــ ئانىدىن.

ئاتا ـ ئانا چۈمۈلىدەك يىغار،
بالا توخۇدەك چاچار.

ئاتا ـ ئانا يايرىسا باغ،
يۆلەنسە تاغ.

ئاتا ـ ئاناڭغا دېيەلمىسەڭ تۈۋرۈكۈڭگە يېزىپ قوي.

ئاتا ـ ئاناڭغا نېمە قىلساڭ،
بالىلىرىڭدىن شۇنى كۆرسەن.

ئاتا ـ ئاناڭنى باقمىساڭ،
بالاڭدىن تەمە قىلما.

ئاتا ـ ئاناڭنىڭ ھۆرمىتىنى قىل،
خەلقىڭنىڭ خىزمىتىنى قىل.

ئاتا ـ ئانىدىن يامانلىغان ئەقىلنىڭ يوقلۇقى،
تاماقتىن يامانلىغان قورساقنىڭ توقلۇقى.

ئاتا بالىسى يۇرت بالىسى.

ئاتا بىر، ئانا بىر، بالا توققۇز،
خۇيلىرى توقسان توققۇز.

ئاتا بىلەن قالغان شۇم يېتىم،
ئانا بىلەن قالغان گۈل يېتىم.

ئاتا تۈگۈلۈك يوچۇقى،
ئانا يوتقان يوپۇقى.

ئاتا دۇئاسىدا باغ كۆكلەر،
ئانا دۇئاسىدا ئەل كۆكلەر.

ئاتا رازى، ئانا رازى،
مۇھەممەد مۇستاپا رازى.

ئاتا رازى، ئانا رازى،
ئۇلاردىن ھەم خۇدا رازى.

ئاتا غەيرەتلىك بولسا،
بالا ئىبرەتلىك بولار.

ئاتا قارغىشى ئوق،
ئانا قارغىشى پوق.

ئاتا قىساسى بالىغا مىراس.

ئاتا كەسپى بالىغا مىراس.

ئاتا كەسپىنى تاشلىغان پېشانىسىنى قاشلاپتۇ.

ئاتا كەسپىنى خار قىلما،
ۋىجدانىسىزنى يار قىلما.

ئاتا كەسپى — دۆلەت كەسپى.

ئاتا كۆرگەن ئوق ئاتار،
ئانا كۆرگەن تون پىچار.

ئاتا كۆرگەن ئوق ياساپتۇ،
ئاتا كۆرمىگەن پوق (ياساپتۇ).

ئاتا كۆرگەننى ئەزىز بىل.

ئاتا كۆيەر بالىسىغا،
بالا كۆيەر بالىسىغا.

ئاتا مېھرى چىراغ،
ئانا مېھرى بۇلاق.

ئاتا نەسىھەتى ئالتۇندىن ئېغىر،
ئەستە تۇتمىغان كىشىنىڭ سۆڭگىچى يېغىر.

ئاتا ھۈنىرى ئوغۇلغا مىراس،
ئانا ھۈنىرى قىزغا (مىراس).

ئاتا ئوغلى رەھمەت ئالار.

ئاتا ئۆلۈپ بالا قالسا، مۇرادىغا يەتكىنى،
بالا ئۆلۈپ ئاتا قالسا، ئارمانى ئىچىدە كەتكىنى.

ئاتا ئۆينىڭ تۈۋرۈكى،
ئانا ئۆينىڭ يۈرىكى.

ئاتا ئىشقا بۇيرۇسا،
نامىزىڭنى بۇزۇپ ماڭ.

ئاتا يوللۇقتا ئاتتىن چۈش.

ئاتا ـ ئانا بالىنىڭ ئەينىكى.

ئاتا ـ ئانا تاغدەك پاناھ.

ئاتا ـ ئانا دۇئاسى ئوتقا، سۇغا پاتۇرماس.

ئاتا ـ ئانا دۆلىتىڭ،
پەرزەنتلىكىڭ سۆلىتىڭ.

ئاتا ـ ئاناڭغا چىنىدە بەرسەڭ،
پەرزەنتىڭ ساڭا تاغارلاپ بېرەر.

ئاتا ـ ئاناڭنى بېشىڭدا كۆتۈر،
بالىلىرىڭنى قولۇڭدا (كۆتۈر).

ئاتا ـ ئاناڭنىڭ چىرىغىنى ئۆچۈرمە.

ئاتا ـ ئانامدا بولغۇچە،
ئىلىقىنىمدا بولىسچۇ.

ئاتا ـ ئانىسى بارلار ياشارغان دەرەخ،
ئاتا ـ ئانىسى يوقلار سارغايغان دەرەخ.

ئاتا ـ ئانىسىنى تونۇمىغان، تەڭرىسىنى تونۇماس.

ئاتا ــ ئەقىل، ئانا ــ ئىدراك.

ئاتاڭ ئاتقان ياتاڭدا پاختىا ئات،
يۇمشىمىسا، تاشلىۋەتمەي يەنە ئات.

ئاتاڭ بار، ئاناڭ بار، بايلىقىڭ شۇ،
ئەتىگەندە بىرەر تاماق قايمىقىڭ شۇ.

ئاتاڭ بارىدا بىلىم ئال.

ئاتاڭ بارىدا يول ئىزدە.

ئاتاڭ بىلەن گەپ تالاشساڭ، تەستەك يەيسەن.

ئاتاڭ دۈشمىنىنى دوست تۇتما.

ئاتاڭ شوتا بولسا، ئاناڭ بالدىقى.

ئاتاڭ قىرىسا قۇل قىلما،
ئاناڭ قىرىسا تۇل قىلما.

ئاتاڭ كۆكبېشى بولغۇچە،
يېرىڭ باشتا بولسۇن.

ئاتاڭ ئۆلسە ئۆلسۇن،
ئاتاڭنى كۆرگەنلەر ئۆلمىسۇن.

ئاتاڭدىن دۇنيا قالغۇچە، ھۇنەر قالسۇن.

ئاتاڭدىن قالسا ئەرزان دېمىگىن،
قولۇڭدىن چىقىرىپ پۇشايمان يېمىگىن.

ئاتاڭغا مۇشت كۆتۈرمە،
يېتىمغا تاش (كۆتۈرمە).

ئاتاڭغا نېمە قىلساڭ،
بالاڭدىن شۇنى كۆرىسەن.

ئاتاڭمۇ يەر، ئاناڭمۇ يەر.

ئاتاڭنى كۆرسەڭ ئاتتىن چۈش.

ئاتاڭنى مىراب قىلغۇچە،
ئېرىقىڭنى چوڭقۇر چاپ.

ئاتاڭنى ئۇرما ئۇۋالى بار،
ئاخىرەتتە سوئالى بار.

ئاتاڭنىڭ چار بېغىدا قالغۇچە،
ئاناڭنىڭ ئويمىقىدا قال.

ئاتاڭنىڭ دۈشمىنىنى ئۆزۈڭگە دوست تۇتما.

ئاتاڭنىڭ قېشىدا قالغۇچە،
ئاناڭنىڭ قېشىدا قال.

ئاتاڭنىڭ نەسىھەتىدە تېغىڭ كۆكلەر،
ئاناڭنىڭ نەسىھەتىدە بېغىڭ (كۆكلەر).

ئاتاڭنىڭ ئۆلگىنى — تېغىڭنىڭ كۆچكىنى،
ئاناڭنىڭ ئۆلگىنى — چىرىغىڭنىڭ ئۆچكىنى.

ئاتاڭنىڭ ئىززىتىنى قىل،
ئاناڭنىڭ خىزمىتىنى قىل.

ئاتاڭنىڭ ئىزىنى باساي دېسەڭ،
ئۆزۈڭگە ئىزچى تەييارلا.

ئاتاڭ — تارازا، ئاناڭ — تارازا.

ئاتامدىن قالغان دۇنيانى،
كونا كەتمەن يەپ بولدى.

ئاتامنىڭ تاپقىنى ئانامنىڭ بارىكاللىسىغا يەتمەپتۇ.

ئاتامنىڭ ئۆلگىنى ئانامغا ياراشتى،
تەلپىكىنى ئىتلار تالاشتى.

ئاتامنىڭ ئۆلۈشىنى بىلسەم،
بەش تاۋاق كېپەككە سېتىپ يەيتتىم.

ئاتمىشقا يەتكەن ئاتىدىن ئاش سورىما.

ئاتىدىن قالغان دۇنيانى كونا كەتمەن يەپ بولدى.

ئاتىغا بېقىپ ئوغۇل،
ئانىغا بېقىپ قىز.

ئاتىدىن ھىممەت،
ئوغۇلدىن خىزمەت.

ئاتىدىن — ئوغۇل،
ئانىدىن — قىز.

ئاتىسى «كورت» ئەتسە، بالىسى پوق ئېتىپتۇ.

ئاتىسى ئاتالمىغان قوڭغۇزنى،
بالىسى ئېتىپتۇ توڭغۇزنى.

ئاتىسى باشقا ئات بەرمەس.

ئاتىسى بۇدۇشقاقنىڭ ئوغلى ئۇرۇشقاق،
ئانىسى بۇدۇشقاقنىڭ قىزى بۇدۇشقاق.

ئاتىسى بۇزۇقنىڭ بىرى بۇزۇق،
ئانىسى بۇزۇقنىڭ بەرى بۇزۇق.

ئاتىسى تىككەن كۆچەت بالىسىغا سايە تاشلاپتۇ.
ئاتىسى غورا يېسە، بالىسىنىڭ چىشى قاماپتۇ.

ئاتىسى قۇل بولسا، بالىسى باي بولۇر.

ئاتىسى ئويلاپ يۈرىدۇ،
بالىسى ئويناپ يۈرىدۇ.

ئاتىسى ئۆلگەن ئالتە يىل يىغلار،
ئانىسى ئۆلگەن ئاتمىش يىل (يىغلار).

ئاتىسى ئۆلگەن تېغىدىن ئايرىلىپتۇ،
ئانىسى ئۆلگەن بېغىدىن ئايرىلىپتۇ.

ئاتىسى ئۆلگەنگە يەتتە يىل ئەگەش.

ئاتىسى ئۆلگەننى يەتتە يىل نەس بېسىپتۇ.

ئاتىسى ئۆلگەننىڭ ياقىسى يىرتىق.

ئاتىسى ئۆلگەننىڭ بېشىنى سىيلا.

ئاتىسىدىن قارغىش ئالغان ئىلگىرى باسماس.

ئاتىسىز بالا — قۇلۇپسىز ئىشىك.

ئاتىسىز ئوغۇلنىڭ ئېغىزى چوڭ.

ئاتىسىغا يول قويغان سودىگەر پايدا تاپالماس.

ئاتىسىنى بالىسى دوراپتۇ،
گەپ ئاڭلىتالماي ئانىسى جوراپتۇ.

ئاتىسىنى تونۇمىغاننىڭ يېگىنى هارام.

ئاتىسىنى رەنجىتكەن ئەل ئىچىدە خار بولار.
ئانىسىنى رەنجىتكەن پارچە نانغا زار بولار.

ئاتىلار سۆزى ــ ئالماس.

ئاتىلار سۆزى ــ ئەقىلنىڭ كۆزى.

ئاتىلار سۆزى ــ ئۇزۇكنىڭ كۆزى.

ئاتىلىق ئوغۇل ــ بەختلىك ئوغۇل.

ئاتىلىق ئوغۇل ــ غوجىلىق ئوغۇل.

ئاتىلىق يېتىم ــ كۇل يېتىم،
ئانىلىق يېتىم ــ گۇل يېتىم.

ئاتىنىڭ پەزىلىتى ــ ئوغۇلغا مىراس.

ئاتىنىڭ تەدبىرى ــ بالىنىڭ تەقدىرى.

ئاتىنىڭ كۆڭلى ئاغرىسا يەر تىترەر،
ئانىنىڭ كۆڭلى ئاغرىسا ئۆت تىترەر.

ئاتىنىڭ هورى ــ بالىنىڭ دولىسىنى ئىسسىتماس.
ئاتىنىڭ ئىلمى بىلەن ئالىم بولماس.

ئاچلىقتىن ئۆلسەڭمۇ، ئاتا ـ ئاناڭنى تاشلىما.

ئاخىرەتتىن ئارتۇق بازار يوق،
نەپسىڭدىن ئارتۇق بالا يوق.

ئارپا تاپساڭ ئاتقا بەر، سامان يېسۇن كالىلار،
تاپقىنىڭنى ئۆزۈڭ يە، ئىشلەپ يېسۇن بالىلار.

ئارقا تېمىڭ ئۆللۈق بولسا،
مۈشتۈمۈڭ بازغان بولۇر.

ئازنىدا ئاناڭغا باق،
يەكشەنبىدە ئاتاڭغا (باق).

ئالتە كۈن ئاچ قالساڭمۇ،
ئاتا ئادىتىنى قويما.

ئانا ئايىغىدا جەننەت بار،
ئاتا ئايىغىدا دۆلەت بار.

ئانا بىلەن ئۆي ئاۋات،
ئاتا بىلەن ئەل ئاۋات.

ئانا قىلسا زورلۇقنى،
بالا تارتار خورلۇقنى.

ئانا مېھرى بۇلاق،
ئاتا مېھرى چىراق.

ئاناڭ بولمىسا قازاندىن ئاش چىقماس.

ئاناڭ ئۆگەي بولسا،
ئاتاڭ ئۆزۈڭنىڭ بولماس.

ئاناڭدىن ئاڭلىغاننى ئاتاڭغا ئېيتما.

ئاناڭمۇ بازار،
ئاتاڭمۇ بازار.

ئاناڭنى ئاتاڭغا پەردازسىز كۆرسەتمە.

ئاناڭنى ئاتاڭغا يامانلىما.

ئاناڭنى جاھان بىلسەڭ،
ئاتاڭنى خاقان بىل.

ئاناڭنى كىم ئالسا ئاتاڭ شۇ.

ئانىسى بالىسىنى داڭلاپ كەلسە،
بالىسى ھاڭراپ كەپتۇ.

ئانىسى پۇچۇقنىڭ بىرسى پۇچۇق،
دادىسى پۇچۇقنىڭ ھەممىسى پۇچۇق.

ئانىسى تاشلىغان تاينى بۆرە يەيدۇ،
ئېلى تاشلىغان ئەرنى گۆر يەيدۇ.
ئانىسى پۇتمىسە، قىزى پۇتمەس.

ئانىسى ساغلام بولسا، بالىسى پاقلان بولۇر.

ئانىسى غادايغانغا ئامراق،
قىزى ياسانغانغا (ئامراق).

ئانىسى ماختىغان قىزدىن قاچ.

ئانىسىنى تاشلاپ، سەدىقە بەرگىلى غېرىب ئىزدەپتۇ.

«ئانا»دىن ياخشى، ئۇلۇغ سۆز يوقتۇر.

ئانىغا يىغا، بالىغا كۈلكە.

ئانىلىق ئۆينىڭ ئارى بار،
ئاتىلىق ئۆينىڭ زارى بار.

ئانىنىڭ ئاچچىق سۆزى پەرزەنتىنىڭ ئەقىل كۆزىنى ئاچار.

ئانىنىڭ ئادىتى قىزىغا ئۆلگە.

ئانىنىڭ كۆڭلى بالىدا،
بالىنىڭ كۆڭلى دالىدا.

ئانىنىڭ يۈرىكى كۆيىدۇ،
ئاتىنىڭ يىلىكى (كۆيىدۇ).

## ئە

ئەجدادلار تىككەن دەرەختە ئەۋلادلار سايىدار.

ئەجدادلار ئۇچۇن ياش تۆك،
ئەۋلادلار ئۇچۇن تەر تۆك.

ئەسكى چاپان كىيسىمۇ،
ئاتا سۆزىگە قۇلاق سال.

## ب

باغدا ئۆسكەن گىلاسىم،
ئاتامدىن قالغان مىراسىم.

بالا باقساڭ بالاسىنى ئۇنتۇما،
ئۆيگە كىرسەڭ تالاسىنى ئۇنتۇما.

بالا باققان كەپتەرنىڭ مەيدىسىنىڭ تۈكى يوق.

بالا خىزمەتتە،
ئاتا ئىززەتتە.

بالا كۆرگىنىنى قىلار،
ئاتا بىلگىنىنى (قىلار).

بالا لاي، ئانا كۆلال.

بالام ئۆلسە خۇدايىم بېرەر،
ئانام ئۆلسە كىم (بېرەر).

بالاڭ ئۇرغان زىيانغا يىغلىما،
بالاڭغا يېتىدىغان زىيانغا يىغلا.

بالىسى بارنىڭ قورسىقى چويلا،
بالىسى يوقنىڭ قورسىقى كويلا.

بالىسىنى ماختىغان ئانىدىن قورق.

بالىلىقنىڭ نەپسى چويلا،
بالىسىنىڭ نەپسى كويلا.

بەل تۇتۇشساڭ، ئاتاڭنىمۇ ئايىما.

بورقىراق تۆگە ـــ نارىڭ،
بورقىراق ئاتا ـــ مادارىڭ.

بوۋاڭنىڭ گېپىگە كىرسەڭ روناق تاپىسەن،
گېپىنى يىرساڭ زاۋال (تاپىسەن).

بۆشۈكنى تەۋرەتكەن ئالەمنى تەۋرىتەر.

بىر ئاتا ئون بالىنى باقار،
ئون بالا بىر ئاتىنى باقالماس.

بىر ئانىدىن ئارغامچىمۇ چۈشىدۇ،
توقۇناقمۇ چۈشىدۇ.

بىر ئۆينىڭ مۈڭگۈزىگە ئۇرسا،
مىڭ ئۆينىڭ مۈڭگۈزى سىرقىرار.

## پ

پاقا قىرىسا قەبرە باقار،
ئانا قىرىسا نەۋرە باقار.

پۇل يىغار مېنىڭ ئاتام،
سىرقىرار مېنىڭ يوتام.

پۇلدارنىڭ ئاتا ـ ئانىسى بولماس.

پېلەك يۈزى كۆرمىگەن خەمەك يۈزى كۆرمەس.

پېلەككە بېقىپ خەمىكى.

پىلە قۇرتى يىپەك ئۈچۈن جان بېرەر.

پىيازنىڭ كۆكىگە قارىما، بېشىغا قارا،
ئۆگەينىڭ گېپىگە قارىما، ئىشىغا (قارا).

## ت

تاز بولسىمۇ مېنىڭ ئاتام.

تاغ يەردىن ئۈسۈپ چىقار،
ئادەم ئاتا ـ ئانىدىن.

تاي ئات بولسا، ئات تىنار،
ئوغۇل چوڭ بولسا، ئاتا (تىنار).

تۇلپار بىيەدىن تۇغۇلار،
مەرد ئانىدىن (تۇغۇلار).

تىرىكلىكىدە قىلمىدىڭ ياد،
ئۆلگىنىدە نېمە قىلىسەن پەرياد؟

## ج

جەننەت نەدە؟
ئانا بار يەردە.

## چ

چاينىڭ ئاخىرىنى ئاتاڭغىمۇ بەرمە.

چوڭنىڭ ئەقلى چوڭ بولۇر،
قىلغان ئىشى ئوڭ بولۇر.

چېچەن ئوغۇل ساقلار ئاتا مالىنى،
گالۋاڭ ئوغۇل چاچار ئاتا مالىنى.

چىرىغىڭ ئۆچسە ئۆچسۇن،
ئاتاڭنىڭ روھى ئۆچمىسۇن.

## خ

خاماندا ئۇرۇق قالار،
ئاتىدىن نەسىل(قالار).

خەقنىڭ ئاتىسى بەگ بولسىمۇ، ئۆز ئاتاڭغا يەتمەيدۇ.

خەمەك پېلەكتىن يىراق چۈشمەس.

خىزمەت قىلساڭ ئاناڭغا،
ئىشىڭ چۈشەر ئاسانغا.

## د

دادا بولماي دادا دەردىنى بىلمەس،
ئانا بولماي ئانا قەدرىنى بىلمەس.

دادا تاپقىنىنى ئانا باقىدۇ.

دادا دېگەن تاغ،
ئانا دېگەن باغ.

دادا سۆزى ئوق،
ئانا سۆزى ئوزۇق.

داداڭ بولمىسا موردىن تۈتۈن چىقماس.

داداڭغا قىلساڭ، بالاڭدىن تارتىسەن.

داداڭنىڭ قېرىغىنىنى ئاناڭدىن سورا.

داداڭنىڭ مال ـ دۇنياسى بىلەن قالغىچە،
ئاناڭنىڭ قازان ـ قومۇچى بىلەن قال.

دادام بازارغا يېقىن، ئانام مازارغا (يېقىن).

دادام پالۋان، ئۆزۈم قاسساپ.

دادام جاپادا، ئۆزۈم تامادا.

دادام مازارغا شەيخ،
مەن تەييارغا شەيخ.

دادامغا يوق پۇرچاق، ئانامغا نەدە.

دادىسى ئۆلگەن يىلاننىڭ يەتتە يىل بېشى ئاغرىپتۇ.

دادىسىنى خورلىغان داردا ئۆلەر،
ئانىسىنى خورلىغان ياردا ئۆلەر.

داستىخان سال، كۆرپە تالاش،
ئەجىر قىل، پۇل تالاش.

دالىنىڭ ئاسمىنىغا ئىشەنگۈچە،
داداڭنىڭ غارىغا ئىشەن.

دەرەخكە بېقىپ مېۋىسى،
ئاتا ـ ئانىغا بېقىپ بالىسى.

ر

رازى قىلاي دېسەڭ ئاتا ـ ئانىنى،
بولما ھەرگىز پەرزەنتىنىڭ يامىنى.

## ز

زالىمنىڭ ئوغلى بولغىچە،
ئالىمنىڭ قولى بول.

زېرەك ئانا قىشتا ئوت،
يازدا مۇز ساقلار.

زېرەك پەرزەنت ئاتىسىنى بېشىدا كۆتۈرەر.

## س

سەۋەبنى ئاتىدىن ئىزدە،
نۇقسانىنى بالىدىن (ئىزدە).

سۇغا بېقىپ تال ئۆسەر،
ئانىغا بېقىپ قىز (ئۆسەر).

سېمىز قوزىنىڭ گۆشى ياخشى،
ئاقىل ئانىنىڭ قىزى.

## ش

شال سۈغا قانماس،
ئاتا بالىغا (قانماس).

شورلۇق يەرنىڭ ئاسمىنىدىكى بۇلۇتنىڭ ھالىغا ۋاي.

شۇڭقارنىڭ بالىسىمۇ شۇڭقار بولار.

## غ

غەيرەت قىلدىڭ، خوپ قىلدىڭ،
مىننەت قىلدىڭ، يوق قىلدىڭ.

غورىنى ئانىسى يېسە، قىزىنىڭ چىشى قاماپتۇ.

## ق

قايتىپ كېلەر ئىكەن كەتكەنلەر،
كەلمەس ئىكەن كەتمەنلەنگەنلەر.

قوزا قوچقاردىن نىشان،
ئوغۇل ئاتىدىن (نىشان).

قۇل ئاتىسىنى بىلمەس.

قېرى بىلگەننى پەرى بىلمەس.

قېيىنئاتىسىنى كۆرسە، كەتمەن چېپىپتۇ.

قېيىنئاتىمۇ ئاتا،
قېيىنئانىمۇ ئانا.

قېيىنئانام كەلسە كەلسۇن،
بۆز خالتىسى كەلمىسۇن.

قېيىنئانامنىڭ ئىتى قېيناتام تەرەپكە قاۋايدۇ.

قېيىنئانىنىڭ نېنىنى يېيىش ئۇچۇن قۇلىقىڭنى گاس، كۆزۈڭنى كور قىل.

قېيىنئانامنىڭ گېپى يامان،
قېيىنئىگىچەمنىڭ پوقى (يامان).

قېيىنئانىنىڭ نېنىنى يېيىش ئۇچۇن تۆمۈر چىش كېرەك.

قىز بەرسەڭ ئاتىسىغا قاراپ بەر،
قىز ئالساڭ، ئانىسىغا قاراپ ئال.

قىز تىزگىنى ئانىدا،
ئوغۇل تىزگىنى ئاتىدا.

ك

كەمچىلىكىڭنى دېگەننى ئاتاڭدەك بىل.

كۆڭلۈڭنى پۈتۈن قىلغان ئانا ئاقساق ئەمەسمۇ؟
نېنىڭنى پۈتۈن قىلغان سالۋا تۇماق ئەمەسمۇ؟

كۆرەش بىلمىگەن ئاتىسىنى يىقىتار.

كىشىنىڭ قاشلىغىنىدىن،
ئۆز ئاناڭنىڭ مۇشتلىغىنى ياخشى.

گ

گەپ كەلگەندە، ئاتاڭنى ئايىما.

ل

لاتاڭغا قارىغۇچە ئاتاڭغا قارا،
هارۋاڭغا قارىغۇچە كاتاڭغا قارا.

## م

ماتا داڭقى بىلەن بوز ئۇتىدۇ،
ئاتا داڭقى بىلەن قىز ئۇتىدۇ.

مەن ئەزىز، ئاتام مەندىن ئەزىز.

مەن كۆيەرمەن بالامغا،
بالام كۆيەر بالىسىغا.

مۇشۇكۇمنىڭ پۇلى يوق، گۆشكە ئامراق،
قېينئانامنىڭ چىشى يوق تۆشكە ئامراق.

مېھرنىڭ باھاسى بولماس،
ئاتا - ئانىنىڭ قېرىسى (بولماس).

مىڭلاپ يىڭنە يىغساڭمۇ توگمە بولماس،
مىڭ ھاممىنى يىغساڭمۇ ئانا بولماس.

## ن

نامەردنىڭ بالىسى بولغىچە،
مەردنىڭ كالىسى بول.

نامرات بولسمۇ، ئاتاڭدىن نومۇس قىلما.

نىيىتى بۇزۇق ئاتىسىدىنمۇ ئەيىب ئىزدەر.

## ھ

ھەممە قەغەز لاتا بولماس،
قېيىنئاتا ئاتا (بولماس).

## ئو

ئوغاق تۇتۇپ ئاتاڭ قالغۇچە،
ئويماق تۇتۇپ ئاناڭ قالسۇن.

ئوغۇل ئاتىسى مەرد بولسا،
قىز ئاتىسى بىچارە.

ئوغۇل ئاتىسىغا ئوخشىمىسا، قېنى ھارام.

ئوغۇل ـ قىز ياخشى بولسا،
ئاتا ـ ئانا خۇرسەن بولۇر.

## ئۇ

ئۇچاق قىچىشمىسا تۇگمەن ئالدىغا بارما،
گەپكە گەپ كەلگەندە ئاتاڭدىن قالما.

ئۇرۇقىنى بىلمىگەن ئۆزى بىر تەلۋە.

ئۇستا ئالدىدا قولۇڭنى يىغ،
ئاتا ئالدىدا تىلىڭنى (يىغ).

ئۇينىڭ مۈڭگۈزىگە ئۇرسا، تۇيىقى سىرقىرار.

## ئۆ

ئۆز ئاناڭ ئۆلدى كەلمەيدۇ،
ئۆگەي ئاناڭ ئاسان ئۆلمەيدۇ.

ئۆز ئانىسىغا ئايجان دەپتۇ،
قېيىنئانىسىغا ۋايجان(دەپتۇ).

ئۆزۈڭنى قول قىل،
ئاناڭنى قول قىلما.

ئۆگەي ئاتا نان بەرمەس،
نان بەرسىمۇ جان بەرمەس.

ئۆگەي ئانا ئوتتىن ئاچچىق.

ئۆگەي ئانىنىڭ قۇشلىغىنىدىن،
ئۆز ئاناڭنىڭ مۇشتلىغىنى ياخشى.

ئۆگەيلىك ئانىدىن ئەمەس، بالىدىن.

ئۆگەينىڭ دەردى يامان.

ئۆگەينىڭ سۆيگىنى — چىشلىۋالغىنى.

ئۆگەينىڭ ئېتى قۇرۇسۇن،
ئاپتاپتا يېتىپ كۆتى(قۇرۇسۇن).

## ئۇ

ئۇنچە ـ مارجان تاش ئىكەن، ئارپا ـ تېرىق ئاش ئىكەن.
ئاتا ـ ئانا ئېيتقىنى يالغان ئەمەس، راست ئىكەن.

## ۋ

ۋاپا قىلساڭ ئاتاڭغا،
ئىنساب بېرەر بالاڭغا.

ۋىجدانلىق ئوغۇل گەپتە ئازسىمۇ، ئاتىسىنى ساتماس.

## ئې

ئېچىرقىغان ئاتىسىنى تونۇماس.

ئېسىل رەختنىڭ باھاسى بولماس،
ئاتا ـ ئانىنىڭ قېرىسى (بولماس).

## ئى

ئىچ سىرىڭنى ئاتاڭغىمۇ ئېيتما.

## ي

يامغۇر ياغسا تۆكلۈك ھۆل بولۇر،
ئاتاڭ ئۆلسە ئۆيۈڭ چۆل بولۇر.

يەلكە يېغىرى ئاتىغا مىراس،
ئاتا يېغىرى ئوغۇلغا مىراس.

يوقسۇزلۇقتىن ئارتۇق قازا يوق.

يېتىم بالا يەتتە يىلدا ئۇيالدۇرار.

يېتىم بولماي، ئاتا قەدرىنى بىلمەس.

يىپەك ساقلاشنى بىلمىگەن يۇڭ ئېتەر،
قىز ساقلاشنى بىلمىگەن ئاھ يۇتار.

يىغلىغۇسى كەلگەن بالا ئاتىسىنىڭ ساقىلىنى ئوينار.





# ئۆي - ئائىلە، مۇھەببەت، نىكاھ، ئەر - خوتۇن توغرىسىدا

# ئا

ئات ئازسا تايغا ئەگمشەر،
خوتۇن ئازسا بايغا (ئەگمشەر).

ئات ئالساڭ ئاي كېچەش،
خوتۇن ئالساڭ يىل كېچەش.

ئات ئالساڭ بويىنى كۆر،
خوتۇن ئالساڭ خۇيىنى (كۆر).

ئات ئالساڭ يېقىندىن ئال،
خوتۇن ئالساڭ يىراقتىن ئال.

ئات چىشى بىلەن قەدىرلىك،
ئەر ئىشى بىلەن قەدىرلىك.

ئات ئورۇقلۇقتا بۇزۇلىدۇ،
خوتۇن غېرىبلىقتا (بۇزۇلىدۇ).

ئات ئۆلۈپ ئەر قاپتۇ،
ئەر ئۆلۈپ ئەل (قاپتۇ).

ئات ئېگىرى بىلەن،
چوكان كىيىمى بىلەن.

ئاتقا ئىشىنىپ ئاتلانما،
خوتۇنغا ئىشىنىپ شادلانما.

ئاتنى قومۇلۇق ئوڭلايدۇ،
خوتۇن كىشىنى تۇللۇق (ئوڭلايدۇ).

ئاتنىڭ تىزگىنىنى بوش تۇتساڭ ئويناقلار،
خوتۇننىڭ تىزگىنىنى بوش تۇتساڭ نايناقلار.

ئاتنىڭ ياخشىسى تورۇق،
خوتۇننىڭ ياخشىسى ئورۇق.

ئاتنىڭ يامىنى ئالا،
ئايالنىڭ يامىنى بالا.

ئاتىسى بۆلەكنى قودا قوشار،
ئۆيۈرى بۆلەكنى نوختا (قوشار).

ئاخشاملىقتا قوي سويسا دۇانە كاۋاب دەيدۇ،
ئەسكى خوتۇننى جىق ئۇرسا ساۋاب دەيدۇ.

ئاخشىمى ئېيتقان سۆز خوتۇننىڭ راست،
كۈندۈزى ئېيتقان سۆز ئەرنىڭ راست.

ئاخۇنۇمغا مەسە ئوبدان،
بۇ خېنىمغا بەرسە (ئوبدان).

ئارپا تاپساڭ ئاتقا بەر،
قىزىڭ بولسا ياتقا (بەر).

ئاشقا پۇرچاق، نانغا تۇز،
ھەركىمنىڭ يارى ئۆزىگە ئۇز.

ئاشكاردا ئاش ياخشى،
پىنھاندا ئاداش (ياخشى).

ئاشناڭغا ئىشىنىپ ئەرسىز قالما.

ئاشنى سىڭگەندە ماختا،
خوتۇننى ئۆلگەندە (ماختا).

ئاشىق بولساڭ ئۆلۈمدىن قورقما.

ئاشىق بولماق ئاسان، ئايرىلماق تەس.

ئاشىقتا كۆز يوق،
مەشۇقتا سۆز (يوق).

ئاشىقىڭغا نەزەر قىل، كۆز يېشىدىن ھەزەر قىل.

ئاغرىق تۇزۇلگۈچە،
مۇھەببەت ئۈزۈلگۈچە.

ئاق سۆيدۈرەر،
قارا كۆيدۈرەر.

ئالته خوتۇن بىر ئۆيدە بولسا،
ئېشەك تېزىكى تۆرگە چىقىپتۇ.

ئالتۇنلۇق ئۆيدىن كۆڭۈلنىڭ تىنچلىقى ياخشى.

ئالدىرىغان خوتۇن ئېرىگە سالام قىلار.

ئالدىرىغان قالار،
بۇيرۇغان ئالار.

ئالدىرىغان قىز ئەر تاللىماس.

ئالدىرىغان قىز ھەمراھ تاپالماس.

ئالدىرىغانغا ئۆز بولدى،
قېرىغاندا قىز (بولدى).

ئاللا ـ ئاللىسىغا قىزىم كەتتى،
باركاللىسىغا ئېشىم (كەتتى).

ئامانەتنى خار قىلغان ئايال ئەر ئالدىدا گۇناھكار،
ئامانەتكە خىيانەت قىلغان ئەر بالىلىرى ئالدىدا گۇناھكار.

ئاناڭنى ئاتاڭغا پەردارسىز كۆرسەتمە.

ئانىسىغا بېقىپ قىز ئال،
قازانغا بېقىپ ئاش سال.

ئانىسىنى ئالتۇنغا ئال،
قىزىنى كېپەككە (ئال).

ئاي ئۆتمەي ئېتىگىنى ماختىما،
يىل ئۆتمەي خوتۇنۇڭنى ماختىما.

ئاي يۈزلۈككە خال يارىشار،
قىز بالىغا ناز (يارىشار).

ئاي يۈزىگە خال يارىشىپتۇ،
قىز خۇلقىغا ناز (يارىشىپتۇ).

ئايال خەقنىڭ يۇرتى يوق.

ئايال سورىغان شەھەر چۆل قاپتۇ.

ئايال قىزغانسا بۇلاپ ـ تالاپ يېگۈلۈك،
ئەر قىزغانسا، ئىتتىك قوپۇپ كەتكۈلۈك.

ئايال كىشى دۇنيانى قورقۇتار.

ئايال كىشى لاپقا ماڭار،
ئۇستىرا كاپقا (ماڭار).

ئايال كىشى ئۆيدە ئاچ قالماس،
موزاي سامانلىقتا (ئاچ قالماس).

ئايال كىشىنى ئۇچۇرۇپ تۇر.

ئايال كىشىنىڭ چېچى سۈپۈرگە، قولى كۆسەي.

ئايال كىشىنىڭ دۇنياسى — ساداقەتمەن ئەر كىشىدۇر.

ئايال يورىدۇ، خېرىدارسىز،
ئەر يورىدۇ ئىنجاسىز.

ئايالسىز ئۆينىڭ تەمى يوق،
ئەرسىز ئۆينىڭ دەمى (يوق).

ئايالغا ئەر كېرەك،
دېھقانغا يەر (كېرەك).

ئايالنىڭ قىلغىنى ئەرگە بولىدۇ،
ئەرنىڭ قىلغىنى يەرگە (بولىدۇ).

ئايالنىڭ كەينىگە قارىشى،
ئەرنىڭ يەرگە قارىشى.

ئايالنىڭ كۈچى كۆز يېشىدا.

ئايالنىڭ ئوردىغا چىققىنى — ئىشىنىڭ بۇزۇلغىنى.

ئايالنىڭ ئىپپىتى — ئەرنىڭ زىننىتى.

ئايالنىڭ يېشىنى بىلىش تەس،
ئەرنىڭ قېرىسىنى بىلىش (تەس).

ئايالى سوقۇشقاق ئادەم ئالەمنىڭ تىنچلىقىنى بىلمەس.

ئايالى گۇمانخور بولسا،
ئېرى يالغانچى كېلۇر.

ئايالىڭ دۇشمەن بولسا،
مىڭ دۇشمەندىن يامان.

ئايالىڭ ھۆرۈن بولسا،
ئاق ئۈندا يوبدان ئېتەر.

ئايالىڭغا بالاڭ يوق يەردە ئەقىل كۆرسەت،
بالاڭغا ئادەم يوق يەردە ئەقىل (كۆرسەت).

ئايالىڭغا چىرايىڭنى بەر، كۆڭلۈڭنى بەرمە.

ئايالىڭنى دەپ ئاناڭنى ئۇنتۇما.

ئايالىڭنى قېرىتاي دېسەڭ،
ھۆل ئوتۇن ئېلىپ بەر.

ئايال ـــ ئات،
ئەر ـــ چەۋەنداز.

ئايال ـــ ئەرنىڭ يۈگىنى.

ئايدا كاككۇك،
يىلدا زەينەپ.

# ئە

ئەتىگەندە ئۆي سۈپۈرمىسە كەچكىچە پۇشايمان،
ياشلىقىدا ئەرگە تەگمىسە ئۆلگۈچە (پۇشايمان).

ئەخلاقسىز خوتۇن تۇزسىز ئاش.

ئەر ئالمىغان خوتۇن بۇزۇلغان گۆش.

ئەر تاللاپ تاز قاپتۇ،
چاپان تاللاپ ماز (قاپتۇ).

ئەر تاللاپ مازغا ئۇچراپتۇ،
خوتۇن تاللاپ تازغا (ئۇچراپتۇ).

ئەر خوتۇن كىشىنىڭ «كەت» خۇداسى.

ئەر دېگەن يېرىم خۇدا.

ئەر غېرىب بولسا ناخشىچى بولۇر،
خوتۇن غېرىب بولسا يىغلاڭغۇ (بولۇر).

ئەر قانىتى ئات.

ئەر قەيەردە بولسا، خوتۇن شۇ يەردە.

ئەر قېرىسا پىلىك ئېشەر،
خوتۇن قېرىسا غوزا تېشەر.

ئەر قېرىسا توڭغاق بولۇر،
ئايال قېرىسا دوڭغاق (بولۇر).

ئەر قېرىسا جاڭجالچى بولۇر،
خوتۇن قېرىسا يالغانچى (بولۇر).

ئەر قېرىسا قىز ئالار،
قىز قېرىسا كىم (ئالار).

ئەر قېرىسا كۆچىدىن قالار،
ئايال قېرىسا كۆنچىلىكتىن قالار.

ئەر قېرىسا كۆچىدىن قالار،
خوتۇن قېرىسا ئېسىدىن(قالار).

ئەر قېرىغىنىنى بىلمەس،
خوتۇن قويغىنىنى (بىلمەس).

ئەر قىلسا بالىغا زىيان،
خوتۇن قىلسا ئۆيگە (زىيان).

ئەر كۆكەرسە يەر كۆكىرەر،
يەر كۆكەرسە ئەل (كۆكىرەر).

ئەر كۆكەرسە، يۇرت كۆكىرەر.

ئەر كۆكتىن چۈشكەن ئەمەس، ئايال ئۇنىڭ ئانىسى،
ئايال يەردىن ئۈنگەن ئەمەس، ئەردۇر ئۇنىڭ ئاتىسى.

ئەر كۆڭلىسە ئۆي تۈزۈلەر،
ئايال كۆڭلىسە ئۆي بۇزۇلار.

ئەر كىشى بۇزار،
خوتۇن كىشى تۈزەر.

ئەر كىشى بېلىدىن قېرىيدۇ،
خوتۇن كىشى گېلىدىن (قېرىيدۇ).

ئەر كىشى تۆشۈككە ئارىلاشسا،
سۈپۈرىسىدا ئۇن قالماس.

ئەر كىشى تۈگۈلۈك ياپقۇچ،
ياخشى خوتۇن كۆڭۈل ئاچقۇچ.

ئەر كىشى چۇمۇلىدەك يىغىدۇ،
خوتۇن كىشى توخۇدەك چاچىدۇ.

ئەر كىشى قېرىسا، هويلا ـ ئارانغا هېزى بولىمىش.

ئەر كىشى نامرات بولسا بولسۇن، قەرزدار بولمىسۇن.

ئەر كىشى ئۆيدە بىرنىڭ، تالادا مىڭنىڭ.

ئەر كىشى ئۆينىڭ تۈۋرۈكى،
خوتۇن كىشى ئىشىك ئىلغۇچىكى.

ئەر كىشى يوق ئۆي تۈۋرۈكى يوق قوتان.

ئەر كىشىدىن يىگىنە سورىماڭ،
خوتۇن كىشىدىن تىغ (سورىماڭ).

ئەر مالسىز بولماس،
يىگىت يارسىز (بولماس).

ئەر نەدە بولسا،
خوتۇن شۇ يەردە.

ئەر نەدە بولسا،
ئېنى شۇ يەردە.

ئەر ئوتتۇز يىلدا يېتىلەر،
ئات توققۇز يىلدا (يېتىلەر).

ئەر ئۆز ئېلىدا ياخشى،
گۈل ئۆز يېرىدە (ياخشى).

ئەر ئۆزى ئۈچۈن تۇغۇلۇپ،
ئېلى ئۈچۈن ئۆلەر.

ئەر ئۆلسە ئېتى قالار،
ئات ئۆلسە ئېگىرى (قالار).

ئەر ئېيتماس،
ئېيتسا قايتماس.

ئەر ئىشچان بولسا، چۈمۈلىدەك تىرىشىپ تاپار،
خوتۇن ھۈرۈن بولسا، توخۇدەك چاچار.

ئەر ئىنسابلىق بولسا،
خوتۇن ۋاپادار بولۇر.

ئەر ياخشى،
يەر ياخشى.

ئەر ـ خوتۇن ئارىسىغا كىرگۈچە،
قىلىچ بىلەن قىلىچ ئارىسىغا كىر.

ئەر ـ خوتۇن دەۋاسى ياستۇققىچە.

ئەر ـ خوتۇننىڭ ئۇرۇشۇشى بىر چۆگۈن سۇ قاينىغۇچە.

ئەردىن ئايرىلساڭمۇ، ئەلدىن ئايرىلما.

ئەردىن ئايرىلغان خوتۇن بۇلبۇلسىز باغ.

ئەردىن تاپالمساڭ، ئەلدىن تاپارسەن.

ئەردىن چىققان ئەرگە ئامراق،
يەردىن چىققان يەرگە (ئامراق).

ئەرسەك ئەرگە تېگەلمەس،
ئالدىراڭغۇ ئۆيگە يېتەلمەس.

ئەرسىز باغنىڭ گۈلى توزار،
بۇلبۇلى ئۇزار.

ئەرسىز خوتۇن يۇگەنسىز ئات.

ئەرسىز خوتۇننىڭ هالىغا ۋاي.

ئەركەكنىڭ كۆڭلى ئالەمچە بار.

ئەركەكنىڭ يېشى ئىچىگە ئاقار.

ئەركىلەتكىنىڭ قانچىلىك بولسا،
ئىسسىتقىنىڭ شۇنچىلىك.

ئەركىنلىكى يوق ئادەم باغلاقتىكى قوي.

ئەرگە باتىنسا ئانىسى،
هەددىدىن ئاشار بالىسى.

ئەرگە بىر نۆۋەت،
يەرگە مىڭ نۆۋەت.

ئەرگە تەسلىم بولماي،
يەرگە تەسلىم بول.

ئەرگە تەگكۈچە گۈزەل،
تويدىن كېيىن لايغەزەل.

ئەرگە تەگمىسىلا قىز دېمە،
تەمىنى تېتىماي تۇز (دېمە).

ئەرگە خوتۇننىڭ يېتى يوق،
ئوچاقىقا ئوتۇننىڭ يېتى (يوق).

ئەرگە دۆلەت ياقۇر بولسا، كېلەر ئاڭا مىڭلاپ ئاش،
ئەردىن دۆلەت قاچۇر بولسا، تېپىلمايدۇ سايدىن تاش.

ئەرگە قىلغان ئەرسىز قالار.

ئەرگە ياققان ئەلگە ياقار.

ئەرلىك بىلەكتە ئەمەس، يۈرەكتە.

ئەرلىك خوتۇن شورپىلىق ئاش،
ئەرسىز خوتۇن تۇزلۇق ئۇماچ.

ئەرلىك خوتۇننىڭ يۈزى تۆۋەن.

ئەرلىككە قاش ئاتما،
قاراڭغۇدا تاش ئاتما.

ئەرنى ئەر قىلغانمۇ خوتۇن،
يەر قىلغانمۇ خوتۇن.

ئەرنى ئەمگەك ياشنىتار.

ئەرنى تونۇتقان خوتۇن،
خوتۇننى تونۇتقان ئوتۇن.

ئەرنى خارلىماڭ، ئەر خارلىقى تارتىسىز،
يەرنى خارلىماڭ، يەر خارلىقى تارتىسىز.

ئەرنى گۇۋاھلىقتا ياراتقان،
قوينى قۇربانلىقتا (ياراتقان).

ئەرنىڭ ئەردە قالماس،
ئارزۇ يەردە (قالماس).

ئەرنىڭ ئەسكىسى ھېساباتچى،
خوتۇننىڭ ئەسكىسى غەيۋەتچى.

ئەرنىڭ ئەينىكى — خوتۇن.

ئەرنىڭ بەختى ئەلدە.

ئەرنىڭ تاپقىنى بوسۇغىدا تاشلاقلىق،
خوتۇننىڭ تاپقىنى ئىشىك بېشىدا ئېسىقلىق.

ئەرنىڭ راھىتى خوتۇن،
قىشنىڭ راھىتى ئوتۇن.

ئەرنىڭ سەرخىلى ئەل ئارىسىدا،
گۈلنىڭ سەرخىلى گۈل ئارىسىدا.

ئەرنىڭ سۆزى ئۆلگۈچە، ئۆزى ئۆلسۇن.

ئەرنىڭ غەيرىتى تاغنى قۇم قىلار.

ئەرنىڭ غېمى ئەلدە،
خوتۇننىڭ غېمى ئۆيدە.

ئەرنىڭ غېمى ئەلنىڭ غېمى.

ئەرنىڭ قاپچىسى خانغا ياراق،
خوتۇننىڭ قاپچىسى ئەرگە (ياراق).

ئەرنىڭ قانىتى ئات،
ئاتتىن قالساڭ يات.

ئەرنىڭ قېنى ئاقسا ئاقسۇن، يېشى ئاقمىسۇن.

ئەرنىڭ كۆڭلى ئەۋرىشىم.

ئەرنىڭ كۆڭلى ھەممەتلىك.

ئەرنىڭ مېھرى كۆپ بولسا،
خوتۇننىڭ ھۆسنى ئېچىلۇر.

ئەرنىڭ ئوبدىنى ئۆينى باقار،
خوتۇننىڭ ئوبدىنى ئەرنى (باقار).

ئەرنىڭ ئۇيالغىنى — ئۆلگىنى.

ئەرنىڭ ئۆزىگە ئەمەس، سۆزىگە باق.

ئەرنىڭ ئېزىتقۇسى خوتۇن.

ئەرنىڭ ئىچىدە ئارسلان بار.

ئەر ــ باش،
خوتۇن ــ بويۇن.

ئەر ــ ئوت،
خوتۇن ــ سۇ.

ئەسكى بولسىمۇ ئۆزۈڭگە ياخشى.

ئەسكى خوتۇن ئالساڭ باشىڭ بولۇر كاساڭ،
ئىنەك ئەمەس ساغساڭ، ئېشەك ئەمەس ساتساڭ.

ئەسكى خوتۇن ئەر قېرىتار.

ئەسكى خوتۇن يامانلىسا ئوچاق بۇزۇلار.

ئەسكى هارۋا يول بۇزار،
يامان خوتۇن ئۆي (بۇزار).

ئەقلى ـ هوشى بولمىسا،
ئايدەك جۇۋان ئىت يالىقى.

ئەقىللىك ئېتىنى ماختار،
ئەخمەق خوتۇنىنى (ماختار).

ئەقىللىك خوتۇن باشقا قارايدۇ،
ئەقىلسىز خوتۇن ياشقا (قارايدۇ).

ئەقىللىك خوتۇننىڭ سەدىقىسى بول.

ئەل سۆيگەن ئەر مېۋىلىك دەرەخ.

ئەل سۆيمىگەن ئەر بولماس،
ئەلنى سۆيسە خار (بولماس).

ئەل سۆيمىگەن ئەردىن،
گىياھ ئۈنمەس يەر ياخشى.

ئەل غېمىدىن ئەر قاچسا،
ئەر غېمىدىن ئەل قاچار.

ئەل ئۈچۈن ئەر بول،
بولمىسا يەر (بول).

ئەل ئېغىرىنى ئەل كۆتۈرىدۇ،
يۈك ئېغىرىنى نار (كۆتۈرىدۇ).

ئەلدىن قالغۇچە ئەردىن قال.

ئەلگە قاققۇچىلىكىڭ بولسا ئەرگە تەگ.

ئەلگە قوشۇلساڭ ئەر بولىسەن،
ئەلدىن ئايرىلساڭ يەر (بولىسەن).

ئەلگە كەلسە ھالاكەت،
ئەرگە كېلەر پالاكەت.

ئەلگە ياخشىلىق قىلغىنىڭ، كۆكتە پەرۋاز قىلغىنىڭ،
ئەلدىن ئايرىلىپ قالغىنىڭ، گۆرگە كىرىپ قالغىنىڭ.

ئەلگەك كۆتۈرگۈدەك ماغدۇرۇڭ بولسا ئەرگە تەگ.

ئەلگەككە ئۈن تاپقان، تاماققا تۇز تاپار.

ئەلنى ئويلىغان ئۇخلىماس.

ئەلنىڭ بەختى — ئەرنىڭ بەختى.

ئەلنىڭ غېمىنى يېمىگەن ئەر ئەمەس.

ئەلنىڭ ئىشى — ئەرنىڭ ئىشى.

## ب

بار دۇنيانى يېۋالغىن، تۇغماس خوتۇنغا قالغۇچە،
قاشاڭ ئېشەككە مىنىۋالغىن، يولدا پىيادە قالغۇچە.

بارغۇچە يېگەن تاماق ئوتۇنغا پايدا،
يانغۇچە يېگەن تاماق خوتۇنغا (پايدا).

بارىغا خوتۇن ئىگە،
يوقىغا ئەر (ئىگە).

باغقا چۈشكەن توڭ قاپاقنىڭ،
ئۆزىگە تۇشلۇق ھالى بار.

باغلاقتا تۆرمىغان ئىت كەسكىدە تۇرار،
ياخشىدا تۇرمىغان خوتۇن ئەسكىدە (تۇرار).

باقمىساڭ مېلىڭ كېتەر،
خارلىساڭ خوتۇنۇڭ (كېتەر).

بالاڭ ئۆلسە ئەرگە باق،
ئېرىڭ ئۆلسە يەرگە (باق).

بالاڭغا كۆڭلۈڭنى بەر،
چىرايىڭنى (بەرمە).

بالام خار بولسۇن دېسەڭ ئەركىلەت.

بالدۇر تەگكەن ئەر قارا كىگىز،
كېيىن تەگكەن ئەر ئاق كىگىز.

بالىنى باشتىن ئۆگەت،
خوتۇننى يېڭىسىدىن (ئۆگەت).

بەختىنىڭ بېشى — خوتۇنىنىڭ ئوڭلۇقى.

بەرمەس خوتۇننىڭ ئېشى پىشماس.

بەڭگىگە تەگكەن خوتۇن كارغا كەلمەس،
زەگۇندە قىلغان ياغاچ كارغا كەلمەس.

بولماس خوتۇن ئالغۇچە،
بويتاق يۈرگىن ئۆلگىچە.

بولۇشمايدىغان خوتۇن يامانلاشقا ئامراق.

بويتاق بازاردىن قالماس،
تۇل خوتۇن مازاردىن قالماس.

بويتاقنىڭ كۆشەندىسى كۆپ.

بۇ خېنىمنىڭ سەت قىلىقى ئالتە ئېشەككە يۈك.

بۇ خېنىمنىڭ ئۇزلۇقى،
ئاپتاپتا قاپتۇ تۇزلۇقى.

بۇزۇق خوتۇن ئەرگە بالا،
بۇزۇق ئەر بالىغا (بالا).

بېگىنىڭ ئۆچ بولسا بوز پاقلىنىڭغا قارا،
خوتۇنۇڭ ئۆچ بولسا قازىنىڭغا (قارا).

بېگىم قۇتۇلغانغا خۇش،
خېنىم يامانلىغانغا (خۇش).

بىچىقىم خوتۇن چاي قايناتقۇچە،
چەبدەس خوتۇن ئاش پىشۇرار.

بىر ئاخشاملىق ئەر - خوتۇنچىلىقنىڭ مىڭ كۈنلۈك مېھرى قالىدۇ.

بىر ئەرگە تەگكەن ياخشى، ئىككى قېتىم تەگكىنى پاخشى،
ئۈچ قېتىم تەگكىنى ھەم ياخشى، ھەم پاخشى.

بىر باشقا بىر بۆك لازىم.

بىر خوتۇننىڭ ھىيلىسى قىرىق ئەرنى ئالدار.

بىر خوتۇننىڭ ھىيلىسى قىرىق ئېشەككە يۈك.

بىر خوتۇننىڭ ھىيلىسى قىرىق ئەرنىڭ بىگىسىدىن يامان.

بىر خوتۇننىڭ ئېرى ئۆلسە،
قىرىق خوتۇنغا كۈنداش بوپتۇ.

بىزنىڭ ئۆيدىن كۆنچى چىقتى،
ئۇنىڭ ئۆيىدىن ئوتۇنچى (چىقتى).

بىشەم خوتۇن بەش كۈنلۈك،
بېزەڭ يولداش بىر كۈنلۈك.

بىشەم خوتۇن كوچىغا چىقىپ تورۇلار.

بىشەم خوتۇندىن ئالۋاستى قورقار.

بىشەم خوتۇننىڭ بازار بىلەن كارى يوق.

بىشەم خوتۇننىڭ ئېرى ھۆرمەتسىز بولۇر.

بىشەم خوتۇن ئىتى بىلەن تەڭ قاۋار.

بىكار خوتۇن — شىبكەر خوتۇن،
ئىشلىق خوتۇن — پىتلىق خوتۇن.

بىلمەي ئاپتىمەن دەللىنى،
چۈۋۈپ قالايدۇ چەللىنى.

## پ

پالتا بولسا ئوتۇن كەممۇ،
ئوغۇل بولسا خوتۇن كەممۇ.

پالتاڭ بولسا ئوتۇن بار،
پۇلۇڭ بولسا خوتۇن (بار).

پەرداز تويدا كېرەك،
مۇھەببەت كۇندە (كېرەك).

پەمى يوق ئەردىن نادان ئايال ياخشى،
ئەقىلسىز باشتىن سۈيى بار قاپاق (ياخشى).

پوشكالنى كۆرۈپ بالىدىن كېچىپتۇ.

پۇل ياندا ياخشى،
خوتۇن ئۆيدە (ياخشى).

پۇلۇڭ يوق بازارغا بارما،
مەشۇقۇڭ يوق مەشرەپكە (بارما).

پېشكەل ئادەم بالاغا يېقىن،
يامان خوتۇن تالاغا (يېقىن).

پىچاق قىنىسىز قالماس،
ئەر خوتۇنسىز (قالماس).

## ت

تاز ياسانغۇچە توي تارقاپتۇ.

تازنى غوجام دەپتۇ،
پاخشەكنى خېنىم دەپتۇ.

تاشقا يامغۇر كار قىلماس،
ئاشىققا بەند (كار قىلماس).

تاشلاپ قاچقۇدەك ئۇز بار،
ئېلىپ قاچقۇدەك سەت (بار).

تاشنىڭ ئېغىرى چۆلدە،
خوتۇننىڭ ئېغىرى ئۆيدە.

تاغنىڭ يارىشىقى قورام تاش،
خوتۇننىڭ يارىشىقى قەلەمقاش.

تاماقنىڭ تېز پىشىشى ئوتۇندا،
ئۆينىڭ ياخشى بولۇشى خوتۇندا.

تەرسا خوتۇننىڭ بەرگىنىدىن،
هۆرۈن خوتۇننىڭ بەرگىنى ياخشى.

تەڭلىك بولماي دوستلۇق بولماس،
كەڭلىك بولماي مۇھەببەت (بولماس).

تەلەيسىزنىڭ خوتۇنى ئۆلەر،
تەلەيلىكنىڭ ئۆيى كۆيەر.

تەلەيلىكنىڭ ئىتى ئۆلەر،
تەلەيسىزنىڭ خوتۇنى (ئۆلەر).

تەييار تاپ ئەردىن مىكىيان توخۇ ياخشى.

تورۇسنىڭ ئىغىرىنى تام كۆتۈرەر،
ئۆينىڭ ئىغىرىنى  ئايال (كۆتۈرەر).

تولا ئەرگە تەگكەن خوتۇننىڭ ياقىسى چىت،
تولا خوتۇن ئالغان ئەرنىڭ ياقىسى پىت.

تونۇر قىزىق نان ياخشى،
خوتۇن قىزىق ئەر ياخشى.

توي ئەنسىزلىكىدىن گۆر ئەنسىزلىكى ياخشى.

توي كۈنىدىكىدەك ئىرىم بولسا،
ھېيتتىكىدەك ئۆيۈم بولسا.

توينىڭ بولۇشىدىن «بولىدۇ»سى قىزىق.

توينىڭ غوۋغاسى بار،
ئۆلۈمنىڭ سەۋرىسى بار.

توتقان يارىڭ شۇ بولسا،
كۆرگەن كۈنۈڭ نە بولغاي.

توخۇمنىڭ چېقىلغۇسى كەلسە تاشقا تېگەر،
قېرى خوتۇننىڭ ئۆلگۈسى كەلسە ياشقا تېگەر.

تورۇپ تېرىسام چامغۇر چىقتى،
قىز ئالسام جۇۋان (چىقتى).

توغماس خوتۇن شۇمەك يىغىپتۇ.

توغماس خوتۇننىڭ ئۆيى يوق.

تول خوتۇن ئايىماس.

تول خوتۇن ئەر چۇشەيمىش،
باي خوتۇن يەر (چۇشەيمىش).

تول خوتۇن كۈلۈشكە كۆمەر،
نائىنساب بۇلۇشقا (كۆمەر).

تول خوتۇننى ئىش باسار،
خوتۇنسىز ئەرنى پىت باسار.

تول خوتۇننىڭ دەردى تولا،
تۆھمەتخورنىڭ ئەرزى (تولا).

تول خوتۇننىڭ ئوتى يامان.

تۆنجى خوتۇندىن ئايرىلساڭ، ئۆلگۈچە پۇشايمان.

تۆگىنىڭ نارى ياخشى،
خوتۇنىڭ بارى (ياخشى).

تۇگمەن سۇدا چۆرگۈلەر،
خوتۇن كىشى پۇلدا (چۆرگۈلەر).

تۇگمىدەك قالغان كۆڭۈلنى تۆگە بېرىپمۇ ئالغىلى بولماس.

تېپمىۋالسام ياخشىنى،
ئېيتار ئىدىم ناخشىنى.

تېزەك تەڭگە بولغاندا،
خوتۇنلار بەڭگى بولۇر.

تىرىشچان ئەر ــ ھوسۇللۇق يەر.

تىرىكچىلىكنىڭ بەرىكىتى ــ ياخشى خوتۇن بىلەن.

تىلى يامان ئەردىن تۇللۇق ياخشى.

تىرناقچە ياخشى ئىش قىلسا ئەر،
ياخشى ئايال ئۇنى كۆپكە دەر.

## ج

جامالىڭغا باقمايمەن،
ئۆي تۇتۇشۇڭغا باقىمەن.

جاۋابخور خوتۇننىڭ ئوتتۇر چىشى بالدۇر چۈشىدۇ.

جۇۋان ئالمىساڭ جۇۋا ئال.

## چ

چاچ تارىغان بىلەن خوتۇن ئەمەس،
بەل باغلىغان بىلەن ئەر (ئەمەس).

چاققان چوكاننى تۆشۈك ئۈستىدە كۆرۈڭ.

چوقۇر خوتۇننىڭ مېھرى ئىسسىق.

چوماق ئوتۇن ئوتۇن بولماس،
ئاغىچا خوتۇن خوتۇن (بولماس).

چۈشتە ناخشا ئېيتقان دەردى بار كىشى،
كەچتە ناخشا ئېيتقان يارى بار كىشى.

چۈشىدە كۆرگەن گۈل بولۇر،
ئاققان يېشى كۆل بولۇر.

چېچەن خوتۇننى ئۇچاق بېشىدا سىنا.

چىرايلىق خوتۇن ئەر يارىشىقى،
ئاقىل خوتۇن ئەل يارىشىقى.

چىرايلىق خوتۇننىڭ ئېرى ئەنسىز.

چىرايلىق قىزىم بولغۇچە،
ئەدەپلىك قىزىم بول.

چىرايلىققا پەرداز كەتمەس.

چىرايلىقنى سۆيمەك ساۋاب.

## خ

خارلىساڭ خوتۇنۇڭ كېتەر،
بويتاقلىق ساڭا يېتەر.

خەقنىڭ تىكەن، ئۆزىنىڭ گۈل.

خوتۇن ئالدىغا ئۆتۈۋالسا،
ئەرنىڭ دۆلىتى (بۇزۇلار).

خوتۇن ئالدىڭ،
دۇمبەڭگە ئوتۇن ئالدىڭ.

خوتۇن ئالدىم بالادا قالدىم،
خوتۇن ئالمىدىم تالادا قالدىم.

خوتۇن ئالساڭ بازاردىن ئال، يىغىۋېلىش ئۆزۈڭدىن.

خوتۇن ئەركە بولسا،
ئېرىگە جاپا بولۇر.

خوتۇن ئەرگە قارايدۇ،
ئەر يەرگە (قارايدۇ).

خوتۇن بۇزۇق بولسا ئەرگە قىلار،
ئەر بۇزۇق بولسا بالىغا (قىلار).

خوتۇن تاللىغان خوتۇنسىز قاپتۇ،
ئوتۇن تاللىغان ئوچاقسىز (قاپتۇ).

خوتۇن تۇل بولسا ئەر تاپار،
ئەر تۇل بولسا مال (تاپار).

خوتۇن جاۋاب قىلمىسا،
ئەر تاياق سالماس.

خوتۇن خەقنىڭ نازى بار،
ناز كەينىدە ئازى (بار).

خوتۇن خەقنىڭ نالىسى تولا،
ئىش بىلمەسنىڭ بانىسى (تولا).

خوتۇن سىرىڭنى ئالار،
دۈشمەن جېنىڭنى (ئالار).

خوتۇن غار بولسا،
ئېرى خار بولۇر.

خوتۇن قانىتى ئەر،
ئەر قانىتى ئات.

خوتۇن كىشى ئاپتاپ،
ئەر كىشى مۇزتاغ.

خوتۇن كىشى ئەردە ياخشى،
ئەردە بولمىسا يەردە ياخشى.

خوتۇن كىشى پېشكەل،
ئەرنىڭ پۇتىغا ئىشكەل.

خوتۇن كىشى تۇل بولسا،
بۇخارادىن ئىتلار كېلىپ بېشىغا چىچىپتۇ.

خوتۇن كىشى تىلى بىلەن تۇل قالار.

خوتۇن كىشى قېرىسا،
ئەر كىشىگە ۋەزىر بولىمىش.

خوتۇن كىشى مۇھەببەتنى كۆڭلىدە قىرىق يىل ساقلار.

خوتۇن كىشى ئوۋغا يارىماس،
جىگدە ياغىچى نوغا (يارىماس).

خوتۇن كىشى ئۆچكە يېغى.

خوتۇن كىشىگە ئىلىنىپ قالساڭ،
بۇرنۇڭدىن لاي قۇرۇماس.

خوتۇن كىشىنى بەزىدە قوشلا،
بەزىدە مۇشتلا.

خوتۇن كىشىنىڭ پاكىزلىقىنى ئېرىنىڭ ياقىسىدىن كۆرۈڭ.

خوتۇن كىشىنىڭ تولۇقىدىن،
ئەر كىشىنىڭ بويتاقلىقى يامان.

خوتۇن كىشىنىڭ چېچى ئۇزۇن،
ئەقلى قىسقا.

خوتۇن كىشىنىڭ ئوچىقى بىلەن چاقىغا تەگمە.

خوتۇن كىشىنىڭ ئىچىگە بالا پاتىدۇ،
گەپ پاتمايدۇ.

خوتۇن ياقىدىن ئالۇر،
ئىت پاچاقتىن (ئالۇر).

خوتۇندا گۇناھ يوق، دەللال يامان،
ئاتتا گۇناھ يوق، ئېگەر (يامان).

خوتۇندەك ئەر بار،
ئەردەك خوتۇن بار.

خوتۇنسىز ئەر — قىرسىز يەر.

خوتۇنسىز ئۆيدىن بوران چىقار.

خوتۇنسىز ئۆي — جانسىز تەن.

خوتۇنغا ئامراق بالىغا ئۆچ،
قايماققا ئامراق كالىغا (ئۆچ).

خوتۇنغا خۇمارنىڭ نېمە ئىشى،
كالىغا تۇمارنىڭ نېمە (ئىشى).

خوتۇنغا ئىشەنمە،
قومۇشقا يۆلەنمە.

خوتۇنلۇق روزغار گۈلدۇر،
خوتۇنسىز روزغار چۆلدۇر.

خوتۇننى ئاۋايلىغان بالىسىز قالار،
موزاينى ئاۋايلىغان كالىسىز (قالار).

خوتۇننىڭ پۇلى — پەنجىرە.

خوتۇننىڭ تىلى تالغۇچە،
ئەرنىڭ بېلى تالار.

خوتۇننىڭ جەمەتى ئوچاق بېشىدا ئولتۇرۇپ توق چىقار.

خوتۇننىڭ دۈشمەنلىكى مىڭ دۈشمەندىن يامان.

خوتۇننىڭ گېلى غار بولسا،
ئەرنىڭ كۆنى خار بولۇر.

خوتۇننىڭ ئوبدىنى ئۆيگە ئېتىدۇ سۇپرا تاختا،
ناچار خوتۇن مىدىرلايدۇ قورسىقى ئاچسا.

خوتۇننىڭ ئوبدىنى ئېرىنى باقار،
دېھقاننىڭ ئوبدىنى يېرىنى (باقار).

خوتۇننىڭ ياخشىسى جەننەت مىساللىق،
يامىنى دوزاخ (مىساللىق).

خوتۇننىڭ ياخشىسى ياقىنى كىر قىلدۇرمايدۇ.

خوتۇننىڭ ياخشىسىنى تىللا بېرىپ ئال،
يامىنىنى تىللا بېرىپ يولغا سال.

خوتۇنۇڭ ئەمچەكلىك بولسا بالاڭ بورداق،
كالاڭ ئەمچەكلىك بولسا موزىيىڭ سولاق.

خوتۇنۇڭ پىچەك بولسا،
مېھمىنىڭ لاۋزا بولۇر.

خوتۇنۇڭ جېدەلخور بولسا ئۆيۈڭنىڭ كەڭلىكى بىلىنمەس،
ئۆتۈكۈڭ تار بولسا جاھاننىڭ كەڭلىكى (بىلىنمەس).

خوتۇنۇڭ ئوبدان بولسا قازىنىڭ ياغ،
خوتۇنۇڭ يامان بولسا يۈرىكىڭ داغ.

خوتۇنۇڭ ئۇرۇشقاق بولسا ياقاڭ ساق تۇرماس،
بېشىڭ تاز بولسا قولۇڭ پاك (تۇرماس).

خوتۇنۇڭغا ئىشەنگۈچە،
بوسۇغاڭغا ئىشەن.

خوتۇنۇڭنى خوش قىلاي دېسەڭ لاپ ئۇر،
ساراڭنى خوش قىلاي دېسەڭ داپ (ئۇر).

خوتۇنۇڭنىڭ قانداقلىقىنى بىلەي دېسەڭ،
قوشناڭ بىلەن ئۇرۇشقاندا كۆر.

خوتۇنۇم ئۆلدى،
قامچام سۇندى.

خوتۇنى ياخشى شۇمشەيمەس.

خوتۇنى ياخشىغا راھەت،
خوتۇنى يامانغا قىيامەت.

خوتۇنى يامان بولسا ئەرنى باشلار،
ئەر يامان بولسا خوتۇننى تاشلار.

خوتۇنى يوقنىڭ خوتۇنى تولا،
ئېرى يوقنىڭ ئېرى (تولا).

خوتۇنۇڭ ئۇرۇشقاق بولسا،
جاھاننىڭ تىنچلىقىنى بىلمەيسەن.

خوتۇنىنى ماختىغان بىرىنچى ئەخمەق،
ئۆزىنى ماختىغان ئىككىنچى (ئەخمەق).

خوخا - يانتاق يەرنى بۇزىدۇ،
يامان خوتۇن ئەرنى (بۇزىدۇ).

خۇلقى يوق ئايال — پۇرىقى يوق گۈل.

خېنىم سۇغا چىقسا، ماراقچىسى بىللە.

خېنىم كىيگەنگە خۇش،
يىگىت سۆيگەنگە (خۇش).

خېنىمنىڭ قېشىغا باقماي ئەتكەن ئېشىغا باق.

خېنىمنىڭ قېشىنى كۆرۈڭ،
تاۋىقىنىڭ تېشىنى كۆرۈڭ.

خېنىمنىڭ قېشىغا قارىغۇچە،
قاچىسىنىڭ تېشىغا قارا.

خېنىمنىڭ كۆڭلى تىندى،
سۇ ئەكېلىدىغان قاچىسى سۇندى.

خېنىمنىڭ كۆلگىنى ـــ كۆڭلۈمنى بىلگىنى.

خېنىمنىڭ ئوسمىسىغا قارىماي،
بېشىدىكى پوسمىسىغا قارا.

# د

دامبىغا تاش ياخشى،
ئىشارەتكە قاش (ياخشى).

داۋان ئېشىپ خوتۇن ئالما،
دەريا ئېشىپ ئوتۇن (ئالما).

دەردى يوق كېسەك،
ئىشقى يوق ئېشەك.

دەۋاسىز دەرد بولماس،
ھەۋەسسىز قېرى (بولماس).

دوكىنى گومۇش ئوخشايدۇ،
گومۇشنى خوتۇن (ئوخشايدۇ).

دېھقاننىڭ كۆڭلى بىر يەردىن خۇش بولۇر،
بىر خوتۇندىن خۇش بولۇر.

دىتسىز ئايالنىڭ پەمى يوق،
ئەتكەن ئېشىنىڭ تەمى (يوق).

دىتى يوق ئەردىن،
زوۋانىسىز يەر ياخشى.

## ر

رەمالغا پال ياخشى،
چوكانغا خال (ياخشى).

## ز

زەن سالغانغا زىبا جىق.

زېمىنىنىڭ چىرايى ئەلگە،
ئايالنىڭ چىرايى ئەرگە.

## س

ساتىراش ئۆلمىسە، ئەركىشى قېرىمايدۇ.

ساددا قىز كۆڭۈل بەرمەس،
كۆڭۈل بەرسە ئاسان ئۈزمەس.

ساراڭ خوتۇن داپقا ئامراق،
تەنتەك خوتۇن لاپقا (ئامراق).

سارىخان ئەرگە تەگسە،
بارىتاخۇن ھۆمۇدەپتۇ.

سانى بار، ساپاسى يوق،
يارى بار ۋاپاسى يوق.

سەت بولسىمۇ قىز ياخشى،
تاز بولسىمۇ ئەر (ياخشى).

سەت چوكاننى ئۇز قىلغان ئۇنىڭ پەردىزى.

سەت خوتۇن ئايدىڭدا ئاي كۆرۈنەر.

سەكسەن ياشلىق قېرىنىڭ ئون بەش ياشلىق ئوتى بار،
ئون بەش ياشلىق بالىنىڭ سەكسەن ياشلىق كۆڭلى بار.

سەمەندىن ئېشەك ئالماڭ،
نەمەنگاندىن خوتۇن (ئالماڭ).

سەن دېگىنىم — قەنت دېگىنىم،
سىز دېگىنىم — ياق دېگىنىم.

سەنەمنى سەنەم قىلغان غېرىب دەرۋىش.

سۇنماس ئەر يوق،
چېقىلماس تاش (يوق).

سۆزىدىن يانغان ئەر ئەمەس.

سۆيگۈ سېتىلماس،
ۋاپا تېپىلماس.

سۆيگىنىڭگە يۇمشىقىڭنى بەرگۈچە، تۇمشۇقۇڭنى بەر.

سۆيگىنىمنىڭ كۆڭلى ئۇچۇن،
سويمىسىنى سويارمەن.

سۆيمەيدىغان خوتۇن يوق،
كۆيمەيدىغان ئوتۇن (يوق).

سۆيۈشكىلى تالا ياخشى،
ئوينىغىلى نەغمە ـ ناۋا (ياخشى).

سىرىقتالدا ئەر سارغىيىپتۇ.

سىم ـ سىم يامغۇر هۆل قىلار،
قىسىر خوتۇن گۇل (قىلار).

## ش

شاللاق خوتۇن ـــ ئويۇنچۇق،
يۇمشاق ئەر ـــ قارانچۇق.

شەرتى كۆپنىڭ دەردى كۆپ.

شورلۇق يەرگە سۇ ئاچساڭ پاتقاق بولۇر،
تۇل خوتۇندىن قىز ئالساڭ قاچقاق (بولۇر).

## غ

غەزەل چىقسا شوخلۇقتىن،
جېدەل چىقار يوقلۇقتىن.

غوجام ئەتە بىلەن،
خېنىم پەتە بىلەن.

غوجامنىڭ ئالماسلىقىنى بىلىپ،
خېنىم تەگمەس بولۇپ قاپتۇ.

## ق

قازان ئالساڭ چېكىپ ئال،
خوتۇن ئالساڭ بېقىپ (ئال).

قاسساپقا پىچاق كېرەك،
مۇھەببەتكە قۇچاق (كېرەك).

قاشاڭ پىچاق تۇتقۇچە، چىشلەپ يېگىن تويغۇچە،
يامان خوتۇن ئالغۇچە، بويتاق يۈرگىن ئۆلگۈچە.

قاغا جىگدىنىڭ مېۋىسى تولا،
ھۆرۈن خوتۇننىڭ ھىيلىسى (تولا).

قالاي دېسەم ئوتۇن يوق،
ئۆيگە كىرسەم خوتۇن (يوق).

قاناتسىز قۇش بولماس،
ئىشقسىز بۇلبۇل (بولماس).

قەدىناس ئۆيدىن قۇت كەتمەس.

قەرزىڭ بولسا بېرىپ قۇتۇل،
يامان خوتۇندىن ئۆلۈپ قۇتۇل.

قوغۇننى تاتلىق قىلغان پېلەك،
ئەر كىشىنى نوچى قىلغان يۈرەك.

قوڭۇمنىڭ سۆلى يوق،
چېكەم گۈل قىسىدۇ.

قوناقلىقتا ماش بولماس،
قېرى خوتۇن ياش (بولماس).

قۇرۇق ئوتۇنغا ئوت كېتىدۇ،
بۇزۇق خوتۇنغا سوت (كېتىدۇ).

قۇشقاچ قېرىسا، جاغجاق بولار،
جۇۋان قېرىسا شاللاق (بولار).

قوشقاچىنىڭمۇ كۆڭلى بار.

قوشۇم بولسا قوشلايمەن،
خوتۇن ئالسام مۇشتلايمەن.

قېرىشقاننىڭ قىزىنى ئال.

قېرىلىق بېشىڭغا يەتسە، تاڭ ئاتمىغان تۈن بىلەن،
خوتۇنۇڭ ئۇرۇشقاق بولسا، بۇلۇتلىغان كۈن بىلەن.

قېشى يوق قاشلىققا ئامراق،
خوتۇنى يوق ئاشلىققا (ئامراق).

قىرىپ يېسە، قىرىق كۈن يېتەر،
ئويۇپ يېسە، ئون كۈن يېتەر.

قىرىق قوتان مېلىڭ بولسىمۇ،
ياخشى خوتۇنۇڭ بولمىسا بىكار.

قىز ئال — كۆز ئال.

قىز بالا سالغا تېشى،
نەگە چۈشۈشىنى بىلگىلى بولماس.

قىز بەرگۈچىنىڭ سۆزى بار،
ئالغۇچىنىڭ كۆزى (بار).

قىز بىلەن قاملاشسا،
ئانىسىنىڭ كارى چاغلىق.

قىز تارتىنماس،
يىگىت غەم يېمەس.

قىز دېگەن ــــ قىزىل قوماچ.

قىزغانچۇق ئادەم ئىشىكنى يېپىپ تۇرار،
كىشى كىرگەندە چۈمۈچنى قازانغا ئۇرار.

قىزلىقتىن خەۋەر يوق،
ئوغۇللۇق ناغرا چاپتۇ.

قىزنى بۇزغان دەللە،
قازىنى بۇزغان زەللە.

قىزنىڭ سۆيگۈسى قىرىق يىل.

قىشنىڭ يارىشىقى ئوت بىلەن ئوتۇن،
ئۆينىڭ يارىشىقى ئەر بىلەن خوتۇن.

ك

كاداڭ خوتۇن ساندۇقتا ئۇن ساقلار،
زىتى يامان قورسىقىدا غۇم ساقلار.

كەپە بولسىمۇ ئۆز ئۆيۈم ياخشى،
ئېيىق بولسىمۇ ئېرىم (ياخشى).

كەتكەننى كەلتۈرگەن مۇز گەدەن.

كەتمەن ئەرنىڭ قولىدا بولغىنى بىلەن،
چۆمۈچ خوتۇننىڭ قولىدا.

كۆرمىسەم كۆرگۈم كېلۇر،
كۆرسەم ھۆ بولغۇم (كېلۇر).

كۆرۈشكە قىز ياخشى،
ئويناشقا جۇۋان (ياخشى).

كۆز كۆرگەننى كۆڭۈل تىلەر.

كۆز كۆرگەننى كۆڭۈل تىلەيدۇ،
كۆز كۆرمەي كۆڭۈل سۆيمەيدۇ.

كۆز كۆزگە چۈشسە يۈز ئۆيلار.

كۆز كۆزگە چۈشسە، مېھىر قوزغىلار.

كۆز ئۇخلىسا، كۆڭۈل ئۇخلىماس.

كۆيگەن يامانمۇ، كۆنگەنمۇ؟

كۆزدىن كۆزۈڭ قايسا،
سۆزدىن كۆڭۈل قايىدۇ.

كۆز — نۇرنىڭ ئۇۋىسى،
كۆڭۈل — سىرنىڭ (ئۇۋىسى).

كۆكسى كېرىك خوتۇن ئەر ئۆلتۈرەر،
ئاق تۇمشۇق ئارقال ئات ئۆلتۈرەر.

كۆڭلەكنى بۇزغان تەر،
خوتۇننى بۇزغان ئەر.

كۆڭلۈمدىكى يارىم بولسا،
گوبىيدا جايىم بولسا.

كۆڭۈل دېگەن پادىشاھ،
كۆيۈپ قالسا تارتىشا.

كۆڭۈل كۆڭۈلگە ئەلچى.

كۆڭۈل ئېزىلمىسە،
كۆزگە ياش كەلمەيدۇ.

كۆڭۈلنى پۇلغا سېتىۋالغىلى بولماس.

كۆڭۈلنى دەپ، ۋاپاسىزنى يار تۇتما.

كۆڭۈلنىڭ ئىشى كۆڭۈلگە تايىن.

كۆيۈمى يوق ياردىن،
ئىسسىق ئوچاق ياخشى.

كۇل تام بولسا تۇۋى بوش بولۇر،
كۇيۇئوغۇل ئوغۇل بولسا كۆڭۈل خۇش (بولۇر).

كۆنداشلىق ئۆيدە كۆندە جېدەل.

كۆنداشلىققا داۋا يوق.

كۆنداشلىق — كۆڭۈل غەشلىك.

كۆنداش — بېشىڭغا تاش،
كۆزۈڭدە ياش.

كېچىلىرى يول يۈرسەڭ، ئەگرى يوللار تۈز كۆرۈنەر،
گىجىم رومال ئىچىدە قېرى خوتۇن قىز كۆرۈنەر.

كېلىننى كەلگەندە كۆرۈڭ،
يېلىنى سالغاندا (كۆرۈڭ).

كېلىننىڭ ئايىغىدىن ساقلان،
قويچىنىڭ تايىقىدىن (ساقلان).

كىمنىڭ خوتۇنى ئەسكى بولسا،
شۇ بالدۇر قېرار.

كىيىم كەسكەندە بوينىغا قارا،
خوتۇن ئالغاندا خۇيىغا (قارا).

## گ

گۆۋاھلىق خوتۇن ــ نىكاھلىق خوتۇن.

گۆشنىڭ كاۋىپى تاتلىق،
خوتۇننىڭ سۇلۇقى (تاتلىق).

گۇرۇچتىن خەۋەر يوق، سەۋزە دەم يەپتۇ،
يىگىتتىن خەۋەر يوق، كېلىن غەم يەپتۇ.

گۇزەل يولدا تاشلار،
قاراقچى چۆلدە (تاشلار).

گېپىدە تۇرمىغان ئەر ئەمەس،
ھوسۇل بەرمىگەن يەر (ئەمەس).

## ل

لەقەمسىز ئەر بولماس،
ئويماقسىز خوتۇن (بولماس).

لەقۋا خوتۇن ئېرىدىن يامانلاپتۇ،
ھۇرۇن دېھقان يېرىدىن (يامانلاپتۇ).

لەيلىنىڭ ھۆسنىنى كۆرۈشكە،
مەجنۇننىڭ كۆزى كېرەك.

لىڭشىغان ئوتۇندىن قورق،
غىڭشىغان خوتۇندىن (قورق).

## م

مەستانە قىلغاننىڭ قارادۇر كۆزى،
جېنىڭنى ئالغاننىڭ شېرىندۇر سۆزى.

مۇھەببەتسىز كۆڭۈل مېۋىسىز دەرەخ.

مۇھەببەتنى سېتىۋالغىلى بولماس.

مىدىرلىغان كۆتەكنى يارماق،
يېپىشقاق خوتۇننى ئالماق.

## ن

ناچار خوتۇننىڭ قىزىغا ئەر چىقماس.

نازىڭنى ئەر كۆتۈرەر،
ئەر كۆتۈرمىسە يەر (كۆتۈرەر).

نامەرد ئەردىن،
مەرد ئايال ياخشى.

نامىسىز ئەردىن،
نامى بار دۆڭ ياخشى.

نانىنىڭ قەدرى تەر بىلەن،
خوتۇن قەدرى ئەر بىلەن.

نىكاھ غايىب ـــ رىزىق غايىب.

نىكاھ ئىشى ـــ كۆڭۈل ئىشى.

نىكاھنىڭ مېھرى ئىسسىق.

نىكاھ ـــ ئۆمۈر سودىسى.

ھ

ھامماچامنىڭ ئون كۆڭلىكى بار،
بىر كۆڭلەكچىلىك ۋەسلى يوق.

ھاۋايى ھەۋەسنىڭ بېشى كۆل،
ئايىغى چۆل.

ھايات مۇھەببەتسىز بولماس،
مۇھەببەت دۈشمەنسىز (بولماس).

ھايالىق خوتۇن ئىشىكتە باقىدۇ،
ھاياسىز خوتۇن يېشىكتە (باقىدۇ).

ھەر كىشىنىڭ ئۆزىگە،
گۈل كۆرۈنەر كۆزىگە.

ھەركىمنىڭ سۆيگىنى ئۆزىگە چىرايلىق.

ھەممە چوكان يازدا چوكان،
ئەسلىي چوكان قىشتا چوكان.

ھەۋەس قىرىماس،
ئىشق ئۆلمەس.

ھۇرۇن بولساڭ ئەردىن ئۇيات،
تىلەمچى بولساڭ ئەلدىن (ئۇيات).

ھۇرۇن تىرىمچى يەردىن ئاغرىنار،
بۇجۇمبۇش خوتۇن ئەردىن (ئاغرىنار).

ھۇرۇن خوتۇنغا ئورۇن يارىماپتۇ،
ھۇرۇن يىگىتكە خوتۇن (يارىماپتۇ).

ھۇرۇن خوتۇن ئەردىن يامانلار،
ھۇرۇن دېھقان يەردىن (يامانلار).

ھۆرۈن خوتۇنغا ئوتۇن يارىماپتۇ،
ھۆرۈن يىگىتكە خوتۇن (يارىماپتۇ).

ھۆرۈن خوتۇننىڭ ئەتىگىنى ــ ئۇلۇغ ئاش ۋاقتى.

ھۆرۈن خوتۇننىڭ پۇتى كۆلۈڭدا،
ئەخلىتى بۇلۇڭدا.

ھۆل ئوتۇن ئوچاقنى كاردىن چىقىرىدۇ.

## ئو

ئوت دەردىنى كۆيسەڭ بىلەرسەن،
يار قەدرىنى سۆيسەڭ (بىلەرسەن).

ئوتسىناي دېسەڭ قولۇڭنى ئاچ،
كۆيدۈرەي دېسەڭ نېرى قاچ.

ــ ئوت نەدە كۆيىدۇ؟
ــ تۇل خوتۇننىڭ بېشىدا.

ئوتتا كۆيۈپ كۈل بولدۇم،
سۇدا ئېقىپ لاي (بولدۇم).

ئوتتۇرا يولدا ئېتىڭ ئۆلمىسۇن،
ئوتتۇرا ياشتا خوتۇنۇڭ (ئۆلمىسۇن).

ئوچاققا لايىق ئوتۇن سال،
ئۆزۈڭگە لايىق خوتۇن ئال.

ئورۇق ئاتنىڭ يورغىسى بۇزۇق،
خوتۇن كىشىنىڭ ئوغرىسى (بۇزۇق).

ئوسال خوتۇن ئەرنى كاردىن چىقىرىدۇ.

ئوسماغا لايىق قېشىم يوق،
باداڭغا لايىق ئېشىم يوق.

ئوغلۇڭ ئاشىقلىق قىلسا كۆككە باق،
قىزىڭ ئاشىقلىق قىلسا يەرگە (باق).

ئوغلۇڭنى بايدىن ئۆيلە،
قىزىڭنى كەمبەغەلگە بەر.

ئوغۇل ئاتىسىنى دورار،
قىز ئانىسىنى (دورار).

ئولتۇرغان قىز ئورنىنى تاپار.

ئون ئوغلۇم بولغۇچە،
بىر ئوسۇرغاق ئېرىم بولسىچۇ.

ئويلىماي قىلىنغان توي كېيىن بۇزۇلار.

ئويماقسىز خوتۇن بولماس،
تىغسىز ئەر (بولماس).

ئويناقلىغان ئايالغا ئىشەنمە،
يىغلىغان ئەرگە ئىشەنمە.

ئوينىغىلى قىز ياخشى،
تېيىلغىلى مۇز ياخشى.

ئويۇن دېگەن ئەمەك،
خوتۇن دېگەن چەمەك.

## ئۆ

ئۆرۈشقاق خوتۇن تۇل قالار.

ئۆرۈشقاق ئايالنىڭ ئېرى تېز قېرىيدۇ.

ئۆرۈشقاق خوتۇن ئەرنى قېرىتار،
ئاغۋاقار يىلتىزى يەرنى (قېرىتار).

ئۆز خوتۇنغا جىتاق ئەر،
سەت خوتۇنغا نەدە ئەر.

ئۆلاغ ئالساڭ چىشىنى كۆر،
لايىقىڭنىڭ ئىشىنى (كۆر).

ئۆياتسىز خوتۇن تۇزسىز ئاش.

# ئۆ

ئۆپچۆرەم ئېيتىدۇ: خوتۇن ئالغانغا تويۇڭ،
قېيىنئانام ئېيتىدۇ: قىزىمنى جايىدا قويۇڭ.

ئۆتمەس پىچاقنىڭ غىرتاڭ بىلەيى،
پۇچۇق قىزنىڭ جىرتاق كۇيۇسى.

ئۆچكە باشلىسا قوي هارىدۇ،
خوتۇن باشلىسا ئەر (هارىدۇ).

ئۆچكە باشلىغان قوي تورار،
خوتۇن باشلىغان ئەر ئازار.

ئۆرۈك ئوتىنىڭ چوغى يامان،
قارا قىزنىڭ ئوتى (يامان).

ئۆزئارا ماس ئەمەس جۇپتىن تاق ياخشى.

ئۆزى كاپىرنىڭ خوتۇنى تالاق.

ئۆزى يامانىنىڭ ئوتى يامان.

ئۆستەڭ بويىغا تال يارىشىپتۇ،
خوتۇن كىشىگە خال (يارىشىپتۇ).

ئۆلۈمدىن قورقمىساڭ قوي قىل،
چىقىمدىن قورقمىساڭ توي (قىل).

ئۆلۈمنىڭ يىغىسى بولىدۇ،
تويىنىڭ نەغمىسى (بولىدۇ).

ئۆي تۇتتۇڭ،
ئوت تۇتتۇڭ.

ئۆي تۇتساڭ بالادا قالدىڭ،
تۇتمىساڭ تالادا (قالدىڭ).

ئۆي تۇتماس خوتۇننىڭ جېدىلى تولا.

ئۆي تۇتمىغاننى ئۆيگە كىرگۈزمە،
پۇت - قولىنى يەرگە تەگكۈزمە.

ئۆي سالساڭ ساي تالاش،
خوتۇن ئالساڭ باغ (تالاش).

ئۆي سالساڭ ئېگىزگە سال، قۇمساڭ بولسىمۇ،
خوتۇن ئالساڭ قىز ئال، ئاقساق بولسىمۇ.

ئۆي يېقىن، كۆڭۈل يىراق،
كۆڭۈل يېقىن، ئۆي يىراق.

ئۆيلەنمىگەن يىگىتنىڭ كۆزىگە سەتمۇ ئاي كۆرۈنەر،
ئەرگە تەگمىگەن قىزنىڭ كۆزىگە گادايمۇ باي كۆرۈنەر.

ئۆيلۈك ـ ئوچاقلىق بولماي،
ئىسسىق قۇچاقلىق بولماس.

ئۆينى گۈل قىلغانمۇ خوتۇن،
كۈل قىلغانمۇ خوتۇن.

ئۆينىڭ بەرىكىتى خوتۇندىن،
قازاننىڭ بەرىكىتى ئوتۇندىن.

ئۆينىڭ خوۋلۇقى ئەر بىلەن خوتۇن،
قىشنىڭ خوۋلۇقى ـــ گۆش بىلەن ئوتۇن.

ئۆينىڭ گۈلى خوتۇن،
چىرىغى ئەر.

ئۆيۈڭ ھېيت كۈنىدىكىدەك تۇرماس،
ئېرىڭ توي كۈنىدىكىدەك (تۇرماس).

## ئۇ

ئۇزۇلمەس سالمىنى بوينۇڭغا سالما،
يامان خوتۇننى ھەرگىز ئالما.

ئۇمىدسىز كىشىدىن ئامەت قاچار،
ئىناقسىز ئۆيدىن بەرىكەت (قاچار).

ۋاپاسىزنىڭ ھاياسى يوق.

## ئې

ئېپىدە بىر ئەر تاپسا قاراپ باقماس ئانىسىغا،
ئۆچ كۆنلۈك يەرگە بېرىپ سالام دېگەي ئاتىسىغا.

ئېتىڭ سېمىز يەم ياخشى،
خوتۇن سېمىز ئەر (ياخشى).

ئېرى تاتۇقنىڭ خوتۇنى پۇچۇق.

ئېرى راۋاب چالسا،
خوتۇنى پەدە بېسىپتۇ.

ئېرى قېرىپ چۈنەكچى بوپتۇ،
خوتۇنى قېرىپ مونەكچى (بوپتۇ).

ئېرى كەتسە ئۆي بوشايدۇ،
خوتۇن كۆشادە ئوينايدۇ.

ئېرى ماز بولسا،
خوتۇنغا كۈن يوق.

ئېرى يامانىنى ئوڭدىن بىل،
خوتۇنى يامانىنى يېڭىدىن (بىل).

ئېرى يوقنىڭ خۇدى يوق،
خوتۇنى يوقنىڭ خۇيى (يوق).

ئېرىدىن يامانلىغان ئەرسىز قالار،
يېرىدىن يامانلىغان يەرسىز (قالار).

ئېرىك ئايلانغۇچە يېرىك ئايلانسۇن.

ئېرىك بولسا پىرىك شۇ.

ئېرىك بىلەن ئەل بولغۇچە،
ئېلىك بىلەن ئەل بول.

ئېرىك بىلەن چىقىشقۇچە،
ئېلىك بىلەن چىقىش.

ئېرىڭدىن يامانلىماي،
ئەيىبىڭدىن يامانلا.

ئېرىم تەگكەندىكىدەك ئەمەس،
ئۆيۈم ھېيتتىكىدەك (ئەمەس).

ئېرىم سۆيمىسىمۇ قۇچىقىمدا ياخشى،
ئوتۇم كۆيمىسىمۇ ئوچىقىمدا ياخشى.

ئېرىنىڭ شۆلگىيى ئاقسا،
خوتۇنىنىڭ كۇنداشلىقى تۇتۇپتۇ.

ئېشەك ئالدىغا ئۆتۈۋالسا،
ئاتنىڭ سۆلتى بۇزۇلار.

ئېشەك ئالساڭ قىممەتنى ئال،
خوتۇن ئالساڭ ئەرزاننى (ئال).

ئېشى ئوخشىمىغان خوتۇن تۇزدىن كۆرۈپتۇ،
گەپ تاپالمىسا قىزىدىن كۆرۈپتۇ.

ئېغىز يېسە، يۈز ئۇيىتار،
توي كۈنىسى قىز (ئۇيىتار).

ئېگىز شاخقا قولۇم يەتمەس،
يارسىز ئۆمرۈم ئۆتمەس.

## ئى

ئىتىڭ قاۋسا خوتۇنۇڭدىن سورا،
كېلىنىڭ تۇرمىسا ئوغلۇڭدىن (سورا).

ئىش كۆرگەننى ئالما،
بۆشۈك كۆرگەننى ئال.

ئىشچان خوتۇن ياماققا ئامراق،
ھۇرۇن خوتۇن تاياققا (ئامراق).

ئىشچان خوتۇن ـــ ئېشەك خوتۇن،
بىكار خوتۇن ـــ شېكەر خوتۇن.

ئىشچان كالا سەمرىمەس،
ھۇرۇن خوتۇن تەۋرىمەس.

ئىشقى يوقنىڭ كارى يوق،
مەيلى يوققا چارە يوق.

ئىشلىگەن ئەر چىشلەپ يەر.

ئىككى ئاياغ بىر ئۆتۈككە سىغماس،
ئىككى يار بىر كۆڭۈلگە (سىغماس).

ئىككى ئايال پاتمىغان يەرگە،
ئىككى يۈز ئەر سىغار.

ئىككى ئەر بىر يەرگە كەلسە خوتۇننىڭ گېپى،
ئىككى ئايال بىر يەرگە كەلسە كىيىمنىڭ (گېپى).

ئىناق ئەر - خوتۇن پاراغەتلىك،
ئۇرۇشقاق ئەر - خوتۇن مالامەتلىك.

ئىندەككە كەلمەيدىغان قارچىغا يوق.

# ي

يا جاندىن كەچ،
يا جاناندىن (كەچ).

يا كۆڭلۈڭنى بەر،
يا كۆڭلۈمنى ئال.

ياتنى تۇغقان قىلاي دېسەڭ ئارىغا پۇل قوي،
تۇغقاننى يات قىلاي دېسەڭ ئارىغا قىز قوي.

ياخشى ئات ئەر قانىتى،
ياخشى ئەر ئەل (قانىتى).

ياخشى ئات قامچا سالدۇرماي مەنزىلىگە يېتەر.

ياخشى ئايال ئەرنى ئەر قىلۇر،
يامان خوتۇن ئەرنى يەر (قىلۇر).

ياخشى ئايال ئەرنىڭ دۆلىتى.

ياخشى ئەر ئەلگە ئورتاق،
يامان ئەر مالغا (ئورتاق).

ياخشى ئەر خوتۇن خارلىماس.

ياخشى بىلەن يۈردۈڭ ـــ يەتتىڭ مۇرادقا،
يامان بىلەن يۈردۈڭ ـــ قالدىڭ ئۇياتقا.

ياخشى خوتۇن ئەر ئىلكىدە.

ياخشى خوتۇن ئەرنى تۈزەيدۇ،
يامان خوتۇن پۇلنى كۆزلەيدۇ.

ياخشى خوتۇن ئەرنىڭ كۆركى،
ئۆينىڭ زىننىتى.

ياخشى خوتۇن تاياق سالدۇرماي ئۆمرى ئۆتەر.

ياخشى خوتۇن تۇل قالماس،
تۇل قالسىمۇ يىل قالماس.

ياخشى خوتۇن تۇل ئەمەس،
قوناقلىقنىڭ ئىچى يول (ئەمەس).

ياخشى خوتۇن جەننەتنىڭ گۈلىدۇر،
يامان خوتۇن دوزاخنىڭ كۈلىدۇر.

ياخشى خوتۇن ساندۇقىدا ئۇن ساقلايدۇ،
ناچار خوتۇن قورسىقىدا غۇم (ساقلايدۇ).

ياخشى خوتۇن سەھەر تۇرۇپ چاقنى توۋلايدۇ،
يامان خوتۇن چۈشتە قوپۇپ ئىرنى ساۋايدۇ.

ياخشى خوتۇن قۇرۇق ئوتۇن،
ناچار خوتۇن كۆيمەس ئوتۇن.

ياخشى خوتۇن قىشتا تۇغۇپ ئىسسىق ياتار،
ئەسكى خوتۇن يازدا تۇغۇپ سېسىپ (ياتار).

ياخشى خوتۇن مۇز ئۈستىدە قازان قاينىتار،
يامان خوتۇن ياخشى ئەرنى مىڭ ئوينىتار.

ياخشى خوتۇن ناخشىغا ئوخشار،
يامان خوتۇن باخشىغا (ئوخشار).

ياخشى خوتۇن ھارغىنىڭدا ئاش قىلار،
يامان خوتۇن سىرىڭنى پاش (قىلار).

ياخشى خوتۇن ئۆي بۇزماس،
ئەقىللىك كىشى ئىش (بۇزماس).

ياخشى خوتۇن ئۆينى گۈل قىلار،
ناچار خوتۇن ئۆينى كۇل (قىلار).

ياخشى خوتۇن ئۆينىڭ چىرىغى،
ياخشى بالا ئۆينىڭ زىننىتى.

ياخشى خوتۇن ئۆينىڭ راھىتى،
ناچار خوتۇن جاننىڭ ئاپىتى.

ياخشى خوتۇن ئۆينىڭ گۈلىستانى،
ناچار خوتۇن ئۆينىڭ گۆرىستانى.

ياخشى خوتۇن ئىككى ئەرگە تەگمەس،
تەگسىمۇ ھېچ ئازار يەتمەس.

ياخشى خوتۇن ياتنى ئۆز قىلار،
يامان خوتۇن ئۆزنى يات (قىلار).

ياخشى خوتۇننىڭ كۆڭلى باغ،
يامان خوتۇننىڭ كۆڭلى زاغ.

ياخشى خوتۇننىڭ ھىممىتى تېگەر ئەلگە،
ياغدا ئەتكەن كۆمەچلىرى قۇۋۋەت بەلگە.

ياخشى خوتۇننىڭ ئوسۇرۇقى يوتقاندا پۇرىماپتۇ،
ئوسۇرسىمۇ ئېرى سورىماپتۇ.

ياخشى خوتۇن — خەزىنە.

ياخشى يىگىت مالسىز بولسىمۇ،
يارسىز بولماس.

ياخشىلارنىڭ بالىسى غېرىب بولسا بولۇر،
قۇل بولماس.

ياد ئەتسەڭ يېنىڭدىمەن،
ياد ئەتمىسەڭ يەمەندىمەن.

يار قەدرىنى يار بىلەر،
ئالتۇن قەدرىنى زەرگەر (بىلەر).

يارنى تاپقاندا گەپ يوق،
گەپنى تاپقاندا يار (يوق).

يارنى تاپقۇچە باغرىم كاۋاپ بولدى،
ئېلىپ قويۇپ ھالىم خاراب بولدى.

يارىم مېھرى بىلەن كۆيدۈرىدۇ،
نازى بىلەن ئۆلتۈرىدۇ.

يارىم مېھىر بىلەن سۆيدۈرەر،
ئىشقى بىلەن كۆيدۈرەر.

يارىمنىڭ تىللىغىنى تىللادۇر،
ياندۇرۇپ تىللىغىنى تەيتىللادۇر.

يارىمنىڭ تالاغا چىققىنى — مېنى بالاغا تىققىنى.

يازنىڭ قىشى بار، قىشنىڭ يازى بار،
سەتنىڭ ھالى بار، چىرايلىقنىڭ نازى (بار).

ياش چېغىڭدا خوتۇنۇڭ بولسۇن،
قېرىغاندا، ھەمراھىڭ بولسۇن.

ياشلىق تۇرماس،
مۇھەببەت قېرىماس.

يالغۇز جانغا گۆر ياخشى.

يالغۇز ئوتۇن يانمايدۇ،
يالغۇز قويۇن ئىسسىمايدۇ.

يامان خوتۇن ئالغاننىڭ دۈشمىنى ئۆيدە.

يامان خوتۇن خوتۇن بولماس،
چاۋار ئوتۇن ئوتۇن (بولماس).

يامان خوتۇن گولدا توختايدۇ،
بولمىسا گوردا (توختايدۇ).

يامان خوتۇن ئۆزۈلمەس تاسما،
ئۇنداق تاسمىنى بوينۇڭغا ئاسما.

يامان خوتۇن ياقىدا.

يامان خوتۇننىڭ ھىيلىسى قامچىدۇر،
پۇت - قولۇڭنى باغلىغىلى ئارغامچىدۇر.

يامانىنى يار قىلما،
سۆيگەننى خار (قىلما).

يامانىنىڭ يامانلىقى سۆزىدىن بىلىنەر،
ئايالنىڭ يامانلىقى كۆزىدىن (بىلىنەر).

يان يەردىن شامال چىقار،
چىرايلىقىقا ھەركىم باقار.

ياندىشقاندىن قاچ،
قاچقاننى قوغلاش.

يانمىسا ئوتۇن يامان،
ياقالمىسا خوتۇن (يامان).

يەر ئالساڭ سايدىن ئال، يېرىڭگە يەر قوشۇلار،
خوتۇن ئالساڭ بايدىن ئال، مېلىڭغا مال قوشۇلار.

يەر بۇزۇلسا بۇدۇشقاق بولۇر،
خوتۇن بۇزۇلسا ئۇرۇشقاق (بولۇر).

يەر بۇزۇلسا تۈزىلەر،
ئەر بۇزۇلسا ئۈزۈلەر.

يەر يەرلىكنىڭ،
خوتۇن شەھەرلىكنىڭ.

يەرگە ئەرنىڭ ئۆگىيى يوق.

يەرگە باقماي ئەرگە باق.

يەرگە تەرنىڭ ئۆگىيى يوق،
خوتۇنغا ئەرنىڭ ئۆگىيى يوق.

يوقسۇزلۇق ھەممىدىن قاتتىق،
ئەر - خوتۇنچىلىق ھەممىدىن تاتلىق.

يول ماڭساڭ تۈزدە ماڭ، ئۇزۇن بولسىمۇ،
تۇغماس خوتۇن ئالمىغىن پۈزۈر بولسىمۇ.

يول ماڭماي ھېرىپسەن،
ئەرگە تەگمەي قېرىپسەن.

يولنى سۇ بۇزار،
خوتۇننى پىتنە (بۇزار).

يۇرت كەزسەڭ پىيادە كەز، يىراق بولسىمۇ،
خوتۇن ئالساڭ ياشنى ئال، ئورۇق بولسىمۇ.

يۇرتنى باشلىق سورايدۇ،
باشلىقنى خوتۇن (سورايدۇ).

يۇلغۇن بولسىمۇ ئوتۇن ياخشى،
ساراڭ بولسىمۇ خوتۇن (ياخشى).

يۇرەكنىڭ سۆزى يۈرەككە ياقار.

يۈز يۈزگە چۈشەر،
مېھىر كۆزگە چۈشەر.

يېقىن بارسام تىللايدۇ،
يىراق كەتسەم مارايدۇ.

يېقىندىن خوتۇن ئالساڭ قۇلىقىڭ تىنماس،
يىراقتىن خوتۇن ئالساڭ ئۇلىغىڭ (تىنماس).

يېقىندىن ئۆيلەنسەم گېپى يامان،
يىراقتىن ئۆيلەنسەم يولى (يامان).

يېقىندىن ئېشەك ئالما،
يىراقتىن خوتۇن (ئالما).

يېڭىسى ياندا،
كونىسى جاندا.

يېڭى كۆلنىڭ سۈيى سوغۇق.

يېڭىسى ياندا،
كونىسى جاندا.

يېڭىنىڭ نادانلىقى بار،
كونىنىڭ قەدىردانلىقى (بار).

يىراقتىن خوتۇن ئالساڭ ئال، ئۇلاغ ئالما،
يېقىندىن خوتۇن ئالساڭ ئال، قۇلاق سالما.

يىگىت ئاشىق بولسا قىزغا قارار،
قىز ئاشىق بولسا تىزغا قارار.

يىگىتكە كۆز كېرەك،
قىزغا بۆز (كېرەك).

يىگىتنىڭ بەختى ئوت خوتۇن،
جان قىيىنغان توڭ خوتۇن.

يىگىت سۆيسە ئالار،
قىز سۆيسە قالار.



# ئۇرۇغ - تۇغقاندارچىلىق
# توغرىسىدا

# ئا

ئات كىشنىشىپ تېپىشار،
تۇغقان ئىزدىشىپ تېپىشار.

ئاتا ــ خەزىنە،
ئاكا ـ ئۇكا ــ تايانچى.

ئاتا ــ ئۆلمەك مىراس،
قېرىنداشنىڭ ئۆلۈمى قىيامەت.

ئاتاڭنى سېغىنساڭ، تۇغقاننى كۆر.

ئاتقا تۆمۈر پاتقاننى،
ئېگەر بىلمەس، ئات بىلەر.

ئاتىداشىم ئاتقا مىن،
ئانىسى باشقا، ئاتتىن چۈش.

ئاتىقى چىققاننى ياتمۇ تۇغقىنىم دەر،
چاتىقى چىققاننى تۇغقانمۇ يات (دەر).

ئاچچىقلانسا ئاتىسى يېڭەر،
ھەزىللەشسە بالىسى (يېڭەر).

ئارپا ـ بۇغداي سامانىنى سەلكىن ئايرىيدۇ،
ئۇرۇق ـ تۇغقان قېرىنداشنى ئۆلۈم ئايرىيدۇ.

ئاغا ـ ئىنى ئىناق بولسا ئات تولا،
ئىگىچە ـ سىڭىل ئىناق بولسا ئاش(تولا).

ئاغرىپ باش ياستۇققا تەگسە،
ئۆز قېرىنداش ئۆزگىدۇر.

ئاغرىپ ساقايغان جان ئولجا،
يوقىلىپ تېپىلغان مال ئولجا.

ئاغىدا قالدىڭ ـــ ئېغىلدا قالدىڭ،
يەڭگىدە قالدىڭ ـــ يېغىدا قالدىڭ.

ئاق قۇشقاچنىڭ تۇغقىنى يوق،
تۇغقانسىزنىڭ ئۆلگىنى يوق.

ئاكا ـ ئۇكا ئازغاننى ئۆزى بىلمەس، يات بىلەر.

ئاكا ـ ئۇكىنىڭ ئازارى بولسىمۇ، بىزارى بولماس.

ئاكا ـ ئىنى يامان دەپ، تۇغقاننى نەدىن تاپىسەن؟

ئاكاڭ بىلەن ئويناشما، شىللى پاتاڭ يەيسەن،
ھەدەڭ بىلەن ئويناشما، خېمىرتۇرۇچ يەيسەن.

ئاكاڭ كىمنى ئالسا، يەڭگەڭ شۇ.

ئاكاڭنى كۆرسەڭ ئاتتىن چۈش.

ئاكام چوڭ، مەن زور.

ئاكامنى تەلۋە قىلغان يەڭگەمنىڭ خىيالى.

ئاكامنىڭ ئېقىپ ئۆلگىنىگە يىغلىمايمەن،
ئېشەكنىڭ ئۆلگىنىگە يىغلايمەن.

ئالتە قېرىنداش ئالا بولسا،
ئالدىدىكىدىن قۇرۇق قالار.

ئالدىدىكى ئۆزنى كۆرمەي،
يىراقتىكى ياتنى كۆرۈپتۇ.

ئاناڭنى ئالىقاندا تۇتساڭ،
سىڭلىڭنى بېشىڭدا كۆتۈر.

ئاناڭنى سىرتتا ساقلىساڭ،
سىڭلىڭنى ئالىقاندا ساقلا.

ئايالنىڭ تۇغقىنى كەلسە ياغ بىلەن گۈرۈچ،
ئەرنىڭ تۇغقىنى كەلسە كۈندە ئۇرۇش.

## ئە

ئەر قېرىنداش پىچاقلىشۇر،
قىز قېرىنداش قۇچاقلىشۇر.

ئەرنىڭ تۇغقىنى تۆردە يېتىپ ئاچ قالار،
خۇتۇننىڭ تۇغقىنى ئوچاق تۇۋىدە كۆپ بولار.

ئەسكى چاپان يامغۇردا ياخشى،
يامان تۇغقان ئۆلگەندە (ياخشى).

## ب

باجا باجىغا بۆز بەرمەيدۇ، سۆز بېرىدۇ.

باجا باجىنى كۆرسە كۆتى قىچىشار.

بار تاۋىقىم، يان تاۋىقىم،
هۆل بېرىپ قۇرۇق يانساڭ،
يېرىم يولدا سۇن تاۋىقىم.

بار تۇغقان خىزمەتتە،
يوق تۇغقان ئىززەتتە.

بارار يېرى قالمىغان باجىسىنىڭ ئۆيىگە بېرىپتۇ.

باش يېرىلسا بۆك ئىچىدە،
قول سۇنسا يەڭ ئىچىدە.

باي تۇغقاندىن بۇلۇت يېقىن.

بەرسەڭ ــــ قېرىنداش،
بەرمىسەڭ ــــ يات.

بۇغداينى ئۇن قىلغان ئىككى تاشتۇر،
يۈرەكنى خۇن قىلغان قېرىنداشتۇر.

بىر تاغا يەتتە ئاتا ئورنىغا ئۆتەر.

بىر تۇغقاننىڭ بېغىشى چىڭ.

بىر تۇغۇلغاندىن، بىر تۇتۇنغاندىن.

بىر قورساق قۇچاقلىشۇر،
يات قورساق پىچاقلىشۇر.

بىر كۆرگەن - تونۇش،
ئىككى كۆرگەن ئاشنا،
ئۇچ كۆرگەن قېرىنداش.

بىرنى بەرسەڭ ئاتاڭغا،
مىڭنى ئالىسەن بالاڭدىن.

بىگانە سۆز بىرەر،
بۆز بەرمەس.

## پ

پۇختا ئىشتىن كاۋاك چىقماس،
تەنها قولدىن چاۋاك چىقماس.

پۇلۇڭ بار چاغدا ئەھۋال سورايدۇ،
پولۇڭ يوق چاغدا ئارقاڭدىن غاجايدۇ.

## ت

تاش پاناھ بولۇر،
كۈيۈئوغۇل پاناھ بولماس.

تاغاڭدا بولغىچە،
تاغىرىڭدا بولسۇن.

تاغامدىن تاغار ياخشى،
ھامىمامدىن باداڭ (ياخشى).

تاماقتىن يامانلىغان قورساقنىڭ توقلۇقى،
تۇغقاندىن يامانلىغان ئەقىلنىڭ يوقلۇقى.

تەن بىلەن يۈرەك،
گۆش بىلەن سۆڭەك،
ياغ بىلەن بۆرەك،
يىلەك بىلەن خەمەك،
بولمايدۇ بۆلەك.

توغرا سۆز تۇغقىنىڭغا يارىماس.

تويار ئاشنى كۆز تونۇيدۇ،
قېرىنداشنى كۆڭۈل (تونۇيدۇ).

تۇخۇمى بىرنىڭ بېرى بىر.

تۇغقان بىلەن تۇغقان بولاي دېسەڭ، ئوتتۇرىدا پۇل قوي.
تۇغقان بىلەن يات بولاي دېسەڭ، ئوتتۇرىدا قىز قوي.

تۇغقان يىراق بولسا كىشنىشەر،
يېقىن بولسا چىشلىشەر.

تۇغقانغا تۇغقان يېپىشار،
ياتقا بالا (يېپىشار).

تۇغقانلار ئامانلىقتا ئەمەس،
يامانلىقتا بىلىنەر.

تۇغقاننى تاشلىسا يات بولۇر،
كەتمەننى تاشلىسا دات بولۇر.

توغقاننىڭ ئازارى بار،
بىزارى يوق.

توغقاننىڭ ئېتى توغقان، دۈمبالىسىمۇ توغقان.

توغقىنى يوقنىڭ يۆكى يوق،
دوستى يوقنىڭ يولى يوق.

توڭ ئايرىغان ماي يەر،
قېرىنداش ئايرىغان لاي (يەر).

تېرەكتىن كات چىقار،
توغقاندىن يات چىقار.

تىرناقنى گۆشتىن ئايرىپ بولماس.

## ج

جان تارتمىسا، قان تارتار.

جان قېرىنداش مال قېرىنداش ئەمەس.

جانغا ئارا تۇرغان، توغقاندىن ئەلا.
جېنى باشقىنىڭ تېنى باشقا.

جىيەنى ئىشىكتىن كىرسە،
يەتتە بۆرە تۆشۈكتىن كىرەر.

## چ

چاپتۇرغىلى ئات ياخشى،
لاپ ئۇرغىلى يات ياخشى.

چەيلەنگەن باراڭ بولماس،
يات ئادەم داداڭ بولماس.

چېچەن ئوغۇل قېرىنداشتىن ياتلاشماس.

چېچەن ئۇكا ئاكىسىنىڭ نامىنى ساقلار.

## خ

خوتۇن قوينۇمدا،
تۇغقان يېنىمدا.

خوتۇننىڭ تۇغقىنى كەلسە، شورپا ـ گۆرۈچ،
ئەرنىڭ تۇغقىنى كەلسە، كوندە ئۆرۈش.

خوتۇننىڭ تۇغقىنى كەلسە، قازاندا ۋاژ - ۋاژ قاينايدۇ.
ئەرنىڭ تۇغقىنى كەلسە، ئۆيدە غاژ - غاژ قاينايدۇ.

خۇدا قېرىنداشنى بىر ياراتقان، خالتىسىنى ئايرىم ياراتقان.

## د

دەرەخ يىلتىزىغا تايىنار،
ئادەم قېرىندىشىغا (تايىنار).

## ز

زەردار مېنىڭ تۇغقىنىم،
نامراتنى مەن كۆرمىسەم.

## س

ساپال چىنى بولماس،
يات ئىنى (بولماس).

سەۋر قىلساڭ تايچاق ئات بولۇر،
نامەرد بولساڭ تۇغقان يات (بولۇر).

سوتقا چۈشكەن قېرىنداش بولماس.

سۇ ئاقىدۇ ئېقىندىن،
بالا كېلىدۇ يېقىندىن.

سۇغا چۈشسە ساق چىقماس.

سۇنغان قولنىڭ ئېغىرى بوينۇڭغا چۈشەر.

سۇرەن چىقسا ئۇرۇق - تۇغقان جەملىنەر،
يىغا چىقسا خەلق توپى تەۋرىنەر.

سىلاشقاندا يات ياخشى،
يىغلاشقاندا ئۆز (ياخشى).

## ش

شاپتۇل قوي ئۆزۈڭگە،
ئۆرۈك قوي بالاڭغا،
ئامۇت قوي نەۋرەڭگە،
ياڭاق قوي چەۋرەڭگە.

شەيتان پوستۇڭدىن چىقار.

## غ

غەلۋىسى جىق ئۆينىڭ شېكىرىمۇ ئاچچىق.

## ق

قاراڭغۇدا قىچقارساڭ،
قېرىنداش تاۋۇش بېرەر.

قارلىغاچ قارلىغاچقا دان بېرەر،
قېرىنداش قېرىنداشقا جان بېرەر.

قازانغا قارىغان قېرىنداش بولماس.

قازىنى باشقىنىڭ قايغۇسى باشقا.

قان يىغلىغاندا قېرىنداش،
ياغ يالىغاندا يات ياخشى.

قان - قېرىنداش — جان قېرىنداش.

قۇداڭدىن قورققىچە،
خۇدادىن قورق.

قىرىنداش بىر ئۆلۈمدە،
بىر كۆرۈمدە سىنىلار.

قىرىنداش دېسە قارىمىغان، قۇدا دېسە قاراپتۇ.

قىرىنداش قىرىنداشقا جان بېرەر،
قارلىغاچ بالىسىغا يەم بېرەر.

قىرىنداشتىن قارنىم ياخشى.

قىرىنداشتىن قەرز ئالما،
قىرىنداشقا قىز بەرمە.

قىرىنداشلار يىقىلسا يۆلىگىن،
ئۆتنە ئالساڭ تۆلىگىن.

قىرىنداشلىقنى قاراڭغۇ كۆندە بەلگىلە.

قىرىنداشنىڭ ئازارى بولسىمۇ،
بىزارى بولماس.

قىرىنداشنىڭ تاۋۇشى قاراڭغۇدا بەلگىلىك.

قىرىنداشنىڭ ئوتى يامان.

قىرىندىشىڭ ئۆلسە ئۆلسۇن،
قەدىردانىڭ ئۆلمىسۇن.

قىرىندىشىڭغا قەرز بەرمە،
بەرسەڭ سورىما.

قىرىندىشىڭنى چايغا چاقىرما،
ئىشقا چاقىر.

قىرىندىشىمدا بولغىچە،
چىراغدىنىمدا بولسۇن.

قىيىنئىنىم ـ قايماق ياغىم،
قىيىنسىڭلىم ــ يۈرەك داغىم.

قىيىنسىڭىل ــ يىرىم كۈنداش.

قىزلىق ئۆي قۇدىسىز بولماس.

## ك

كالىنىڭ مۈڭگۈزىگە ئۇرساڭ،
تۇيىقى سىرقىرار.

كۆيۈمى يوق قىرىنداشتىن،
ئىسسىق ئوچاق ياخشى.

كۈرەش بىلمىگەن ئاتىسىنى يىقىتار.

كۈزنىڭ ئاپتىپىغا قىزىقنى سال،
ئەتىيازنىڭ ئاپتىپىغا كېلىننى (سال).

كۈيۈئوغۇل بالا بولماس،
ئۆپكە ـ قېرىن گۆش بولماس.

كېسەل ئاشتىن،
داۋا ــــ قېرىنداشتىن.

كېلىن ئالساڭ كەمبەغەلدىن ئال،
قىز بەرسەڭ بايغا بەر.

كېلىن بالا ــــ كىشىنىڭ ئۆيىدىكى ئامانەت.

كېلىننىڭ كۆڭلى كەڭ بولماس،
ئۆز بالىسىغا تەڭ بولماس.

كېلىننىڭ كەلدى ئاي كەلدى.

كېلىنىڭگە نېمە قىلساڭ،
قىزىڭدىن شۇنى كۆرسەن.

## گ

گۆش بىلەن ياغ بىر تۇغقان،
پىيازنىڭ كۆيگىنى كۆيگەن.

گۆش تىرناقتىن ئايرىلماس.

## ل

لايدىن ياسالغان خام كوزا،
سۇغا چۈشسە ساق چىقماس.

لايغەزەل قېرىنداشتىن چىچەن دوست ئەلا.

## م

ماڭلىيىڭغا ئۇرىدىغان تاشمۇ ئۆزۈڭدىن بولسۇن.

مۈڭ تۆككىلى قېرىنداش ياخشى.

مېھرسىز قېرىنداشتىن،
مېھر بىلگەن يات ياخشى.

## ن

نېنىڭ پۈتۈن بولسا،
تۇغقىنىڭ يېقىن بولار.

## ھ

ھايات ـ ماماتلىق پەيتتە قېرىنداشلىق كارغا كەلمەپتۇ.

## ئو

ئوزۇقلۇق ئات خورىماس،
قېرىنداشلىق قېرىماس.

ئوسما كېتەر قاش قالار،
يات كېتەر، قېرىنداش قالار.

ئوڭ قولۇم، سول قولۇم،
ھەر ئىككىسى ئۆز قولۇم.

ئون ياتتىن بىر تۇغقان ئەلا.

ئويناشسا ئۇكىسى يېڭەر،
مۇشتلاشسا ئاكىسى (يېڭەر).

# ئۆ

ئۆرۆغ ـ تۇغقاننىڭ ئۆرۈشۈشى ـــ تاۋار ـ دۇردۇننىڭ قۇرۇشى.

ئۆرۈق ـ تۇغقان بولسا ئەپ،
تېگەر ئۇندىن نۇرغۇن نەپ.

ئۆرۈق ـ تۇغقان تېپىشار،
ياتقان بالا يېپىشار.

ئۆرۈق ـ تۇغقان يات بولماس،
ئالتۇن ـ كۈمۈش دات بولماس.

ئۆرۈق ـ تۇغقان يامانلاشسا،
ياتنىڭ مېھرى قاچار.

ئۆرۈق ـ تۇغقان يىراقتا ياخشى،
ئوتۇن ـ ياغاچ يېقىندا ياخشى.

# ئۆ

ئۆز خورلۇقۇڭ جاندىن ئۆتەر،
يات خورلۇقى ياندىن (ئۆتەر).

ئۆز قېرىندىشىڭنى دادىلساڭ،
ياتنىڭ مېھرى كېتەر.

ئۆز ئۆيىنى يورۇتمىغان چىراغ،
ئۆزگىنىڭكىدە مەشئەل بولالماس.

ئۆز — ئۆلگىچە،
يات — يېگۈچە.

ئۆزگە ئۆزۈڭدەك بولماس،
يات قېرىندىشىڭدەك (بولماس).

ئۆزگىنىڭ بالىسىغا كىشمىش بەرسەڭمۇ تۇرماس.

ئۆزۈڭنىڭ ئېتىڭغا مىن،
ئۆزۈڭنىڭكىدىن چۈش.

ئۆزۈمدىن چىققان بالاغا،
قايغا باراي داۋاغا.

## ئۇ

ئۇجمىنىڭ يىلتىزىنى يىراقتىن ئىزدە.

ئۇچ بىر تۇغقان بىرلەشسە، يولۋاس قورقۇپتۇ.

ئۆچ قىز چوڭ قىلغان جەننەتكە كىرەر.

ئۆزۈلگەن يىپنى ئۇلىساڭ، تۈگۈنچەك قالار.

ئۆزۈم قىلساڭ، باراڭغا ئال،
توي قىلساڭ، مەسلىھەت سال.

ئۆسكەك كالىنىڭ مۈڭگۈزى قىسقا.

## ۋ

ۋاپا بىلمەس قېرىنداشتىن يېقىندىكى يات ياخشى.

ۋاپاسىز قېرىنداشتىن ۋاپادار ئاشنا ياخشى.

## ئې

ئېشەكنىڭ قاشىڭى سالپاڭ قۇلاق ـ ھارغاق،
كۆيۈئوغۇلنىڭ قاشىڭى قېيىنئانىسىنىڭكىدە قونغاق.

ئېغىر كۈندە قېرىنداش ياخشى،
ئوينىغاندا دوست ـ ئاداش (ياخشى).

## ئى

ئىت قىلغاننى ئىگىسى بىلەر،
ئۇكا قىلغاننى ئاكىسى (بىلەر).

ئىزدەشسە تۇغقان،
ئىزدەشمىسە توشقان.

ئىزدەشمىگەنچە ئارىلىق ئۈزىرار.

ئىسسىمىغان كاڭدىن كات ياخشى،
كۆيۈمى يوق تۇغقاندىن يات (ياخشى).

ئىش ئۇستىدىن قورقىدۇ،
يامان پۇشتىدىن (قورقىدۇ).

ئىككى بىر تۇغقاندىن دۆ قورقار.

ئىككى تۇغقاندىن يولۋاس قورقىدۇ.

## ي

يات ئاتقان تاشتىن، قېرىنداش ئاتقان گۈل قاتتىق تېگەر.

يات سېنى ياتقۇزار،
غەم ـ قايغۇغا پاتقۇزار.

يات يېگۈچە،
قېرىنداش ئۆلگۈچە.

ياتتىن يامان كەلمىسۇن،
ئۆزۈڭدىن يامان چىقمىسۇن.

ياتقا يېلىنغۇچە، تېمىڭغا يېلىن.

ياتنىڭ تۆرىدە ئولتۇرغۇچە،
تۇغقاننىڭ بوسۇغىسىدا ئولتۇر.

ياتنىڭ تۆرىدە ئولتۇرغۇچە،
تۇغقاننىڭ كۈلۈڭىدا ئولتۇر.

ياتنىڭ سۆزى ياندىن ئۆتەر،
تۇغقاننىڭ سۆزى جاندىن (ئۆتەر).

ياتنىڭكى ياندىن ئۆتەر،
ئۆزنىڭكى جاندىن (ئۆتەر).

ياتنىمۇ تۇغقان قىلغان قارا قازاننىڭ ئېشى.

ياردىمى يوق قېرىنداشتىن يەتتە يات بىگانە ياخشى.

ياغ يېگەندە يات،
دەرد تارتقاندا قېرىنداش.

ياغاچ كەسسەڭ ئۇزۇن كەس، ئۇلغىلى بولماس،
كۈيۈئوغۇل بىلەن ئۇرۇشما، تىللىغىلى بولماس.

ياغاچنىڭ شوتىسى ئۆزىدىن.

يالغۇزلۇقتا يار ياخشى،
مۇڭلانغاندا قېرىنداش (قېرىنداش).

يامان قېرىنداشقا يېلىنغۇچە،
قارا قازىنىڭغا يېلىن.

يەتتە باجىنى بىر بۆرە يەر.

يەڭگە ـ كېلىن دوست ئەمەس،
ئۆپكە ـ قېرىن گۆش ئەمەس.

يەڭگە ـ كېلىن ئىناق بولسا،
ئاكا ـ ئۇكا يىراق بولماس.

يوبدانىنىڭ ئېتى يوبدان،
گۆش توغرىسىمۇ يوبدان.

يۈرەك يۈرەكنى تونۇيدۇ.

يېقىنلىقنىڭ بەلگىسى ــ كېلىپ كېتىپ تۇرغىنى،
يىراقلىقنىڭ بەلگىسى ــ ئانچە كەلمەي يۈرگىنى.

يىغا يانداشتىن كېلەر،
بالا قېرىنداشتىن (كېلەر).

يىغا ياندىن قوپار،
دۈشمەن تاپاندىن (قوپار).

— پۇل نەگە بارسەن؟
— تۇغقاننى يات قىلغىلى.





# قوشندارچلق توغرسیدا

# ئا

ئات ئالساڭ دوستۇڭ بىلەن كېڭەش،
قوي ئالساڭ قوشناڭ بىلەن (كېڭەش).

ئاداۋەت يىراق بولسۇن،
قوشنىلار ئىناق (بولسۇن).

ئايرىلماس قوشناڭغا ئۇياتلىق سۆز قىلما.

# ئە

ئەتە قوپۇپ قوشناڭغا باق.

ئەرنىڭ ئەسكىسى قاراقچى،
قوشنىنىڭ ئەسكىسى ماراقچى.

ئەقىلسىز قوشنىدىن،
بىر قېتىم ھەممەت ياخشى.

ئەۋلىيامۇ قوشنىنى قوللار.

## ب

بەش قولۇڭ ياغ بولسا، قوشناڭغا سۇۋا.

بۆرە قوشنىسىنى يېمەس.

بېخىل بىلەن دوست بولغۇچە،
سېخيغا قوشنا بول.

بىر قوشنا بولۇپ سىناش،
بىر قۇدا بولۇپ سىناش.

بىر قىزغا يەتتە قوشنا ــ ئاتا ـ ئانا.

بېگىمگە قوشنا بولساڭ ئەركىن قۇل بولىسەن.

## پ

پەيلى بۇزۇق قوشنىدىن،
قوتاندىكى قوي ياخشى.

پۇراقسىز گۇلدىن غازاڭ ياخشى،
كۆيۈمسىز قوشنىدىن سازاڭ(ياخشى).

پۇل بېرىپ ئۆي ئالغۇچە،
ئالتۇن بېرىپ قوشنا ئال.

## ت

تالادا قوشنىسىنى ياراتماپتۇ،
ئۆيدە ئۆزىنى (ياراتماپتۇ).

تەلەيلىكنىڭ قوشنىسى قوش.

توڭگۇزنى ماشقا ئۆگەتمە،
قوشنىنى ئاشقا (ئۆگەتمە).

تويدا كۈلگەن قوشناڭنى ئۆلۈمدە سىنا.

تۇخۇمنىڭ سېسىقى پالاق،
قوشنىنىڭ يامىنى شاللاق.

تۈگمەنگە بارساڭ قوشناڭغا دېمە،
بازارغا بارساڭ خوتۇنۇڭغا (دېمە).

## ج

جانغا ئارا تۇرغان قوشنا تۇغقاندىن ئەلا.
جېدەلخور قوشنا بېشىڭنى ئۇماچ قىلا.

## چ

چىقىمچى قوشنىدىن چىلىمچى قوشنا ئەلا.

## خ

خىيانەتكار قوشنىدىن كاپ ـ كاپ كۆچۈكۈڭ ياخشى.

## د

دۈشمەننى دوستۇم دېمە،
چايانى قوشنام دېمە.

دۈشمىنىڭ گاس بولسا تىلىڭنى يىغ،
قوشناڭ كور بولسا، كۆزۈڭنى قىس.

ر

رەزىل ئادەم باي بولسا،
يېنىغا قوشنا يولاتماس،
يولاتسىمۇ تىنچىتماس.

رەزىل بىلەن يەر قوشنىمۇ بولما،
گۆر قوشنىمۇ بولما.

رەزىللەرگە گۆر قوشنا قىلما،
ئىغۋاگەرگە يان قوشنا (قىلما).

ز

زەردار قوشناڭدىن سورىغىچە،
يوق ئۆيۈڭنى ئاختۇر.

زېمىننى كېپەككە ئالساڭ،
قوشناڭنى ئالتۇنغا ئال.

## س

سالىمى يوق قوشنا،
كۆڭلۈڭنى خىرە قىلار.

سەن تىنچ، قوشناڭ تىنچ.

سەھەر قوپۇپ قوشناڭغا باق.

## ش

شاپائەت قىل قوشناڭغا،
يەتسەڭ ئەگەر بىر نانغا.

## غ

غەرەزلىك قوشنا ـــ ھاياتقا ئاپەت.

غەيۋەتچىنى قوشنا قىلساڭ، ئابرۇيۇڭ چۈشەر،
ياخشىنى قوشنا قىلساڭ، ئابرۇيۇڭ ئۆسەر.

# ق

قوشنا بولساڭ يۆلەك بول،
بولمىسا بۆلەك بول.

قوشنا قوشنىدىن سەھەر تۇرۇشنى ئۆگىنەر.

قوشنا ھەققى — خۇدا ھەققى.

قوشنا ياخشى ئەينەك.

قوشنا يامان بولسا، ياخشى قوشنىنىڭمۇ ئىناۋىتى چۈشۈپ كېتەر.

قوشناڭ بولسا كۆكەرمە،
جېدەلگە مۇشت كۆتۈرمە.

قوشناڭ بىلەن ئوبدان ئۆتسەڭ بېشىڭ ساق بولۇر،
قوشناڭ بىلەن يامان ئۆتسەڭ چېچىڭ ئاق بولۇر.

قوشناڭ تاز بولسا بېشىڭنى قاشلىما.

قوشناڭ جەبىر قىلسا سەۋر قىل.

قوشناڭ ساقىلىنى ئالسا، سەنمۇ ساقىلىڭنى قىسقارت.

قوشناق ساڭا باقمىسا سەن قوشناڭغا باق.

قوشناڭ شوتىنىڭ ياغىچى بولسا،
سەن شوتىنىڭ بالدىقى بول.

قوشناڭ قارىغۇ بولسا،
بىر كۆزۈڭنى قىسىۋال.

قوشناڭ كەلسە ئاشقا،
چىرايىڭ بولمىسۇن باشقا.

قوشناڭ گاچا بولسا، گاس بولۇۋال.

قوشناڭ يىغلىسا سەن كۈلمە.

قوينۇڭدىن تۆكۈلسە قونچۇڭغا.

قوشناڭدىن ئوغرىلىغان مونچاقنى گۆرگە كىرگەندىلا تاقىيالايسەن.

قوشناڭغا قاراپ يول تۇت.

قوشناڭنى ياخشى كۆرسەڭمۇ،
توسۇقنى بۇزۇۋەتمە.

قوشناڭنىڭ غەيۋىتىنى قىلسا گاس بولۇۋال.

قوشناڭنىڭ قىزىنى كېلىن قىلما،
نېپىز يۈزۈڭنى قېلىن قىلما.

قوشناڭنىڭ ئۆيىگە قاراپ تۈكۈرمە.

قوشنامنىڭ قوشنامغا قوش كۆرۈنەر.

قوشنامنىڭ ئېشىنى ئوخشاتقان موللامنىڭ ئوتىيېشى.

قوشنىسىغا بەرمىگەن ئەلگەككە، سۇ ئېلىپ قويۇپتۇ.

قوشنىسىنىڭ قوش كۆرۈنۈپتۇ،
پوقىقى مۇشت كۆرۈنۈپتۇ.

قىزىقچىنىڭ قوشنىسى قېرىماس.

قىزىڭنى ئەر ئالمىسا قوشناڭدىن كۆر.

ك

كۆرۈشكەندە قوشنا ياخشى،
ئۆرۈشقاندا ھەممىسى (ياخشى).

كۆڭلى قارا قوشنا بېغىڭنى پايخان قىلار.

كۈلمە قوشناڭغا،
كېلەر بېشىڭغا.

كىگىزنى قوشناڭغا سات،
بىر يېنىدا ئۆزۈڭ يات.

## گ

گىلەم ساتساڭ قوشناڭغا سات،
بىر چېتىدە ئۆزۈڭ ئولتۇرىسەن.

## ل

لوقما يېسەڭ، قوشنا ھەققىنى ئۇنتۇما.

لېۋىڭنى گەز باغلاپ كەتسىمۇ،
سۈيۈڭنى قوشناڭغا سۇن.

## م

مېلىڭنى ئوغرىغا تاپشۇر،
قوشناڭ تىنچ ـ ئامان بولسۇن.

## ن

نادانلارغا باشچى بولغىچە،
ئاقىللارغا يان قوشنا بولغىن.

## ھ

ھەسەتخور قوشنىدىن تالاپەت كېلەر.

ھۆرۈن قوشنىنىڭ ئەخلىتى تولا.

## ئو

ئوتنى كوچىلىساڭ ئۆچەر،
قوشنىنى كوچىلىساڭ كۆچەر.

ئوغلۇڭ چوڭ بولسا دانالار بىلەن قوشنا بول،
قىزىڭ چوڭ بولسا خۇيلۇقلار بىلەن (قوشنا بول).

ئون كويغا جاي سېتمۋال،
مىڭ كويغا قوشنا (سېتمۋال).

## ئۇ

ئۇ قوشنامنىڭ توخۇسى بۇ قوشنامغا غاز كۆرۈنەر.

ئۇيانغا باق، بۇيانغا باق،
سەھەر تۇرۇپ قوشناڭغا (باق).

## ئۆ

ئۆزۈڭ تىنچ — قوشناڭ تىنچ.

ئۆزۈڭدە بولسا سۇنمايسەن،
قوشناڭدا بولسا، تىلەيسەن.

ئۆزۈڭنى چىڭ تۇت،
قوشناڭنى ئوغرى تۇتما.

ئۆي تاپقۇچە قوشنا تاپ.

ئۆي كۆچۈشتىن ئىلگىرى قوشنا ئىزدە،

# ۋ

ۋاپادار قوشنا ـــ تېپىلماس گۆھەر.

# ئې

ئېشىكنى قوشناڭدىن ئايىما.

ئىگىسىگە كېرەك بولسا،
قوشنىسى غىڭ قىلماس.

# ئى

ئىتىڭ يامان بولسا، ئېتىپ قۇتۇلىسەن،
ئېتىڭ يامان بولسا، سېتىپ قۇتۇلىسەن،
قوشناڭ يامان بولسا قېچىپ قۇتۇلىسەن،
ئېرىڭ يامان بولسا، كېتىپ قۇتۇلىسەن،
پېئىلىڭ يامان بولسا، ئۆلۈپ قۇتۇلىسەن.

ئىگىسى يەكلىگەننى قوشنىسى يەكلەپتۇ،
ئەر يەكلىگەننى يەر (يەكلەپتۇ).

ئىناق ئۆت قوشناڭ بىلەن دائىما،
ھەتتاكى جاننى دېسە ئايىما.

## ي

ياخشى قوشنا ئامەت،
يامان قوشنا ئاپەت.

ياخشى قوشنا خوشلىشىپ كۆچەر،
يامان قوشنا مۇشتلىشىپ (كۆچەر).

ياخشى قوشنا دەردكە ھەمدەم،
يامان قوشنا باشقا مۇڭ ـ غەم.

ياخشى قوشنا ياخشى يولغا باشلايدۇ.

ياخشى قوشنا ــ جان قوشنا،
يامان قوشنا ــ نان قوشنا.

ياخشى قوشنا ــ دەردكە داۋا،
ئەسكى قوشنا ــ باشقا بالا.

ياخشى قوشنا ــ يېرىم بايلىق.

ياخشى قوشنا ــ يىراق قېرىنداشتىن ئەلا.

يامان قوشنا سۆغۆرۈپ ئالار قومۇشنى،
ياخشى قوشنا چىڭىتىپ قويار بوشنى.

يامانغا گۆردىمۇ قوشنا تېپىلماس.

يان قوشنا ــ جان قوشنا.

يانداشمۇ ــ قوشنا،
ئۇدۇلمۇ ـ قوشنا.

يەر قوشنا تام قوشنىدىن يېقىن.

يۇرتۇڭدا نېمە بارلىقىنى باشقا يۇرتتىن سورا،
ئۆيۈڭدە نېمە بارلىقىنى قوشناڭدىن سورا.

يىراقتىكى تۇغقاندىن،
يېقىندىكى قوشنا ياخشى.



# پەرزەنت ۋە پەرزەنت
# تەربىيەسى توغرىسىدا

# ئا

ئاتا باشلىمىغاننىڭ پوردىقى چوڭ،
ئانا باشلىمىغاننىڭ ئەمچىكى(چوڭ).

ئاتا بالا ئۈچۈن تەخت ياسار،
بەخت ياسىتالماس.

ئاتا بولمىغان ئاتا قەدرىنى بىلمەس.

ئاتا ـ ئانا يايرىسا باغ،
يۆلەنسە تاغ.

ئاتا ـ ئانا يوشۇرغاننى بالا ئاشكارىلار.

ئاتا ـ ئاناڭ بار بولسا،
مىڭ قويۇڭ تاغدا.

ئاتا ـ ئاناڭ بارىدا كۆندە ھېيت،
ئاتا ـئاناڭ بولمىسا، نەدە ھېيت.

ئاتا ـ ئاناڭ بولسا، قوينۇڭغا بۆرە كىرەلمەس.

ئاتا ـ ئاناڭدىن مىراس قالسۇن دېسەڭ،
ھۈنىرىڭگە ئىخلاس قىل.

ئاتا ـ ئاناڭدىن ئۇلۇغ مازار يوق،
ئاخىرەتتىن ئۇلۇغ بازار يوق.

ئاتا ـ ئاناڭغا جېنىڭنى پىدا قىل.

ئاتا ـ ئاناڭغا نېمە قىلساڭ،
پەرزەنتىڭدىن شۇنى كۆرىسەن.

ئاتا ـ ئاناڭنى باقمىساڭ،
پەرزەنتىڭدىن تاما قىلما.

ئاتا ـ ئاناڭنىڭ دۇئاسىنى ئالساڭ، خورلۇق تارتمايسەن.
ئاتا ـ ئاناڭنىڭ قارغىشىنى ئالساڭ، خوۋلۇق كۆرمەيسەن.

ئاتا ـ ئاناڭنىڭ ھۆرمىتىنى قىل،
كۈندە كېلىپ خىزمىتىنى قىل.

ئاتا ـ ئانام بار يانچۇقۇمدا،
خوتۇن ـ بالام بار ساندۇقۇمدا.

ئاتا ـ ئانام بولسىكەن،
ئاغزى ـ بۇرنى بولمىسىكەن.

ئاتا ـ ئانا ــــ ھايات مازار.

ئاتا ـ ئانىنى باققان كىشى،
ئوڭ بولۇر دائىم ئىشى.

ئاتا ـ ئانىنىڭ ھاياتى بالىسىدا.

ئاتىسى بار لەۋەن بالا،
ئانىسى بار بەلەن (بالا).

ئاتىسى بولۇشقاقنىڭ ئوغلى ئۇرۇشقاق،
ئانىسى بولۇشقاقنىڭ قىزى بۇدۇشقاق.

ئاتىسى تۇرۇپ سۆزلىگەن ئوغۇلدىن بەز،
ئانىسى تۇرۇپ سۆزلىگەن قىزدىن بەز.

ئاتىنىڭ كۆڭلى بالىدا،
بالىنىڭ كۆڭلى دالادا.

ئادەمنىڭ مېۋىسى — بالا.

ئارپا تېرىساڭ ئاتقا بەر، سامان يېسۇن كالىلار،
نانىنى تاپساڭ ئۆزۈڭ يە، ئىشلەپ يېسۇن بالىلار.

ئانا بىلەن بالا — گۈل بىلەن لالە.

ئانا سۈتى بىلەن كىرگەن خۇي ئۆلگەندە تۈزىلەر.

ئانا قۇشقاچ پاتقان كامارغا بالا قۇشقاچ پاتماپتۇ.

ئانا كۆرۈپ قىز ئال،
قىرغاق كۆرۈپ بۆز ئال.

ئانا ئۆگەيلىمىسە، بالا ئۆگەيلەپتۇ.

ئانا — دەرەخ، بالا — مېۋە.

ئانا — مېھرىبان، ئاتا — غەمگۇزار.

ئاناڭ ئۆگەي بولسا، ئۆيۈڭ بۇزۇلار.

ئاناڭنى جاھان بىلسەڭ،
ئاتاڭنى خاقان بىل.

ئاناڭنى قۇياش بىلسەڭ،
ئاتاڭنى ئاي بىل.

ئاناڭنى ئۇرغان قولۇڭنى كەس.

ئاناڭنىڭ دۈشمىنىنى ئۆزۈڭگە دوست قىلما.

ئانامنىڭ ئۆلۈشىنى بىلگەن بولسام،
ئىششەك كېپەككە سېتىۋالار ئىدىم.

ئانىسى غادايغانغا ئامراق،
قىزى ياسانغانغا (ئامراق).

ئانىسى باشلىمىغاننىڭ ئالمىسى چوڭ.

ئانىسى بالىسىنى داڭلاپ كەلسە،
بالىسى ھاڭراپ كەپتۇ.

ئانىسى تەپكەن موزاينىڭ جېنى ئاغرىماس.

ئانىسى ساغلام بولسا،
بالىسى پاقلان بولۇر.

ئانىسى ماختىغان قىزدىن كەچ.

ئانىسى ئويلاپ يۈرىدۇ،
بالىسى ئويناپ يۈرىدۇ.

ئانىسى يالىمىغانغا ئاتىسى قارىماس.

ئانىسىز كېلىن — ياۋاش،
ئانىلىق كېلىن — بەڭباش.

ئانىسىغا كەلگەن ئاپەت موزايغىمۇ كەپتۇ.

ئانىسىنى تاشلاپ سەدىقە بەرگىلى غېرىب ئىزدەپتۇ.

ئانىغا ئوخشاش قىز تۇغۇلماس،
ئاتىغا ئوخشاش ئوغۇل (تۇغۇلماس).

ئانىغا يىغا، بالىغا كۈلكە.

ئانىلىق كېلىن — قارقارا،
ئانىسىز كېلىن — تازقارا.

ئانىنىڭ ئاچچىق سۆزى پەرزەنتىنىڭ ئەقىل كۆزىنى ئاچار.

ئانىنىڭ ئادىتى قىزىغا ئۆلگە.

ئانىنىڭ ئەركە بالىسى،
دادىنىڭ ئەسكى بالىسى.

ئانىنىڭ كۆڭلى ئاغرىسا، زېمىن تىترەر.

ئانىنىڭ كۆڭلى بالىدا،
بالىنىڭ كۆڭلى تالادا.

ئانىنىڭ يۈرىكى كۆيىدۇ،
ئاتىنىڭ يىلىكى (كۆيىدۇ).

ئائىلە نامرات بولسا ئوغۇل ۋاپادار بولۇر.

ئائىلىنىڭ يىلتىزى — بالا.

ئايغىرى ئالا بولسا،
قۇلۇنى ئالا ئاياغ بولۇر.

ئە

ئەخلاقسىز بالا — مۈڭگۈزى يوق كالا.

ئەركە بالا ــــ ئىشقا چالا.

ئەركىلىتىۋەرسەڭ ئىشەككىمۇ مۈڭگۈز چىقىدۇ.

ئەل بار سورۇندا ئوغلۇڭنى چۆكۈرمە،
ئەر بار سورۇندا قىزىڭنى (چۆكۈرمە).

## ب

بال تاتلىق،
بالدىن بالا تاتلىق.

بالا ئارىسىغا كىر دىلڭ،
دوستلۇقنى بۇزدۇڭ.

بالا ئالتە ئايلىقتا ئاتتا ئولتۇرار،
يەتتە ئايلىقتا يەردە ئولتۇرار.

بالا ئانىسى بىلەن ياخشى،
دۇنيا ئىگىسى بىلەن (ياخشى).

بالا ئانىسىنى يامان دېمەس،
ئىت ئىگىسىنى يامان دېمەس.

بالا ئەمگەك سۆيمىدى،
دېمەك ساڭا كۆيمىدى.

بالا باقساڭ قوملۇقتا باق،
مالنى باقساڭ چۆپلۈكتە باق.

بالا بالا بولغىچە،
ئانىسى موماي بولار.

بالا بولسا شوخ بولسۇن،
شوخ بولمىسا يوق بولسۇن.

بالا بولسا، بۆشۈك تېپىلار.

بالا بۆشۈكتىن يىقىلغۇچە،
پادىشاھ تەختتىن يىقىلسۇن.

بالا بېقىش پەرز،
ئاتا ـ ئانىسىنى بېقىش قەرز.

بالا بىزنىڭكى،
ئەقلى ـ ھوشى ئۆزىنىڭكى.

بالا پادىشاھتىنمۇ قەدىرلىك.

بالا تۇغقان بارمىقىنى يالاپتۇ.

بالا چوڭ بولمىغۇچە ئانا چوڭ بولماس.

بالا خام بولسا ئىشتىن يانار،
ئاش خام بولسا گالدىن يانار.

بالا غەم يېگۈچە،
ئاتا ـ ئانا ئەلەم يەپتۇ.

بالا قۇچاقتىكى چاغدا سۆيدۈرەر،
ئۆسكەن چاغدا كۆيدۈرەر.

بالا قۇچاقتىكى چاغدا سۆيدۈرەر،
چوڭ بولغاندا كۆيدۈرەر.

بالا قۇش ئۇچۇشنى بىلىپ،
قونۇشنى بىلمەس.

بالا كۆرگەننى دورايدۇ،
قېرى كۆرگەننى سورايدۇ.

بالا كۆڭلى — پادىشاھ.

بالا كىچىك، ئىشتان پوق.

بالا كىچىكىدىن مەلۇم،
تېرىق قۇلىقىدىن (مەلۇم).

بالا گەپ ئاڭلىمىسا باشقا بالا.

بالا ئۆز زامانىسىغا ئوخشاش تۇغۇلار.

بالا ئۆمىلىگەندە ئۆمىلىتىدۇ،
ماڭغاندا يۈگۈرتىدۇ.

بالا يەتتە ياشقىچە يەردىن تاياق يەيدۇ.

بالا يۇگۇرسە، قاراپ تۇرغان بوۋاينىڭ پۇتى ئاغرىپتۇ.

بالا يىغلاپ چوڭ بولۇر،
قاپاق ساڭگىلاپ (چوڭ بولۇر).

بالا يىغلاپ قورقۇتار،
قېرى يىقىلىپ (قورقۇتار).

بالا يىغلار ئەمچەك دەپ،
ئانا كۈلەر «رەھمەت» دەپ.

بالا يىغلىمىسا، ئانا ئەمچەك سالماس.

بالا — خاندىن ئۇلۇغ.

بالاڭ ئادەم بولمىسا ئۆزۈڭدىن سورا.

بالاڭ دۆت بولسا بولسۇنكى،
يالغانچى بولمىسۇن.

بالاڭ كاردىن چىقسا نەسلىڭ قۇرۇيدۇ.

بالاڭ كەلتۈرگەن زىيانغا يىغلىما،
بالاڭغا يېتىدىغان زىيانغا يىغلا.

بالاڭ كۆپ بولسا باغ ياسا،
مېلىڭ كۆپ بولسا تاغ ياسا.

بالاڭ ئۆلسە خۇدايىم بېرەر،
ئاناڭ ئۆلسە كىم (بېرەر).

بالاڭ يامان بولسىمۇ، ئامان بولسۇن.

بالاڭ — ئۆسكۈچە،
نەۋرەڭ — ئۆلگۈچە.

بالاڭغا بېرىپ باق،
ئارقىدىن سوراپ باق.

بالاڭغا تۇۋرۇك بول،
بولالمىساڭ چۆۋق بول.

بالاڭغا كۆڭلۈڭنى بەر،
چىرايىڭنى بەرمە.

بالاڭغا كۆيسەڭ يامان ئىشتىن توس.

بالاڭغا كۆيۈنسەڭ تاپقىنىڭنى ئۆزۈڭ يە.

بالاڭغا ماياق تۇتقۇزما،
مۇتتەھەمگە تاياق (تۇتقۇزما).

بالاڭغا ئىنساب تىلە،
ئۆزۈڭگە ئىمان تىلە.

بالاڭنى ئايىساڭ بالاغا قالىسەن.

بالاڭنى ئەركە باقساڭ تاشلايدۇ،
چوڭ بولغاندا كۆزۈڭنى ياشلايدۇ.

بالاڭنى كۆر، جېنىڭنى كۆر.

بالاڭنى مەيلىگە قويساڭ، بېشىڭغا چىچار،
چىۋىننى مەيلىگە قويساڭ ئېشىڭغا چىچار.

بالاڭنى مەيلىگە قويساڭ،
چەللىدە ئات چاپار.

بالاڭنى مەيلىگە قويساڭ،
ئوچىقىڭنى بۇزار.

بالاڭنى ئىشقا بۇيرۇساڭ،
ئارقىسىدىن ئۆزۈڭ ماڭ.

بالاڭنىڭ بېشىغا چۈشمىسۇن يوغان تامدىكى كەكە.

بالاڭنىڭ قولىنى تاشقا ئۆگەتمە،
ئاغزىنى تىللاشقا (ئۆگەتمە).

بالاڭنىڭ كەپسىزلىكى ئەيىب ئەمەس، نادانلىقى ئەيىب.

بالاڭنىڭ كەينىگە كىرىپ ئۇرۇشما،
توخۇيۇڭنىڭ كەينىگە كىرىپ سوقۇشما.

بالاڭنىڭ ئوينىشىغا باق،
قازىنىڭنىڭ قاينىشىغا باق.

بالام خار بولسۇن دېسەڭ ئەركىلەت.

بالام دەپ يۈگۈرمىگىن تالاغا،
بالا ئۈچۈن قالۇرسەن بالاغا.

بالام مەندىن نېرى،
مەن غەمدىن (نېرى).

بالامنىڭ بالىسى — كۆزۈمنىڭ قارىسى.

بالا — قەلبى گۈل.

بالىسى بارنىڭ بالىسى ماڭار،
بالىسى يوقنىڭ ئۆزى (ماڭار).

بالىسى بارنىڭ بالىسىنى باققۇچە،
ئىشىنى قىلىپ بەر.

بالىسى بارنىڭ قورسىقى چويلا،
بالىسى يوقنىڭ قورسىقى كويلا.

بالىسى كۆپ بولار باي،
بالىسى يوق - قۇرۇق ساي.

بالىسى كۆپ نان غېمىدە،
بالىسى يوق جان غېمىدە.

بالىسى ئۆلگەننىڭ باغرى كۆيەر،
خوتۇنى ئۆلگەننىڭ خانىسى (كۆيەر).

بالىسى يوق بالىنىڭ مېھرىنى بىلمەيدۇ،
ئاتا بولماي، ئاتىنىڭ مېھرىنى بىلمەيدۇ.

بالىسى يوقنىڭ جېنى يوق.

بالىسىز خوتۇن شۈمەككە تويماس.

بالىسىز قالغانمۇ يىغلايدۇ،
بالىسى يامانمۇ يىغلايدۇ.

بالىسىز ئۆيدە بەخت يوق.

بالىسىزنىڭ باغرى تاش،
بالىلىقنىڭ باغرى ياش.

بالىسىزنىڭ بالىسى يىغلىماس.

بالىسىزنىڭ مېلى هارام،
ئانىسىزنىڭ جېنى هارام.

بالىلىق ئانا نانغا تويماس،
بالىلىق غاز دانغا (تويماس).

بالىلىق خوتۇن — گۈل خوتۇن،
بالىسىز خوتۇن — تۇل خوتۇن.

بالىلىق قاغىغا يەم كېرەك.

بالىلىق ئۆي بازار،
بالىسىز ئۆي مازار.

بالىلىق ئۆي گۈلىستان،
بالىسىز ئۆي گۆرىستان.

بالىلىق ئۆيدە سىر ياتماس،
بالىسىز ئۆيدە كىر ياتماس.

بالىلىق ئۆيدە غەيۋەت يوق.

بالىلىقنىڭ بېلى چىنار،
بالىسىزنىڭ بېلى سۇنار.

بالىلىق — پادىشاھلىق.

بالىنى ئەركە ئۆگەتسەڭ كۆرپىگە سىيەر.

بالىنى تەربىيەلىمىسەڭ ئادەم بولماس،
كۆچەتنى تەربىيەلىمىسەڭ ئورمان بولماس.

بالىنى تۇغماق ئوڭاي،
بېقىپ چوڭ قىلماق تەس.

بالىنى كىم باقسا ئانىسى شۇ.

بالىنى ئۇرساڭ گۆشى قاتىدۇ،
تىللىساڭ يۈزى قاتىدۇ.

بالىنى ياشتىن ئۆگەت،
خوتۇننى باشتىن ئۆگەت.

بالىنىڭ ئارقىسىدىن ئانا بارار،
ئانىنىڭ ئارقىسىدىن بالا بارار.

بالىنىڭ ئەقلىنى يېتىم قالغاندا كۆر.

بالىنىڭ بارمىقى ئاغرىسا،
ئانىنىڭ يۈرىكى سىرقىرار.

بالىنىڭ بويىنى تۇغقۇلۇق،
خۇيىنى تۇغمىغۇلۇق.

بالىنىڭ جىم بولغىنى — ئىش تېرىغىنى.

بالىنىڭ كۆڭلى پادىشاھ.

بالىنىڭ كىچىكى بولغۇچە،
ئىتنىڭ كۈچۈكى بول.

بالىنىڭ ئىچ ئاغرىقى — دوزاخ ئوتىدىن يامان.

بەش قول تەڭ بولماس.

بەش قولنىڭ قايسىسىنى چىشلىسەڭ، ئوخشاش ئاغرىيدۇ.

بەڭباش بالا ئاتا ـ ئانىسىنى بۇرۇن قېرىتار.

بەڭباشنىڭ بىر ئايىغى سەككىز،
بىر ئايىغى توققۇز.

بەڭگىنى بالام دېمە،
بۇقىنى كالام(دېمە).

بوۋاق ئانىسىنىڭ ئەمچىكىگە ئامراق،
چوڭ بولغاندا دادىسىنىڭ يانچۇقىغا ئامراق.

بوۋاق ئەللەيدە ئەزىز.

بوۋاق تويغىنىنى بىلمەس،
چال قويغىنىنى (بىلمەس).

بوۋاق دادىسىنى ئۈچ كۈندە تونار،
ئانىسىنى قىرىق كۈندە (تونار).

بوۋاق سۆيگەننى بىلمەس،
نادان كۆيگەننى (بىلمەس).

بوۋاق ئاسماندىكى قۇشنىڭ سايىسىدىمۇ توڭلار.

بويلۇق قىزنىڭ ئايىغى يېنىك،
خۇيلۇق قىزنىڭ ئاغزى يېنىك.

بۇقىنى كالام دېمە،
بەڭگىنى بالام (دېمە).

بۆلۈت يىغلىسا چىمەن كۆكلەيدۇ،
بالا يىغلىسا ئانا دادلايدۇ.

بۆشۈك بالىسى خان بالىسى،
يوتقان بالىسى پوق بالىسى.

بۆشۈك بالىسى ــ بەگ بالىسى.

بېخىلنىڭ بالىسى چىڭگىز چىقار،
جاللاتنىڭ بالىسى بىگىز(چىقار).

بېغىڭنى چىت بىلەن قاشالا،
بالاڭنى كىچىكىدىن باشلا.

بىر بالا، بېشىدا مىڭ بالا.

بىر پىيلەكتە مىڭ خەمەك،
ھەممىسىنىڭ تەمى بۆلەك.

بىر شاختا تىكەنمۇ بولۇر، گۈلمۇ بولۇر.

بىردە كالىسى بىر پاتمايدۇ،
بىردە بالىسى بىر پاتمايدۇ.

بىرى، قارغىش ئالغان ئىشلىمىسۇن،
بىرى، دۇئا ئالغان (ئىشلىمىسۇن).

بىلەك بىر بولسىمۇ، بارماق باشقا ـ باشقا.

# پ

پادىشاھنىڭ ھۆكمىدىن بالىنىڭ ھۆكمى چوڭ.

پەرزەنت باققان ئاتا،
جاننى باققان ئانا.

پەرزەنت بەختى — ئانا تەختى،
پەرزەنت كامالى — ئاتا جامالى.

پەرزەنت داغى كۆيدۈرەر،
پەيتى كەلسە ئۆلتۈرەر.

پەرزەنت كۆردۈڭمۇ، كۆچەت تىك.

پەرزەنت — جانغا پەيۋەند.

پەرزەنت — ھايات،
پەرزەنت — قانات.

پەرزەنتتىن يۈرگەك ئايىما.

پەرزەنتسىز كىشى — مېۋىسىز دەرەخ.

پەرزەنتنىڭ جېنى تەگرىدىن،
ۋۇجۇدى ئاتا ـ ئانىدىن،
ئىستىقبالى مەرىپەتتىن.

پەرزەنتنىڭ ۋاپاسىنى ئاغرىغاندا (سىنا).

پەرزەنتىڭ ــ دۆلىتىڭ،
پەرزەنتىڭ ــ زىننىتىڭ.

پەرزەنتىڭنى بېقىش قىيىن،
پەرزەنتىڭگە يېقىش قىيىن.

پەرزەنتىم ــ ھەسەل، قەنتىم.

پەرزەنت ــ بەلنىڭ قۇۋۋىتى.

پۇلنى پۇل تاپار،
ئوغۇلنى قىز (تاپار).

ت

تاشلىۋەتكەن بالا پالۋان بوپتۇ.

تام ساڭا گەپ قىلدىم، تورۇس سەن ئاڭلا،
قىزىم ساڭا گەپ قىلدىم، كېلىنىم سەن ئاڭلا.

توخۇ دەرمىش: قىز تۇغسام قېشى يوق،
ئوغۇل تۇغسام بېشى (يوق).

تويغا بارساڭ تويۇپ بار،
بەش بالاڭنى قويۇپ بار.

تۇخۇمۇ ئۆز بالىسى ياخشى كۆرىدۇ.

تۇز ئاسرىما، سۇ بولار،
قىز ئاسرىما، قۇۋ بولار.

تۇغقان ھېساب ئەمەس،
باققان ھېساب.

تۇغقىنىغا سۆيۈنمە،
تۇرغىنىغا سۆيۈن.

تۇغۇۋالمىغىچە بالا بولماس،
سېتىۋالمىغىچە قۇل (بولماس).

تۇلپاردىن تۇياق قالار،
قاغىدىن «قاق، قاق» (قالار).

تۇنجى بالا تۇغ بولار.

تۆمۈرنى تاۋلاپ ئىشلەت،
بالاڭنى ئالداپ (ئىشلەت).

تىكىنى پىچسا، سەركە بولۇر،
ئارزۇلىغان بالا ئەركە (بولۇر).

## ج

جاننى قاقشىتار بالىنىڭ ئەسكىسى،
كۆڭۈلنى ياشنىتار بالىنىڭ ياخشىسى.

جەبرائىل جان دەيدۇ،
باللار نان (دەيدۇ).

جىگدىدىن گۈلى تاتلىق،
بالىدىن نەۋرە (تاتلىق).

## چ

چاشقانغا تۆشۈكتە ئارام،
بالىغا بۆشۈكتە ئارام.

چاشقاننىڭ جاجىسى تۆشۈك،
بالىنىڭ جاجىسى بۆشۈك.

چاقماقتەك ئوغلۇڭ بولسا،
چىراغدەك قىزلار كېلۇر.

چوڭ باشنى ئاچسا،
كىچىك قوشنى ئاچار.

چوڭ دادىسى باققان بالىدىن قورق،
تامدىن سەكرىگەن كالىدىن(قورق).

چوڭى نېمە قىلسا،
كىچىكمۇ شۇنى قىلۇر.

## خ

خاماندا ئۇرۇق قالدۇر،
دۇنيادا نەسىل (قالدۇر).

خوتۇن ئۆينىڭ گۈلى،
بالا ــ دىلنىڭ (گۈلى).

خوتۇنسىز ئۆتۈش ــ خاتا،
بالىسىز ئۆتۈش ــ جاپا.

خوتۇننى ياخشى كۆرسەتكەن قولىدىكى بالىسى،
دەرەخنى ياخشى كۆرسەتكەن شېخىدىكى مېۋىسى.

خوتۇنۇم قىز تۇغدى دەپ ئەپسۇسلانما،
شىرنىڭ ئەركەك - چىشىسى ئوخشاش.

خوي قىلغان قىز ئۆي تۇتالماس.

خېنىم بالام ئۆز،
ئەتكەن ئېشى تۇز.

## د

دادا تاپقىنى ئانا باقىدۇ،
«ۋاي بالام» دەپ كۆكرەك ياقىدۇ.

دادىسى هاراق ئىچسە،
بالىسى مەست بوپتۇ.

دادىنىڭ بالا تەربىيەلىمىگىنى — ئۆزىگە دۈشمەن يې-
تىشتۈرگىنى.

دۇئا ئالغان ئاسان،
قارغىش ئالغان يامان.

دۇنيادا بالىدىن ئارتۇق بايلىق يوق.

دۆلەتنىڭ بېشى — پەرزەنت.

## ر

رازى قىلساڭ ئاتا ـ ئانىنى،
ساڭا كەلمەس كۈنىنىڭ يامىنى.

## ز

زېرەك بولسا پەرزەنتىڭ، چۆلدىن نان تېرەر،
ھۇرۇن بولسا پەرزەنتىڭ، يەردىن دان تەرمەس.

## س

سا چۈجىنىڭ چۈكۈلدىغىنىغا خۇش.

سادىن شۇڭقار تۆرىلەر.

«سادىق» دەپ ئىسىم قويسا،
«تۈلكە» دەپ لەقەم ئاپتۇ.

سادىن لاچىن تۇغۇلار،
لاچىندىن سا (تۇغۇلار).

سانىڭ ئۇۋىسىدىن لاچىن چىقىپتۇ.

سەللىنى ساغراڭغا ئورىما،
كىچىك بالىنى ئىشقا بۇيرۇما.

سەن تېرىيسەن،
بالىلىرىڭ ئورۇيدۇ.

سەن يالۋۇرۇپ ئۆتسەڭ،
بالاڭ يىغلاپ ئۆتىدۇ.

سەۋەبىنى ئاتىدىن ئىزدە،
نۇقسانىنى بالىدىن (ئىزدە).

ش

شاتۇتنى قاقما،
نەۋرىنى باقما.

## غ

غۇرۇرنى چىڭىتقان پانىسى،
قىزنى چىڭىتقان ئانىسى.

غىزىڭ ئوتتۇز بولغىچە،
تىزىڭ ئىككى بولسىچۇ!

## ق

قاپاق ساڭگىلاپ چوڭ بولار،
بالا يىغلاپ (چوڭ بولار).

قارا توخۇمۇ ئاق تۇخۇم تۇغار.

قاراي دېسەم يالماۋۇز بالام،
قارىماي دېسەم، يالغۇز بالام.

قارىغۇ بالىسىنىڭ كۆزىنى سىلاپتۇ،
سىلاۋېرىپ قارىغۇ قىلىپ توختاپتۇ.

قاغا بالام ئاپپاق، كىرپە بالام يۇمشاق.

قاغا بالىسىغا: «ئىككى قاراپ بىر چوقۇ» دېسە،
بالىسى: «ئىككى قاراپ بىر چوقۇ» دەپتۇ.

قاغا بالىسىنى ئاپپىقىم دەر،
كىرپە بالىسىنى يۇمشىقىم دەر.

قاغا بالىسىنى قەقنۇس چاغلار.

قوزا مەرەپ ئۆسەر،
بالا يىغلاپ (ئۆسەر).

قۇش نېمە تاپسا،
بالىسىنىڭ ئېغىزىغا تىقار.

قېرىغاندىكى بالا — ئەرمەك.

قىز ئانىنى تارتىدۇ،
ئوغۇل دادىنى (تارتىدۇ).

قىز بالا ئەردە ياخشى،
بولمىسا يەردە ياخشى.

قىز بالا بىلەن چېلىشما،
غۇنان بىلەن چېپىشما.

قىز بالا دادىغا ئامراق،
ئوغۇل بالا ئانىغا (ئامراق).

قىز بالا ــ ئۆي زىننىتى.

قىز بالا ــ سالغا تېشى،
نەگە چۈشۈشىنى بىلگىلى بولماس.

قىز بالا ــ ئۆي زىننىتى.

قىز بالىغا ئەر تاپماق،
پالتىغا ساپ تاپماق.

قىز بالىغا ئىنساب بەرمىسە ئېشەك تېزىكى دالدا.

قىز بالىنى ئاشىقىغا بەر،
بولمىسا قىلىدۇ يەر.

قىز بالىنىڭ كۆڭلى نازۇك.

قىز بالىنىڭ يىغلىغىنى ــ ناز قىلغىنى.

قىزنى بۇزغان دەللە،
قازىنى بۇزغان زەللە.

قىز تارتىنچاق كېلەر،
يىگىت غەم يېمەس كېلەر.

قىز تاللىغان تازغا ئۇچراپتۇ،
ئەر تاللىغان مازغا (ئۇچراپتۇ).

قىز تەرەپتىن خەۋەر يوق،
ئوغۇل تەرەپ ناغرا چاپتۇ.

قىز تۇغقان ئانا كۈيۈئوغۇلنى ئويلىماس.

قىز تۇغقانغا مۇز تۇغار،
ئوغۇل تۇغقانغا كۈن تۇغار.

قىز تۇغۇلسا نېمە دەيدۇ؟
ئوغۇل تۇغۇلسا ھەببەللى.

قىز چوڭ بولسا خۇيلۇق بولىدۇ،
ئوغۇل چوڭ بولسا بويلۇق بولىدۇ.

قىز چوڭ بولسا كۆز تولا،
ئوغۇل چوڭ بولسا سۆز تولا.

قىز چوڭ بولسا گەپ تولا،
ئوغۇل چوڭ بولسا، نەپ تولا.

قىز دېگەن خان كۆۋرۈكى،
ساقمۇ ئۆتىدۇ، ئاقساقمۇ ئۆتىدۇ.

قىز ساقلىساڭ ئۇز ساقلا.

قىز ساقلىغۇچە،
بىر سىقىم تۇز ساقلا.

قىز سوراپ كېلىش ئەيىب ئەمەس،
پۇتۇشەلمەي چىققان غوۋغا ئەيىب.

قىز قېرىسا نازى بولۇر،
قېرىغىنىغىمۇ رازى بولۇر.

قىز مېنىڭكى، بەختى ئۆزگىنىڭ.

قىز ئولتۇرسا جۇۋاننىڭ بەختى كەلگۈدەك،
جۇۋان ئولتۇرسا قىزنىڭ بەختى كەلگۈدەك.

قىز ئويلىغان يېرىگە تارتىدۇ،
يىگىت تۇغۇلغان يېرىگە (تارتىدۇ).

قىز ۋاقتىم — سۇلتان ۋاقتىم،
جۇۋان ۋاقتىم — شەيتان ۋاقتىم.

قىز يېتىلىپ قىرغاققا كېتەر،
ئوغۇل يېتىلىپ يىراققا كېتەر.

قىز يېتىم بولسا بېشى تاز بولۇر،
ئوغۇل يېتىم بولسا كىيىمى ماز بولۇر.

قىزدىن ئارتۇق جۇۋان بار،
ئاتتىن ئارتۇق غۇنان بار.

قىزغا قۇچاق لازىم،
قويغا پىچاق (لازىم).

قىزغا ناز كېرەك،
مەشرەپكە ساز كېرەك.

قىزلارنى چۆرگۈلەتكەنمۇ پۇل،
ئوغۇللارنى ئۆمىلەتكەنمۇ پۇل.

قىزلارنىڭ دوستلۇقى ــــ ياتلىق بولغۇچە.

قىزلىق كىشى قىر ئاشار.

قىزلىق ئۆي ــــ بوستان،
قىزسىز ئۆي ــــ زىمىستان.

قىزلىق ئۆيگە خىزىر ئامراق.

قىزلىق ئۆيگە قىرىق ئات باغلىنىپتۇ.

قىزلىق ئۆي ــــ قۇدىسىز بولماس.

قىزلىق ئۆي ــــ كارۋانساراي.

قىزنى ئانىسى ساقلىسۇن،
ئوغۇلنى ئاتىسى (ساقلىسۇن).

قىزنى بىلەزۈككە قاراپ ئالماي،
بىلىكىگە قاراپ ئال.

قىزنى كۆرسە خىزىرمۇ يولدىن ئېزىپتۇ.

قىزنىڭ تويى قىرىق كۈن.

قىزنىڭ تۇل ئولتۇرۇشى خېرىدارنىڭ يوقلۇقىدىن،
ئەرنىڭ بويتاقلىقى ئىنجانىڭ يوقلۇقىدىن.

قىزنىڭ جېنى قىرىق.

قىزنىڭ سۆيگىنىگە ئىشەنمە،
كۆيگىنىگە ئىشەن.

قىزنىڭ سىرىنى بىلەي دېسەڭ،
تەڭتۇشى بىلەن سىرداش.

قىزنىڭ كۆزى ئالماس،
ماڭسا پىيادە قالماس.

قىزنىڭ كۆزى قىزىلدا.

قىزنىڭ كۆزى ئوسمىدا،
تازنىڭ كۆزى پوسمىدا.

قىزنىڭ مەيلى بولسا،
يىرتىق چاپانلىق گۇل كۆرۈنەر.

قىزنىڭ مىجەز - خۇلقى ئانىسىدىن،
ئوغۇلنىڭ مىجەز - خۇلقى ئاتىسىدىن.

قىزنىڭ ياخشىسى كېلىن بولغاندا بىلىنەر.

قىزى بار ئۆي، گۈلى بار باغ.

قىزى بار ئۆي ــــ سەرەمجانلىق.

قىزى بارغا تۆمۈرمۇ ئېگىلىدۇ.

قىزى بارنىڭ بەختى بار،
ئوغلى بارنىڭ تەختى بار.

قىزى بارنىڭ جېنى بار.

قىزى بارنىڭ نازى بار،
ئايىغى بارنىڭ ئىزى بار.

قىزى بىلەن قاملاشسا،
ئانىنىڭ كارى چاغلىق.

قىزى كۆڭۈلگە ئەرزىسە،
ئۇنىڭ ئاتىسىنى سورىما.

قىزنىڭ بويىغا يەتتى،
بېشىڭغا ياۋ يەتتى.

قىزنىڭ چوڭ بولسا قىزلىقىڭنى ئالار،
ئوغلۇڭ چوڭ بولسا يىگىتلىكىڭنى.

قىزنىڭ ئۆسسە ئۆيگە يۇرت كېلەر،
ئوغلۇڭ ئۆسسە ئۆيگە قۇت كېلەر.

قىزىڭنى بەرمىگىن تۇغقانغا، يات بولسەن،
سىرىڭنى بەرمىگىن دۈشمەنگە، مات بولسەن.

قىزىڭنى تالادىن توس،
ئوغلۇڭنى بالادىن (توس).

قىزىڭنى كۆزنىڭ ئاپتىپىغا سال،
كېلىنىڭنى ئەتىيازنىڭ ئاپتىپىغا (سال).

قىزىڭنى ماختىما،
ئىشىدىن دادلىما.

قىزىڭنى نومۇسچان قىل،
ئوغلۇڭنى تىرىشچان (قىل).

قىزىڭنىڭ تۆرىدە ئولتۇرغۇچە،
ئوغلۇڭنىڭ بوسۇغىسىدا ئولتۇر.

قىزىڭنىڭ قولىغا باق،
ئوغلۇڭنىڭ يولىغا (باق).

قىزىم بار يۈزۈم بار،
ئوغلۇم بار ئورنۇم بار.

قىزىم ساڭا ئېيتاي،
كېلىنىم سەن ئاڭلا.

قىزىم سەن تېگەي دەيسەن،
ئالغۇچىنىڭ كۆزى بار.

قىزىم يەپ قىرغا چىقتى،
ئوغلۇم يەپ ئوۋغا (چىقتى).

قىزىمنىڭ بالىسى قىرغاۋۇل بالىسى،
ئۆز قىلىپ تۇرغان ئۆننىڭ ئانىسى.

قىزىمنىڭ بالىسى قىزىلگۈل كۆرۈنەر،
ئوغلۇمنىڭ بالىسى ئوغرىتىكەن (كۆرۈنەر).

قىزىمنىڭ بالىسى ئوغۇل بولماس.

قىزىمنىڭ بالىسى ئۆچكىنىڭ مېغىزى،
ئوغلۇمنىڭ بالىسى ۋاي ئۆننىڭ ئانىسى.

قىزىمنىڭ بالىسى — قىرغاۋۇل بالىسى،
ئوغلۇمنىڭ بالىسى — ئوغلاق بالىسى.

قىزنىڭ بالىسى — قىرغىزنىڭ بالىسى،
ئۆز قىلىپ تۇرغان ئانىسى.

## ك

كالا ئۆز موزىيىنى دەسسىمەس.

كالاڭ يەم يېمىسە يانپېشىنى سىلا،
بالاڭ گەپ يېمىسە باش - كۆزىنى (سىلا).

كالاڭغا كۆڭۈل بۆلگىچە،
بالاڭغا كۆڭۈل بۆل.

كالاڭنى ياخشى كۆرسەڭ باغلا،
بالاڭنى ياخشى كۆرسەڭ باشلا.

كەتمىنىڭنى ساپلىق قىل،
قىزىڭ بولسا ياتلىق قىل.

كەنجى بالا چوڭ بولسىمۇ بالا.

كۆچەت تىكسەڭ سايىسى بالاڭنىڭ.

كۈيئوغلۇڭ كەلدى خان كەلدى،
پۇت - قولۇڭغا جان كەلدى.

كۈيئوغلۇڭ مىراب بولغۇچە،
يېرىڭ ئەن بولسۇن.

كۈيئوغلۇڭ يامان بولسا قىزىڭدىن كۆر،
كېلىنىڭ يامان بولسا ئوغلۇڭدىن (كۆر).

كۈيئوغلۇمنى ئوغلۇم دېسەم كۆڭلۈڭ خۇش بولۇر،
قۇم بىلەن تام قوپۇرساڭ ئۆلى بوش بولۇر.

كۈيئوغۇل قالدى ـــ خان قالدى.

كۈيئوغۇل ئىشىك ئالدىغا كەلگەندە،
ئاندىن قوي بورداپتۇ.

كۈيۈئوغۇلدىن نەۋرە قالار،
نەۋرىدىن ئەۋرە قالار.

كۈيۈئوغۇلنى ئوغۇل بىل،
كېلىننى قىز (بىل).

كۈيۈئوغۇلنىڭ پولۇسىدىن،
ئوغۇلنىڭ مەنتىگى ياخشى.

كۈيۈئوغۇلنىڭ كىرى بار.

كېلىن تاپتىم دەپ كېرىلمە،
ئىشقا بۇيرۇسا، ئېرىنمە.
ئىشقا بۇيرۇسا ئېرىنسەڭ،
ئوغلۇڭنىڭ كۆزىگە كۆرۈنمە.

كېلىن قىز بولماس،
كۈيۈئۇغۇل ئوغۇل(بولماس).

كېلىننىڭ سۆزى كەتمەندەك پاتار،
بالىنىڭ سۆزى بازغاندەك پاتار.

كېلىن ـــ يامان،
نەۋرە ـــ تاتلىق.

كىچىك بالا تومۇرچى كېلىدۇ.

كىچىك بالا يالغان سۆزلىمەس.

كىچىك بالا يېنىپ تۇرغان چىراغ.

كىچىك بالا ـــ ئۆينىڭ چىرىغى.

كىچىك بالىغا پوسما ياخشى،
قىز ـ چوكانغا ئوسما (ياخشى).

كىچىك بالىنى بازارغا ئەۋەتمە،
ئايال كىشىنى تۈگمەنگە (ئەۋەتمە).

كىچىك بالىنىڭ باھانىسى لەگلەك،
خوتۇن كىشىنىڭ باھانىسى ئەلگەك.

كىچىك بالىنىڭ بېشى «تاش» دېگەندە قاتىدۇ.

كىچىك بالىنىڭ جېنى ـــ ئاتىسى بىلەن ئانىسىنىڭ قولىدا.

كىچىك بولسا چوڭ بولۇر،
سەۋدا بولسا ئوڭ بولۇر.

كىچىك پېئىل بولغانغا كىچىكلەپ كەتمەيسەن.

كىچىك دېمەڭ بالىنى،
ئەقىل تاپار ھامىنى.

كىچىكىدە لاتا خارلىقى،
چوڭ بولغان ئاتا خارلىقى.

كىچىكىدە ھاي بالام،
چوڭ بولغاندا ۋاي بالام.

كىشىنىڭ بالىسى كىشىگە ئۆز كۆرۈنمەس.

كىشىنىڭ بالىسى ساراڭ بولسا، كۈلگۈڭ كېلىدۇ،
ئۆز بالاڭ ساراڭ بولسا، ئۆلگۈڭ كېلىدۇ.

كىشىنىڭ بالىسى كىشىگە دوزاخ كۆرۈنەر.

## گ

گاچا بالىنىڭ تىلىنى گاس ئانىسى چۈشىنەر.

گاچا قىزنىڭ تىلىنى ئانىسى بىلەر.

## ل

لايىقى ياراشسا قىزىڭنى تويلۇقسىز بەر.

## م

ماي ئالاي دېسەڭ، قوچقار، سەركە باق،
خاپىلىقتا ئۆتەي دېسەڭ، بالاڭنى ئەركە باق.

مايسىنى باھاردا كۆر،
بالاڭنى كىچىكىدە (كۆر).

مەكتەپ كۆرمىگەن بالا ــ پادا كۆرمىگەن كالا.

مەن دەيمەن بالامنى،
بالام دەيدۇ بالىسىنى.

موزايلىق كالا بوتىسىز تۆگىدىن ياخشى.

مومام باققان بالا،
تامدىن سەكرىگەن كالا.

مۆرىمەيدىغان كالا يوق،
ئازمايدىغان بالا (يوق).

مېنىڭ بالام بار، موللا خېلىل،
ئىشقا خۇشى يوق، نانغا دەلىل.

ن

نارەسىدە سۆيگەننى بىلمەس،
نادان كۆيگەننى (بىلمەس).

نارەسىدىگە پەرىشتە ھەمراھ.

ناز قىزغا يارىشار،
غاز كۆلگە يارىشار.

نەپسىڭدىن يامان بالا يوق،
يوقسۇزلۇقتىن ئارتۇق قازا يوق.

نەۋرەڭ نىمىنى بىرىدۇ،
چىچىپ پوقىنى (بىرىدۇ).

ھ

ھارۋىنىڭ ئالدى چاقى قەيەردە ماڭسا،
ئارقا چاقى شۇ يەردە ماڭىدۇ.

ھايالىق باق قىزىڭنى،
يەرگە تۆكمەس يۈزۈڭنى.

ھايۋان بالىسى باقساڭ، ئاغزى - بۇرنۇڭنى ياغ ئېتەر،
ئادەم بالىسى باقساڭ، ئاغزى - بۇرنۇڭنى قان ئېتەر.

ھايۋان چىغىدا ئۆز بالىسىنى تونۇيدۇ.

ھەر بالىنىڭ ئوتى باشقا.

ھەر كىمگە ئۆز بالىسى ئەزىز.

ھەر ئىشنىڭ ئۆز ۋاقتى بار،
ھەر قىزنىڭ ئۆز بەختى (بار).

## ئو

ئوتتۇزغا كىرگەن يىگىتنىڭ ئالتۇن ئالغۇدەك ئوغلى بولسۇن.

ئوغلۇڭ ئاشىق بولسا كۆككە باق،
قىزىڭ ئاشىق بولسا يەرگە باق.

ئوغلۇڭ باقسۇن،
كېلىنىڭ ساغسۇن.

ئوغلۇڭ بوشاڭ بولسا،
كېلىنىڭ بىشەم بولۇر.

ئوغلۇڭ بولسا ئوچاقتەك،
قىزلار كېلەر قورچاقتەك.

ئوغلۇڭ چوڭ بولسا يىگىتلىكىڭنى ئالار،
قىزىڭ چوڭ بولسا چوكانلىقىڭنى (ئالار).

ئوغلۇڭ كۆپ بولسا تىلىڭدىن قېرىيسەن،
قىزىڭ كۆپ بولسا دىلىڭدىن قېرىيسەن.

ئوغلۇڭ مەھكەم بولسا،
كېلىنىڭ ئىشچان بولۇر.

ئوغلۇڭ ئوڭلۇق بولمىسا نامىڭ ئۆچەر.

ئوغلۇڭ ۋايىغا يەتسە،
ئارزۇيۇڭ جايىغا يېتەر.

ئوغلۇڭغا كىيىم ئىزدىگۈچە، ئۇستاز ئىزدە.

ئوغلۇڭنى ئاچ قويما،
قىزىڭنى باشتاق قويما.

ئوغلۇڭنى بەڭگە ئۆگەتمە،
قىزىڭنى رەڭگە (ئۆگەتمە).

ئوغلۇڭنى مەيدىن قاچۇر،
تېمىڭنى زەيدىن (قاچۇر).

ئوغلۇڭنى ئېگىزدىن ئۆيلە،
قىزىڭنى پەسكە بەر.

ئوغلۇم قالدى، ئورنۇم قالدى،
قىزىم قالدى، ئىزىم قالدى.

ئوغلۇمنىڭ بالىسى — ئۆزۈمنىڭ بالىسى،
يات قىلىپ تۇرغان ئۇنىڭ ئانىسى.

ئوغلۇمنىڭ ئېشى ئوخشايدۇ كېلىن بىلەن،
كېلىنىمنىڭ ئېشى ئوخشايدۇ خوروۇچ بىلەن.

ئوغلى بار ئوغۇلدىن كۆلمەس،
قىزى بار قىزىدىن (كۆلمەس).

ئوغلى بار ئويلاپ سۆزلەر،
قىزى بار سېزىپ (سۆزلەر).

ئوغلى بارنىڭ ئورنى بار،
قىزى بارنىڭ قەدرى (بار).

ئوغلى بارنىڭ ئۆزى بار،
قىزى بارنىڭ ئىزى (بار).

ئوغۇل ئاتىنى دورايدۇ،
قىز ئانىنى (دورايدۇ).

ئوغۇل ئاتىنىڭ، قىز ئانىنىڭ.

ئوغۇل باقسام خەقنىڭ بولدى،
قىز باقسام ئەرنىڭ (بولدى).

ئوغۇل بالا قەرز كۆتۈرەر،

ئوغۇل بالا نان دەيدۇ،
قىز بالا چاپان (دەيدۇ).

ئوغۇل بالا ئوتتۇزغا كىرگەندە بىر ئارغىماق توقۇقلۇق.

ئوغۇل بالا ئوغا يەپمۇ سىڭدۈرەر.

ئوغۇل بالىغا ھەممە ھۈنەر يارىشىدۇ.

ئوغۇل بالىغا يەتمىش ئىككى خىل ھۈنەر ئازلىق قىلىدۇ.

ئوغۇل بالىنىڭ بېشى بار ـــ مىڭ تەڭگىسى بار.

ئوغۇل بالىنىڭ قورسىقىغا تاغ سىڭەر.

ئوغۇل بىلەن قىزنىڭ ـــ بەئەينى ئىككى كۆزنىڭ.

ئوغۇل تاغقا ئوخشار،
قىز ئالمىغا (ئوخشار).

ئوغۇل تاغقا ئوخشار،
قىز باغقا (ئوخشار).

ئوغۇل تاغىنى دورايدۇ،
قىز ھامىنى (دورايدۇ).

ئوغۇل تۇغۇلسا سايدىكى قارا تاشمۇ سۆيۈنۈپتۇ.

ئوغۇل تۇغۇلسا ئۆزىدىن كۆرەر،
قىز تۇغۇلسا خوتۇنىدىن (كۆرەر).

ئوغۇل تۇغۇلسا يۇرت خۇش بولىدۇ،
قىز تۇغۇلسا ئوچاقبېشى (خۇش بولىدۇ).

ئوغۇل شامغا ئوخشار،
قىز ئالمىغا (ئوخشار).

ئوغۇل قاناتلىق ئات بولسا،
قاناتلىق قۇشتۇر.

ئوغۇل قېرىسا قىز ئالار،
قىز قېرىسا كىم (ئالار)؟

ئوغۇل ياققان چىراغنى قىزمۇ ياقار.

ئوغۇل ـ قىز ياخشى بولسا،
ئاتا ـ ئانا خۇرسەن.
ئوغۇل ـ قىز دانا بولسا،
ئەل ـ يۇرت خۇرسەن.

ئوغۇل — ئۆينىڭ بۇلبۇلى،
قىز — ئۆينىڭ گۈلى.

ئوغۇللارنى چۆرگۈلەتكەنمۇ ياشلىق،
قىزلارنى ئەركىلەتكەنمۇ ياشلىق.

ئوغۇلنى جەڭگە ياراتقان.

ئوغۇلنىڭ بالىسى — ئەينا ئانىسى،
قىزنىڭ بالىسى — ئىنا ئانىسى.

ئوغۇلنىڭ مەردلىكى ئاتىغا باغلىق،
قىزنىڭ چېچەنلىكى ئانىغا (باغلىق).

ئوڭ قولۇم، سول قولۇم،
ھەر ئىككىلىسى ئۆز قولۇم.

## ئۇ

ئۇراي دېسەم يالغۇز بالام،
ئۇرماي دېسەم ياۋۇز بالام.

ئۇرۇپ ـ تىللاش ئاسان،
تەربىيەلەش قىيىن.

ئۇلاغ بولسا، يېغىرى بولمىسا،
ئوغۇل بولسا، قەرزى بولمىسا.

## ئۆ

ئۆز بالاڭدىن ئەيب ئۆتسە،
ياتقا شىكايەت قىلما.

ئۆز بالاڭنى كۆسەي بىلەن ئۇرساڭ، كۆسەينى ئې-لىپ ئۆيگە كېلەر.
كىشىنىڭ بالىسىنى نان بىلەن ئۇرساڭ، ناننى ئېلىپ قېچىپ كېتەر.

ئۆزى كىچىك، گېپى چوڭ.

ئۆزى ياۋاش، ئاغزى بەڭباش.

ئۆزى يىقىلغان بالا يىغلىماس.

ئۆگەيلىك ئانىدىن ئەمەس بالىدىن.

ئۆلۈكنى يەر كۆتۈرەر.

ئۆي كۆركى — بالا،
داستىخان كۆركى — مېھمان.

## ئۇ

ئۇزۇككە كۆز كېرەك،
قىزغا سۆز (كېرەك).

## ئې

ئېرىقنىڭ تۈز بولسا، سۈيۈڭ كۆپ بولۇر،
بالاڭ كۆپ بولسا، قىزىڭ كۆپ (بولۇر).

ئېمىزگۈ سېلىپ بالاڭنى گول قىل،
بورداپ بېقىپ كالاڭنى پۇل قىل.

## ئى

ئىزىڭدىن تىكەن ئۈنسە،
ئەۋلادىڭنىڭ پۇتى يارا بولۇر.

ئىشىڭنى قىل ئەپ بىلەن،
بالاڭنى باشقۇر گەپ بىلەن.

ئىككى بالىنىڭ ئارىسىدىكى بوۋاي بالا بولۇر،
ئىككى بوۋاي ئارىسىدىكى بالا دانا بولۇر.

ئىككى سەتتىن بىر گۇل.

ئىمانسىزنىڭ جانى ئۇۋال،
بالىسىزنىڭ مالى (ئۇۋال).

# ي

ياخش بالا تەربىيەلەشكە باغلىق.

ياخشى ئات كۆندۈرۈشكە باغلىق.

ياخشى ئات لەۋلىك كېلۇر،
ياخشى يىگىت پەملىك كېلۇر.

ياخشى بالا تېپىپ يەيدۇ،
يامان بالا سېتىپ (يەيدۇ).

ياخشى بولسا بالا بولۇر،
يامان بولسا بالا (بولۇر).

ياخشى پەرزەنت بېشىڭنى كۆككە كۆتۈرەر.

ياخشى پەرزەنت تۆرگە ئۆتەر،
يامان پەرزەنت پەگاھقا (ئۆتەر).

ياخشى پەرزەنت — گۈل،
يامىنى بىر پۇل.

ياخشى ئوغۇل كۈلدۈرەر،
يامان ئوغۇل ئۆلتۈرەر.

ياخشى ئوغۇل ئۆي تۈزەر،
يامان ئوغۇل ئۆي بۇزار.

ياخشى ئوغۇل — ئەل ئابرۇيى،
ياخشى قىز — ئۆي ئابرۇيى.

ياخشى ئوغۇلدىن رەھمەت يېتەر،
يامان ئوغۇلدىن لەنەت (يېتەر).

ياغاچنى رەندە تۈزەيدۇ،
بالىنى تەربىيە (تۈزەيدۇ).

ياغاچنى نوتا ۋاقتىدا ئەگ.

يالغۇز بالا ياۋدىن يامان.

يالغۇز بالا يىغلىغاق بولار،
يالغۇز تۆگە بورقىراق (بولار).

يالغۇز بالا — باشقا بالا.

يالغۇز قىز — يالىما تۈز.

يالغۇز ئوغۇل ياۋدىن قاتتىق،
خوتۇنى تاشتىن قاتتىق.

يامان بالا ئاتا ـ ئانىسىنىڭ بېشىغا بالا.

يامان بالا — يامان ئاتا ئۇچۇن بېرىلگەن جازا.

يامان قىزىڭ بولغىچە،
ياخشى كېلىنىڭ بولسۇن.

يامان ئوغۇل باققۇچە ئېتىڭكىڭنى قاق،
يامان قىزنى باققۇچە دوپپاڭنى قاق.

يامان ئوغۇل مالغا ئورتاق،
ياخشى ئوغۇل جانغا (ئورتاق).

يەتتە قىزى بارغا دوزاخ ئوتى هارام.

ياۋاش بالا قۇيرۇق يەپتۇ،
كەپسىز بالا قوۋۇرغا (يەپتۇ).

يۈگۈرۈشنى بىلگەن بالا،
يىقىلىشنى بىلمەپتۇ.

يېڭى كەشنى كىيمەك تەس،
يالغۇز ئوغۇلنى باقماق (تەس).

يىگىتنىڭ چىرىغى ـــ قىز بىلەن ئوغۇل.

يىلانباش قىزىڭدىن خاپانباش كېلىنىڭ ياخشى.

يىلانمۇ ئۆز بالىسىنى يېمەيدۇ.



# يالغۇز - يېگانىلىق، غېرىب - يېتىملىق توغرىسىدا

# ئا

ئات ئورۇقلۇقتا كۆرۈمسىز،
قىز يېتىملىقتا (كۆرۈمسىز).

ئاتمۇ ياخشى، يولمۇ ياخشى، غېرىبلىق يامان.

ئارىسالدى ئىشەكنى بۆرە يەپتۇ.

ئاۋارە بولدى يەككە،
هوسۇلدىن يېدى دەككە.

ئايرىلغاننى قار باسار، بۆلۈنگەننى بوران.

ئايرىلغاننى ئېيىق يەر،
بۆلۈنگەننى بۆرە (يەر).

ئايرىلغاننىڭ ئەيىبى بار،
بىرلەشكەننىڭ كۈچى (بار).

## ئە

ئەمرنىڭ ئېشىدىن پېقىرنىڭ مۇشتى ياخشى.

## ب

باشبالىقتا بەش قورغان، خانبالىقتا چوڭ قورغان.

بەش بارماق تەڭ ئەمەس.

بەش بارماقنىڭ قايسىسىنى چىشلىسەڭ ئاغرىيدۇ.

بەش بارماقنىڭ ئۆزىگە تۇشلۇق ھۇنىرى بار.

بەش قولنى بىر يولى ئاغزىغا تىققىلى بولماس.

بوران - چاپقۇن يالغۇز دەرەخنى سۇندۇرار،
قېلىن ئورمان ئۇنىڭ ھەيۋىسىنى سۇندۇرار.

بولۇشساڭ، نانغا بولۇشماي جانغا بولۇش.

بۇغداي تېرىدى يېتىم،
ئاق نان يېدى بېگىم.

بولۇشساڭ جانغا بولۇش.

بۇۋۇمگە بازار بولماس،
يېتىمگە ھېيت (بولماس).

بېخىل قارىماي كېتەر.

بىر تارىدا راۋاب چالسا، سادا چىقماس.

بىر توخۇنى تاخ دېسە،
ھەممە توخۇ بېشىنى كۆتۈرۈپتۇ.

بىر گۆرنى سۇ باسسا،
مىڭ گۆردە ئەنسىزچىلىك.

بىر ئىت قاۋىسا ھەممە ئىت تەڭ قاۋاپتۇ.

بىرنىڭ كاساپىتى مىڭغا تېگىپتۇ.

## پ

پادا يولدىن ئازسا سەركىگە قار ياغار.

پارچە بۇلۇتتىن يامغۇر كۈتمە.

## ت

توپتىن ئايرىلغان تورغا چۈشەر.

توپتىن ئايرىلغاننى بۆرە يەر.

توپقا قاراپ تاش ئاتما.

توپقا قارىتىپ تاش ئاتساڭ، بېشىڭ يېرىلار.

توپلاشقان قاغا يولۋاسنى يەپتۇ.

توپنى تونۇمىغان ئات بولماس،
ئەلنى تونۇمىغان ئەر (بولماس).

## ج

جېدەل نەدىن كېلۇر ـــ تالاشتىن،
بالا نەدىن كېلۇر ـــ قاياشتىن.

## چ

چۆل يامغۇرغا تەشنا،
شورپا چامغۇرغا (تەشنا).

## خ

خوتۇن بەختى ئەردە بولار،
يېتىم بەختى يەردە (بولار).

خوتۇننىڭ نامىنى يېتىم چىقىرار،
يېتىمنىڭ نامىنى خوتۇن (چىقىرار).

## د

دۇنيا كۆلەر ـــ يېتىم كۆلسە.

دېدەككە تۇمارنىڭ نېمە ئىشى،
يېتىمگە خۇمارنىڭ نېمە ئىشى.

دىلى بىرنىڭ تىلى بىر.

## ر

رەزىللەر يېتىمنىڭ ھالىغا يەتمەس.

رەزىللەر يېتىمنىڭ ھەققىنى يەپ كېرىلەر.

## ز

زاغرا يېسەم چىشىم ئاغرىيدۇ،
يېتىمنى كۆرسەم بېشىم (ئاغرىيدۇ).

زاغرىغا تويدى يېتىم،
كۆز يېشىنى قويدى يېتىم.

زالىم بولساڭ، ئاسار،
پېقىر بولساڭ، باسار.

## س

سۇسىز يەر ـ يېتىم، مالسىز يەر ـــ يېتىم.

## غ

غېرىب بولساڭ، يولۇڭ تار بولار.

غېرىب كىشى ھالىغا يېتەر،

غېرىبنى دۆ ئۇراپتۇ،
مۇساپىرنى ئۆمۈچۈك (ئۇراپتۇ).

غېرىبنىڭ بېشىنى خۇدا ئوڭلايدۇ.

غېرىبنىڭ بېشىنى سىيلىغان بەگ بولۇر.

غېرىبنىڭ قەدىمى يەتسە، بالا يەتمەس.

غېرىبنىڭ كۆڭلى — خۇدانىڭ كۆڭلى.

غېرىبنىڭ ھەمراھى — مۇشەققەت،
باينىڭ ھەمراھى — راھەت.

## ق

قازاننىڭ ھورى يامان،
يېتىمنىڭ زارى (يامان).

قۇم يىغىلسا تاش بولۇر،
قول يىغىلسا باش (بولۇر).

قۇم يىغىلسا تاغ بولىدۇ،
ئەل يىغىلسا باغ (بولىدۇ).

قېرىشقاننىڭ قارنى ئاچ.

## ك

كەڭرى بولسا يىرتىلماس.

كۆككە باقماي، كۆپكە باق.

كۇچى يوقنىڭ ئاچچىقى يامان.

كىشىنى بۆلگۈنچىلىككە سالغان ئۆزى يالغۇز قالار.

## گ

گۆشنىڭ يوقىدىن ئىت بولدۇم،
كىيىمنىڭ يوقىدىن پىت (بولدۇم).

گۈل پۇراقىقا يېقىن،
يېتىم تاياقىقا (يېقىن).

گۈلنىڭ تىكىنى يامان،
يېتىمنىڭ پوكىنى (يامان).

## ل

لالما ئىت يېتىمنىڭ پاچىقىنى چىشلەر.

لەمپىسى يوق ساراي،
مەن قايان باراي؟

## م

مەسلىھەتلىك ئىش بۇزۇلماس.

مۇساپىر يول ئازابىدىن قورقماس.

مۇساپىردەك غېرىب بولماس،
يۇرتىنى يەرگە تېرىپ (بولماس).

مۇنارنى يېتىمگە يۆلىتىڭ،
جېنىنى مۇشۇككە تۆلىتىڭ.

## ن

نالە قىلسا يېتىم بىر قېتىم،
نالە قىلار زېمىن مىڭ قېتىم.

## ھ

ھالۋىنى ھەكىم يەر،
تاياقنى يېتىم (يەر).

ھېسابىنى بىلگەن بىر يىل يېتىم،
ھېسابىنى بىلمىگەن ئۆلگۈچە (يېتىم).

## ئو

ئورۇقلۇقتا كالا ئۆلمەس،
يېتىملىكتە بالا (ئۆلمەس).

## ئۆ

ئۆزۈك ئۈچۈن ئۆل، يېتىم!

ئۆزى ئۈچۈن ئۆخلىغان،
كىشى ئۈچۈن چۈش كۆرەر.

## ئې

ئېتىز بار يەردە ئوتياش بار،
يېتىم بار يەردە كۆز ياش بار.

ئېشەك ياۋاش بولسا ھەركىم مىنىدۇ،
ئىنەك ياۋاش بولسا ھەممىسى ئېمىدۇ.

## ئى

ئىناق بولساڭ يىقىلمايسەن،
يالغۇز بولساڭ قوپالمايسەن.

# ي

يالغۇز ئاتنىڭ چېڭى چىقماس،
چېڭى چىقسىمۇ دېڭى چىقماس.

يالغۇز ئادەم جەننەتتىمۇ زېرىكىپ قالىدۇ.

يالغۇز باشقا گۆر ياخشى.

يالغۇز تېرەك بوستان بولماس،
قوي تېرىسى ئۇلتان (بولماس).

يالغۇز جاننى ئىتمۇ باقىدۇ.

يالغۇز خىشتا تام بولماس.

يالغۇز دەرەخ ئورمان بولماس.

يالغۇز دەرەختىن قۇش تېزىپتۇ.

يالغۇز دەرەخكە جىن چاپلىشىپتۇ.

يالغۇز دېمەي ئىشلە هارماي،
باي بولۇرسەن ئۇزاق قالماي.

يالغوز سەيياھقا دۈشمەنمۇ دوست كۆرۈنەر.

يالغوز قالغان ئاتنى بۆرە يەيدۇ.

يالغوز قولدىن چاۋاك چىقماس،
پۇختا ئىشتىن كاۋاك (چىقماس).

يالغوز قۇشنىڭ ئۈنى چىقماس،
يالغوز قىزنىڭ مۈڭى (چىقماس).

يالغوز قىر ئاشقۇچە، كۆپ داۋان ئاشار.

يالغوز كۆزنى ئاچقۇچە كۆپ ئۇزاپ كېتىپتۇ.

يالغوز كىشىگە يول يىراق كۆرۈنەر.

يالغوز لىم بىلەن ساراي بولماس،
يالغوز گۈل بىلەن باھار (بولماس).

يالغوز ئوتۇن يالڭۇزسىمۇ كۆيمەس.

يالغوز ئۆي شامالغا يېقىن،
زالىملىق زاۋالغا (يېقىن).

يالغوز ئۆي ياخشى بولماس،
مۈڭسىز كۈي ناخشا (بولماس).

يالغوز ئۆينىڭ تامىقى كۆپكە يەتمەس،
كۆپكە يەتسىمۇ قاچىسى يەتمەس.

يالغۇز ياغاچ ئۆگزە كۆتۈرەلمەيدۇ.

يالغۇز ياغاچتا ئۆي بولماس،
يالغۇز يىگىت بەگ (بولماس).

يالغۇز يوتقان ئىسسىماس.

يالغۇز يۇرگەن يەرگە يىقىلار،
ئەل بىلەن يۇرگەن ئەلگە (يىقىلار).

يالغۇز يۇرۇپ پۇل تاپقۇچە چىشلىرىڭ تۆكۈلەر.

يالغۇزچىلىق ئۆزگە يۇرتتا بىلىنەر.

يالغۇزلۇقتا يار ياخشى.

يالغۇزلۇقتا يىغلاپتۇ،
قوشۇلغاندا قاقشاپتۇ.

يالغۇزلۇق — تۇتقۇنلۇق.

يالغۇزنىڭ سۆزى ئۆتمەس.

يالغۇزنىڭ ئۈنى چىقماس،
ياياقنىڭ چېڭى (چىقماس).

يالغۇزنىڭ يارى خۇدا.

ياۋاشنىڭ مەنىسى يېتىم.

يەرگە چۈشكەن ــ يېتىمنىڭ.

يەككە ـ يېگانە، ھېلىم دىۋانە.

يول يۈر، ئامان يۈر.

يولدىن چىقساڭمۇ كۆپتىن چىقما.

يېتىم بالا يەتتە يىلدا ئۈيالدۇرار.

يېتىم بالىدىن غوۋغا چىقار،
يېتىم تايدىن يورغا (چىقار).

يېتىم باي بولماس،
باي بولسىمۇ بەگزادە بولماس.

يېتىم بۇلۇڭدا، تېرىق تۇلۇمدا.

يېتىم چامغۇرغا (تەشنا).

يېتىم خۇداغىمۇ ئۆگەي.

يېتىم سۇغا چىقسا، ئارقىسىدىن غوۋغا چىقىپتۇ.

يېتىم شۇك، يېتىمشى موك.

يېتىم قاغىنىڭ ئاغزى يوغان،
ئۆگەي ئانىنىڭ قارنى يامان.

يېتىم قوزا سۈتكە تويماپتۇ.

يېتىم قوزا كۆپ مەرەيدۇ.

يېتىم قىزدىن يېتىم خوتۇن ياخشى.

يېتىم قىزغا ئانىسى تېرىق چېچىپ بېرىپتۇ.

يېتىم قىزغا يەلپۈگۈچ ياراشماس.

يېتىم قىزنىڭ تويىنى يامغۇر بۇزار.

يېتىم قىزنىڭ يەتمىش ئانىسى بار.

يېتىم قىزنىڭ يەڭگىسى كۆپ.

يېتىم كىندىكىنى ئۆزى كېسەر.

يېتىم ھەققى سۇ ئەمەس، سىڭىپ كەتكىلى،
شامال ئەمەس ئۇچۇپ كەتكىلى.

يېتىم ھەققى ئوتتا كۆيمەس، سۇدا ئاقماس.

يېتىم ئوغلان ئىت بولار،
ياقىسى كىر، پىت بولار.

يېتىم ئۆز رىزقىنى يەيدۇ،
كىشىنىڭ مىننىتىنى تارتىدۇ.

يېتىم ئۆز ئىشىنى ئۆزى قىلار،
كىشىدىن مىننىتىنى ئاڭلار.

يېتىم يەتتە ئۆيدىن ئاش ئىچەر.

يېتىم يۆتەلسە زاڭىقى ئاجراپتۇ.

يېتىم يۇرۇپ يېتىلگەن ئۇزار.

يېتىم يىغلىسا يەر يىغلار.

يېتىمغا يۆتەل كېرەك،
دېدەككە تۇمار (كېرەك).

يېتىمغا يۆتەلنىڭ نېمە ئىشى.

يېتىمغا ئاتا بولساڭ، ئېتىكىڭ لاتا بولۇر.

يېتىمغا ئاق كۆڭلەك كىيگەن كۈنى ھېيت بولۇر.

يېتىمغا ئەقىل كۆرسەتكۈچى كۆپ،
پۇل بەرگۈچى يوق.

يېتىمغا پۈتۈن دۇنيا دوست.

يېتىمغا رەھىم قىلساڭ،
چورۇقى بىلەن تۆرگە چىقار.

يېتىملىكنى كۆپ كۆرگەن،
ئۇن چىقارماي «ھە» دېمەس.

يېتىمنىڭ ئاغزى ئاشقا تەگسە، بۇرنى قاناپتۇ.

يېتىمنى ئۇرغاننى خۇدا ئۇرۇپتۇ.

يېتىمنىڭ يارى خۇدا.

يېتىمنى يېتىپ ئۇرۇپتۇ،
پۇتىدىن تۇتۇپ ئۇرۇپتۇ.

يېتىمنىڭ ئاتاسى كۆپ، جېنىغا جاپاسى كۆپ.

يېتىمنىڭ ئاتىسى يەتتە.

يېتىمنىڭ ئاغزى ئاشقا تەگسە، بېشى تاشقا تېگىپتۇ.

يېتىمنىڭ ئالتە قارنى بار،
تېغى ئۇستىدە بالىخانىسى (بار).

يېتىمنىڭ ئانىسى تولا.

يېتىمنىڭ جېنى يەتتە.

يېتىمنىڭ رىزقى يەردە.

يېتىمنىڭ زارى يامان،
يېتىمنىڭ قارنى يەتتە.

يېتىمنىڭ كۆزى سۈتكە تويماس.

يېتىمنىڭ كۆڭلى سۇنۇقتۇر،
كىيگەن ئەڭلى يىرتىقتۇر.

يېتىمنىڭ كۆڭلى يېرىم.

يېتىمنىڭ كۆڭلى يېرىم،
قىشۇياز ئەڭلى يېلىڭ.

يېتىمنىڭ كىيگىنىنى باي ئوغلى يىرتار.

يېتىمنىڭ هاياتى يېڭى كۆڭلەك كىيگەندە.

يېتىمنىڭ ھەققى يەتتە دەريانى قۇرۇتار.

يېتىمنىڭ ھەققى ــ خۇدانىڭ ئوقى.

يېتىمنىڭ ئىگىسى خۇدا.

يېتىمنىڭ ئىگىسى ــ ئەل - يۇرت.

يېتىمنىڭ يەتتە ئاتىسى بار.

يېتىمنىڭ يۈزىدىن توپا كەتمەس.

يېتىمنىڭ يېگىنى زەھەر، كىيگىنى كېپەن.

يېتىمنىڭ يېڭى قىسقا.



تازلسوح، سالامتلك، ئاغرسوح -
سلاق، هايات - مامات
توغرسدا

# ئا

ئات قېرىپ مۇدۇرگەك بوپتۇ،
ئادەم قېرىپ مۈگدىگەك بوپتۇ.

ئاچ ھالىنى توق بىلمەس،
كېسەل ھالىنى ساق (بىلمەس).

ئاچ ئۇخلىساڭ تېتىك قوپىسەن.

ئاچچىق بار يەردە ئاغرىق بار.

ئاچچىقى يامان ئادەم كوسا كېلۇر.

ئاچچىقى يوق ئادەم ئاسان قېرىماس.

ئادەم ئاغزىدىن قېرىيدۇ،
تام تۈۋىدىن قېرىيدۇ.

ئادەم پۇتىدىن قېرىيدۇ.

ئادەم سۇنى مەينەت قىلار،
سۇ ئادەمنى پاكىز (قىلار).

ئادەم قېرىسا مۈڭ باسار،
ئاغرىغاننى ئۆي (باسار).

ئادەم قېرىسىمۇ دوستلۇق قېرىماس.

ئادەم قېرىلىقتىن ئۆلمەس،
ئەجەلدىن ئۆلەر.

ئادەم ئۆمرى ئۆلگۈچە،
زىرائەت ئۆمرى كۈزگىچە.

ئادەم ئۆمرى يازدىكى باراڭ،
كۈزدىكى غازاڭ.

ئادەم ئۆمۈرگە تويماس.

ئادەم يوق جاڭگالدا كاككۇكمۇ سايرىماس.

ئادەم يېشى بىلەن ئەمەس،
ئىشى بىلەن ھۆرمەتلىك.

ئادەمنىڭ قېرىشى ئىشىدىن بىلىنىدۇ،
ھايۋاننىڭ قېرىشى چىشىدىن (بىلىنىدۇ).

ئارچا سۈيىنى ئىچكەن مىڭ يىل ياشار.

ئارزۇلىغان ئەي بولماس.

ئاز يە، ئاسان تىرىل.

ئاز ـ ئاز يە،
كۆپ چاينا.

ئاسراپ تۇتساڭ مىڭ كۇنلۇك،
بولمىسا بىر كۇنلۇك.

ئاش بار يەردە ئاغرىق يوق.

ئاغرىپ ساقايغان جان ئولجا،
يوقىلىپ تېپىلغان مال (ئولجا).

ئاغرىغان باشقا ئاقچا دورا بولماس.

ئاغرىق ئادەم ــــ كىچىك بالا.

ئاغرىق ئاشتىن كېلىدۇ،
بالا باشتىن (كېلىدۇ).

ئاغرىق بولساڭ ئۆلۈپ قۇتۇل،
قەرزدار بولساڭ بېرىپ (قۇتۇل).

ئاغرىق توختىسىمۇ، ئەجەل توختىماس.

ئاغرىق ساقايغاندا،
تېۋىپنىڭ نىمە كېرىكى.

ئاغرىق ساقنى يۆلەپتۇ،
قاپ تاغارنى (يۆلەپتۇ).

ئاغرىق نەدىن كېلۇر،
ئىلغىماي يېگەن ئاشتىن.

ئاغرىق ئۆرلىسە، جېنىڭنى ئالار،
شىپا ئۆرلىسە، پۇلۇڭنى (ئالار).

ئاغرىق، تاغ يىقىلغاندەك كېلىپ،
قىل سۇغارغاندەك چىقار.

ئاغرىققا تەييارلىق بىكار،
ئۆلۈمگە ھەييارلىق (بىكار).

ئاغرىققا كۈلكە ياقماس.

ئاغرىققا گەپ ياقماس،
ھارغانغا ئويۇن (ياقماس).

ئاغرىقنىڭ ئالدىدا ئۆلۈم توغرۇلۇق سۆزلىمە.

ئاغرىقنىڭ بېلى ئاغرىسا،
دوختۇرنىڭ بېشى ئاغرىپتۇ.

ئاغرىقنىڭ سانجىقى يامان،
سۆزنىڭ ئاچچىقى يامان.

ئاغرىقنىڭ سەۋەبى تېپىلسا،
داۋاسىمۇ تېپىلىدۇ.

ئاغرىقنىڭ ۋەسىيىتى — ياخشىلىقنىڭ ئالامىتى.

ئاغىرىماي ئۆلۈپتۇ،
كولىماي كۆمۈپتۇ.

ئاق بار ئۆيگە ئوغرى كىرىپتۇ.

ئالا قاغىدا ئىلىشىڭ بولسا،
ئالغىلى ئامانلىق كېرەك.

ئالتە كۈنلۈك ئۆمۈرنىڭ يەتتە كۈنلۈك ئىشقى بار.

ئالما يەپ سۇ ئىچمەڭ ئاغرىيسىز،
جىگدە يەپ سۇ ئىچمەڭ سەمرىيسىز.

ئالمىخانىغا پېرە ئوينا،
ساقايمىسا، يەنە ئوينا.

ئاياغدىن كۆتۈرۈلگەن چاڭ ئېغىزغا كىرەر.

ئايدىڭدا تاڭ ئاتقىنىنى بىلگىلى بولماس،
كوسىنىڭ قېرىغىنىنى بىلگىلى بولماس.

ئە

ئەت يېرىلماي قان چىقماس،
ئەجەل يەتمەي جان چىقماس.

ئەت يېرىلماي، قان چىقماس،
ئەجەل يەتمەي، جان (چىقماس).

ئەتىگەن تۇرساڭ، ئالدىڭدىن كۈن چىقار،
كەچتە تۇرساڭ، ئالدىڭدىن تۈن (چىقار).

ئەتىگەن قىلسا ناشتا،
كېسەل بولماس باشتا.

ئەتىگەن قىلساڭ ناشتا،
سەپرا توختىماس باشتا.

ئەتىگەندە قىل ناشتا،
ئاغرىق كەلمەس باشقا.

ئەجەل كەلسە جېنىڭنى ئالار،
داخان كەلسە پۇلۇڭنى (ئالار).

ئەجەل كەلسە، ماجالى قالماپتۇ.

ئەجەل كەلگەندە ماجال قالماس.

ئەجەل نەگە بارسەن؟
باينىڭ مېلىنى چاچقىلى،
يوقنىڭ كۆتىنى ئاچقىلى.

ئەجەل يەتمەي جان چىقماس،
بېخىل بايدىن نان (چىقماس).

ئەجەل يولى ــــ كەكلىكنىڭ قەدىمىدىن قىسقا.

ئەجەلدىن بۆرۆن دورا قىل،
ئوچاقىقا قاراپ مورا (قىل).

ئەجەلسىز ئوق بولماس،
سەۋەبسىز ئۆلۈم (بولماس).

ئەجەلنىڭ ئېتى ئېگەرلىكلىك.

ئەجىلى تولغان قاغىنىڭ كۆكسى قان.

ئەخمەق بىلمەس ئېتىنىڭ ھارغىنىنى،
كوسا بىلمەس ئۆزىنىڭ قېرىغىنىنى.

ئەر ئۆلسە ئۆتۈكى قالار،
دەرەخ كېسىلسە كۆتىكى (قالار).

ئەقلى يېتكەن قۇزغۇن قارچىغا بىلەن ئېلىشار.

ئەمانىڭ تىلىكى كۆز،
گاچىنىڭ تىلىكى سۆز.

ئەمىتاخۇن چۈشكۈرسە،
مەمىتاخۇن زۇكامداپتۇ.

ئەيىب يوقالمىسا كۆڭۈل سۆيۈشمەس.

باش ساق بولسا، تەن ساق بولىدۇ.

باشقا كەلگەن بالا،
ئاغرىق ـ سىلاقنى ئالا.

بالا ساقلىقى ــ ئانا بايلىقى.

بايتال قېرىسا قولۇنغا تاماشا،
ئادەم قېرىسا بالىغا (تاماشا).

بايلىقنىڭ بېشى ــ ساقلىق.

بولساڭ ئەگەر دۇرۇس ـ پاك،
ئۆتەر ئۆمرۈڭ تېنىڭ ساق.

بۇ زامان ئۇزاق زامان، سەندىن ـ مەندىن قالىدۇ،
كىمنىڭ ھەققى كىمدە بولسا، ئاخىر بىر كۈن ئالىدۇ.

بۇقا قېرىسا خۇيى قېرىماس،
ئادەم قېرىسا كۆڭلى (قېرىماس).

بۆرە قېرىسا ئىتنىڭ كۇلگۇسى كەپتۇ.

بۆرە قېرىسىنى ئالدايدۇ.

بۆشۈكتىن چىققان تۆشۈكتە توختايدۇ.

بۇركۇت قېرىسىمۇ غەيرىتى قېرىماس،
يولۋاس قېرىسىمۇ ھەيۋىسى قېرىماس.

بېشى ئاغرىمىغاننىڭ خۇدا بىلەن كارى يوق.

بىدەردنىڭ يېنىدا گەپ قىلساڭ، بېشى ئاغرار.

بىر چوڭنىڭ گېپىگە كىر، بىر كىچىكنىڭ.

بىر خىل تۇرساڭ، يۈز يىل ئۆمۈر كۆرسەن.

بىر كۆنلۈك قىزىتما قىرىق كۈنلۈك كۈچنى ئالار.

بىر كېسەل ئون كېسەلنى يۆكلەپ كېلىدۇ.

بىر يەردە توي بولسا، بىر يەردە ھازا؛
بىر يەردە تۇغۇلسا، بىر يەردە قازا.

بىرى ئۆلمىگۈچە بىرىگە كۈن يوق.

بىمار ئۆزىگە ياقمىغان تاماققا ئۆچ.

## پ

پاسكىنا ئۆينىڭ بوسۇغىسىدىن پەرىشتە ئاتلىماس.

پاكلىق ساقلىقنى، ئەقىل سەبىر ساقلار.

پاكىز خوتۇن سەھەر قوپۇپ بېشىنى تارايدۇ،
مەينەت خوتۇن ۋاقچى قوپۇپ كۆلۈك كولايدۇ.

پاكىزلىق — ساغلاملىقنىڭ دورىسى،
ئۇيات — ئەدەپلىكنىڭ جورىسى.

پۇتىدىن يىقىلغان قوپار،
ئېغىزىدىن يىقىلغان قوپالماس.

پۇل كېسەلگە دورا بولماس.

پۇتمەيدىغان ئۆمۈر يوق،
كۆيمەيدىغان كۆمۈر يوق.

پىچاقنى چاقلاپ تۇت.

پىلىنىڭ ئۆمرىگە،
چىشىنىڭ قىممەتلىكى سەۋەبكار.

ت

تاتلىق مىڭ بولۇر،
ساقلىق بىر بولۇر.

تاتلىق ـ تەملىك مىڭ بولۇر،
تەن ساغلاملىق بىر (بولۇر).

تازىلىق ــ ساقلىق.

تازىلىقى ياخشى كېسەل ئاز،
ئوچىقى ياخشى ئېشى ساز.

تازىلىق ــ بايلىقتىن ئارتۇق،
سالامەتلىك ــ شاھلىقتىن ئارتۇق.

تەن ئاغرىسا، جان سېزەر.

تەن ساقلىق ــ بەختتۇر.

تەن ساقلىق ــ زور بايلىق.

تەن قېرىسىمۇ روھ قېرىماس.

تەننىڭ ساقلىقى ــ جاننىڭ راھىتى.

تەننىڭ ساقلىقى ــ ئۆمۈر بايلىقى.

توخۇنىڭ خىيالى داندا،
ئاغرىقنىڭ خىيالى جاندا.

تولغاق ئاغرىقى كۆكۈلدە تۇرماس،
كۆكۈلدە تۇرسا قايتا تۇغماس.

توخۇ سەمرىسە، تۇغمىقى تەس،
ئادەم سەمرىسە، تۇرمىقى (تەس).

تۇغۇلماق ھەق، ئۆلمەك بەرھەق.

تەننىڭ ساقلىقى ــ غەمنىڭ يوقلۇقى.

تېنى ساقىا كۆندە توي.

تەن ساقلىقىڭ ــ پادىشاھلىقىڭ.

تىرىك بازارغا ئالدىرار،
ئۆلۈك مازارغا (ئالدىرار).

تىرىك بولۇپ ساندا يوق،
ئۆلۈك بولۇپ گۆردە (يوق).

تىرىك دېسە ئۆيى يوق،
ئۆلۈك دېسە گۆرى (يوق).

تىرىكنى تېزەككە تېگىشىپتۇ،
ئۆلۈكنى ئالتۇنغا تېگىشىپتۇ.

## ج

جاپا تارتمىغۇچە ھالاۋەت يوق،
چېنىقمىغۇچە سالامەت يوق.

جان بار يەردە قازا بار،
مال بار يەردە بازار (بار).

جان راھەتى تەن بىلەن،
تەن ساقلىقى پەم بىلەن.

## چ

چىچەكنىڭ ئېتى يامان،
قىزىلنىڭ يېلى (يامان).

چىش ئاغرىقى ئاغرىق ئەمەس،
چىش ئاغرىغانغا كىشى ئۆلمەس.

چىش ئاغرىقى مېڭىنى يەيدۇ،
قۇلاق ئاغرىقى تېڭىنى (يەيدۇ).

چىش باشقىچە ئاغرىيدۇ،
كۆز ياشقىچە (ئاغرىيدۇ).

چىش تۆكۈلۈپ تىل قالىدۇ.

چىش تىلنى چىشلىسىمۇ تىلدىن ئايرىلماس.

چىشسىز ئېغىز — تاشسىز تۈگمەن.

چىشنىڭ دورىسى ئامبۇر،
ئۆپكىنىڭ دورىسى چامغۇر.

چىشى ئاغرىغاننى ھېچكىم يوقلىماس.

چىشىمغا قارىماي، قىلغان ئىشىمغا قارا.

چىلىم چەككەن كىشىنى،
ئۆرۈپ سۇندۇر چىشىنى.

چۈشىن دېگەن مەينەت نېمە،
ئۇ قونغان نەرسىنى يۇماي يېمە.

خ

خاتىرجەملىك ـــ كۆڭۈل يايلىقى.

خوتۇن كىشى قېرىسا ئېرىگە ۋەزىر بولىدۇ،
ئەر كىشى قېرىسا ھويلا ـ ئارانغا ھېزى بولىدۇ.

خوراز يېڭىلسە ۋاك دەيدۇ،
دوختۇر يېڭىلسە راك (دەيدۇ).

د

دەرەخ قېرىسا يىلتىزى قالار،
ئادەم قېرىسا گەپ ـ سۆزى (قالار).

دەرەخ قېرىسا يىلتىزى قېرىماس،
ئادەم قېرىسا كۆڭلى (قېرىماس).

دەۋا كۆچەيسە، پۇلۇڭنى ئالار،
ئاغرىق كۆچەيسە جېنىڭنى (ئالار).

دۇنيادا نېمە تولا،
تېۋىپ تولا.

دۇنيادا ئىككى ئۆلۈم يوق،
بىرىدىن قۇتۇلغان ھېچكىم يوق.

دۇشمەننىڭ ئۆلۈمىنى تىلىگۈچە،
جېنىڭنىڭ ساقلىقىنى تىلە.

## ر

رازى بولمىغان ئاش قورساق ئاغرىتار.

روھى چۈشكەن ئادەمنىڭ ئېتىمۇ يۈگۈرەلمەيدۇ.

## ز

زاغرا نان قېتىقتا ياخشى،
قېرى كالا پېتىقتا ياخشى.

زەرگەر قېرىسا كۆزىدىن كېتەر،
بابكار قېرىسا يۈزىدىن كېتەر.

## س

ساپ ھاۋا ــ تەنگە داۋا.

ساغلام بولاي دېسەڭ ھەرىكەت قىل،
ھوسۇل ئالاي دېسەڭ مېھنەت قىل.

ساغلام تەندە ساپ ئەقىل.

ساغلام تىلەمچى كېسەلمەن شاھتىن بەختلىكتۇر.

ساغلاملىق ئالتۇندىن ئەلا.

ساق ئادەمنى ساراڭ دەۋەرسە،
بىر چىشلەم گۆشى ساراڭ بولۇر.

ساق بولاي دېسەڭ گېلىڭنى يىغ،
تىنچ بولاي دېسەڭ تىلىڭنى (يىغ).

ساق چاغدا يەي دېسەم شەيتان قويمىدى،
ئاغرىغاندا يەي دېسەم دەرمان قويمىدى.

ساق يۈرەي دېسەڭ ئازادە بول.

ساقال باسسا قېرىمىكىن دېمە،
چىۋىن چاقسا ھەرىمىكىن دېمە.

ساقال چىقمىسىمۇ ئادەم قېرىيدۇ،
كۆن چىقمىسىمۇ كەچ بولىدۇ.

ساقال ئېقى — ئۆلۈمدىن بېشارەت.

ساقايساڭ مەندىن كۆر،
ساقايمىساڭ ئەنە گۆر.

ساقايمايدىغان جاراھەت يوق،
خورىمايدىغان تاپاۋەت (يوق).

ساقتىن زېرەك گاچا بار،
شاختىن چىگراق ئاچا (بار).

ساقلانساڭ ساق بولىسەن.

ساقلانغان ساغلام بولۇر.

ساقلانغانغا بالا يوق،
ساقلانمىسا داۋا (يوق).

ساقلانغاننى خۇدا ساقلار.

ساقلىقتا خورلۇق يوق.

ساقلىقىڭ — بايلىقىڭ.

ساقلىقلىق — پاشالىقلىق.

ساقلىقمدا تىللىماڭ،
ئۆلگىنىمدە يىغلىماڭ.

ساقنى بىر قېتىم كالۋا دېسە،
بىر مىسقال كالۋالىق قوشۇلۇپتۇ.

ساقلىمغا قارىماي،
ساغلاملىقىمغا قارا.

ساقلىمنىڭ ئېقى بار،
بالىلىقىم تېخى بار.

ساقلىمنىڭ ئېقى بار،
ساراڭلىقىم تېخى بار.

ساقلىنى ساتقان قېرىدىن،
ئەمگىكىنى ساتقان بالا ياخشى.

ساقىي بولساڭ ساق بول.

سالامەتلىك — جاننىڭ راھىتى.

سامساق يېگەننىڭ تېنى ساق.

ساياھەت قىلساڭ، سالامەت بولىسەن.

سەكسەن ياشلىق قېرىنىڭ،
ئونبەش ياشلىق ئوتى بار.

سوغۇق پۇتتىن كىرەر،
كېسەل ئېغىزدىن (كىرەر).

سوغۇق پۇتتىن ئۆتەر،
ئىسسىق يۈرەكتىن (ئۆتەر).

سوغۇقۇڭ ئاشسا — دۆلەت،
ئىسسىقىڭ ئاشسا — قىيامەت.

سېمىزلىك — ئىككى پۇتقا يۈك.

## غ

غىزاغا دۆم چۈشكەننىڭ تېنى ساق بولماس.

غىزانى ئاز - ئاز يە،
پات - پات يە.

## ق

قاغا جىگدىسىنى يېمەڭ،
مەيدەم ئاغرىدى دېمەڭ.

قەددىم تۈز چاغدا قەلبىم ئەگرى ئىدى،
قەلبىم تۈزلەنسە قەددىم ئېگىلدى.

قەغەزنى قىرىتقان قەلەم،
ئادەمنى قىرىتقان ئەلەم.

قەيەر ئاغرىسا، جان شۇ يەردە.

قوغۇن يېسەڭ سەھەر يە،
سەھەر يېمىسەڭ، زەھەر يە.

قولۇڭ پاكىز بولسا،
ئاغرىق - سىلاقتىن خالىي بولىسەن.

قۇش قېرىپ تورغا چۈشمەس،
ئەر قېرىپ قولغا (چۈشمەس).

قېتىق ئىچكەن قېرىماس.

قېرى ئات يول بىلەر.

قېرى بار ئۆينىڭ كىتابى بار.

قېرى بار يەردە خىزىر بار.

قېرى بولسىمۇ قەدىناس ياخشى.

قېرى بىلگەننى پىرى بىلمەيدۇ.

قېرى خوتۇن ياش بولدى،
جۇۋانلارغا تەس بولدى.

قېرى دوڭغاق كېلۈر،
سوغۇقتا توڭغاق (كېلۈر).

قېرى قۇشقاچ كېپەككە ئالدانماس.

قېرى قۇلاق — ئۇزۇن قۇلاق.

قېرى قىز ئەر تاللىماس،
ئۆلگەن ئادەم يەر (تاللىماس).

قېرى قىل بىلەن تام قىلار،
ياش يانچۇقىنى دام قىلار.

قېرى كالا پىچاقتىن قورقماپتۇ.

قېرى كالا شاپاقتا ئامراق،
قېرى ئادەم يۇمشاقتا (ئامراق).

قېرى كالا شاپاقتا ئامراق،
موللام ئاپپاقتا (ئامراق).

قېرى كالىنى قاسساپقا بەر،
كاسات مالنى كاززاپقا (بەر).

قېرى كەلسە ئاشقا،
ياش كەلسە ئىشقا.

قىرى ئۆلسە، دۆلەت،
ياش ئۆلسە، قىيامەت.

قىرى يىقىلسا يۆتەل چىقار،
ياش يىقىلسا جېدەل چىقار.

قىرى — يامان ئىشتىن نېرى.

قىرىشتىن قورقماي،
يېتىپ قېلىشتىن قورق.

قىرىغاندا ئات تېزىكى ئالتۇن كۆرۈنەر.

قىرىغاندا ئالتە خوتۇن ئالماي دېسەڭ،
ياشلىقىڭدا يەمى كالتە خوتۇن ئالما.

قىرىغاندا چىش گالىلىشىدۇ،
كەتمەن تۇتقاندا ئىش (گالىلىشىدۇ).

قىرىغاندا قىرى تارتۇق،
قىلىقلىرى ئۇندىن ئارتۇق.

قىرىغاندا قىرىشىپتۇ.

قىرىغاندا قىردىن ئۆتەلمەپتۇ.

قىرىغاندا قىز بوپتۇ،
ئالدىرىغاندا ئۆز (بوپتۇ).

قىرىغاندا كۆڭۈل گادىيى بوپتۇ.

قىرىغاندا كىچىك بولۇر،
قىلغان ئىشى پىچەك بولۇر.

قىرىغاندا نان پايدا قىلماس،
ئوغرىغا ئاش (پايدا قىلماس).

قىرىغاندا ئىتنىڭ تىزىنى كۆردۇم.

قىرىغاندا ياشلىق ياراشماس،
ئۇپا، ئەڭلىك، قاشلىق ياراشماس.

قىرىغاندا يۆتەل تۇتار،
ھۇرۇنغا كىسەل يۇقار.

قىرىلار يانى تارتىپ ئوق ئاتالماس.

قىرىلىق ئىشىك ئارقىسىدا تۇرار.

قىرىلىقنىڭ غىمىنى ياشلىقتا قىل.

قىرىلىق — بالىلىق.

قىرىنى كاتتا ساقلاپتۇ،

قىرىنىڭ ئاتقان ئوقى نىشانغا بارالماس،
ئەگەر نىشانغا قادالسا، يىگىتلەر بىرلىشىپ تارتىپ بولالماس.

قىرنىڭ چىشى يوق تۆشكە ئامراق،
مۈشۈكنىڭ پۇلى يوق بەزگە (ئامراق).

قىرنىڭ چىشىغا قارىماي ئىشىغا قارا.

قىرنىڭ زىننىتى ساقال،
گەپنىڭ زىننىتى ماقال.

قىرنىڭ كۆزى ياشتا،
ئاچنىڭ كۆزى ئاشتا.

قىرنىڭ ئۆلگۈسى كەلسە ياشقا تېگەر،
چىننىنىڭ سۇنغۇسى كەلسە تاشقا (تېگەر).

قىز ۋاقتى — سۇلتان ۋاقتى،
جۇۋان ۋاقتى — شەيتان ۋاقتى.

## ك

كەتمەن قىرىسا سېپى قىرىماس.

كۆپ ئاغرىغان ئەمچى بولۇر،
كۆپ يۈرگەن يولچى.

كۆپ ئاغرىغان ئۆزىگە ئۆزى تېۋىپ.

كۆپ قېرى ئىچىدە بالا بولسا دانا بولۇر،
كۆپ بالا ئىچىدە بىر قېرى بولسا بالا (بولۇر).

كۆپ ياشىغان نېمىنى بىلەر،
كۆپنى كۆرگەن شۇ بىلەر.

كۆز ئاغرىقى قولدىن،
پۇت ئاغرىقى يولدىن.

كۆزۈڭ ئاغرىسا،
قورسىقىڭنى سىلا.

كۆمۈرى بار ئادەمگە ئوتۇننىڭ نېمە ئىشى،
قېرىغان ئادەمگە خوتۇننىڭ نېمە ئىشى.

كېسەل باشقا،
ئەجەل باشقا.

كېسەل بولمىغان ساقلىقنىڭ قەدرىنى بىلمەيدۇ.

كېسەل بولمىغۇچە ئاللانى تونۇماپتۇ.

كېسەل پاتمانلاپ كىرەر،
مىسقاللاپ چىقار.

كېسەل پىلنى پاشىدەك قىلار.

كېسەل تەگدى،
دەرمان كەتتى.

كېسەل جىنىڭنى ئالار،
قەرزدار پۇلۇڭنى (ئالار).

كېسەل كۆلكىنى خالىماس.

كېسەل كېمەيسە،
تېۋىپ كېسەل بولار.

كېسەل گۆش بىلەن تۈزىلەر،
بىشەم مۇشت بىلەن (تۈزىلەر).

كېسەل ئۇزاققا سوزۇلسا بالىدا ۋاپا قالماس.

كېسەل ئېغىزدىن كىرەر.

كېسەل ئېنىقلانمىسا دورا كېلىشمەس.

كېسەل يوقلىساڭ،
كۆڭۈل كۆتۈر.

كېسەلگە سۆز ياقماس،
چارچىغانغا ئويۇن (ياقماس).

كېسەلگە قاراپ دورا،
كاڭغا قاراپ بورا.

كېسەلگە ھەسەل تېتىماس.

كېسەلگە ھەسەلمۇ بىمەززە تۇيۇلار.

كېسەلنى بۆلۈشۈۋالغىلى بولماس.

كېسەلنىڭ ئانىسى زۇكام،
ناخشىنىڭ ئانىسى مۇقام.

كېسەلنىڭ ئەسكىسى قىچىشقاق،
ئادەمنىڭ ئەسكىسى ئوغرۇشقاق.

كېسەلنىڭ باشلىنىشى زۇكامدىن،
ئادەمنىڭ بۇزۇلۇشى پوكاندىن.

كېسەلنىڭ باشلىنىشى زۇكامدىن،
ئەرنىڭ بۇزۇلۇشى چوكاندىن.

كېسەلنىڭ بىرى جىنىدىن،
توققۇزى ژىنىدىن كېلەر.

كېسەلنىڭ بېشى ئەسنەك،
جېدەلنىڭ بېشى تەستەك.

كېسەلنىڭ دەردىنى كېسەلمەن بىلەر.

كېسەلنىڭ قامچىسى يۆتەل.

كېسەلنىڭ كېلىشى ئاسان،
كېتىشى تەس.

كېسەلنىڭ ياخشى ـ يامانى يوق.

كېسەل — ئۆلۈمنىڭ ئەلچىسى.

كېسەلنى يوشۇرساڭ،
ئۆلۈمى ئاشكارا.

كىچىكنىڭ دەۋاسى تولا،
قېرىنىڭ باھانىسى (تولا).

كىچىكىدە هاي بالام،
چوڭ بولغاندا ۋاي بالام.

كىمنىڭ قەيىرى ئاغرىسا شۇ يەرنى سۆزلەيدۇ.

م

مال كەتسۇن، پۇل كەتسۇن،
ساغلاملىققا نېمە يەتسۇن.

مەنىسىز ئۆمۈر — دات باسقان تۆمۈر.

مەنىسىز ياشلىق — سايدىكى تاشلىق.

مەۋقەسى يوق يىگىتتىن،
ياغ چىقمىغان چىگىت ياخشى.

مېھمانىنىڭ بار ـ يوق بىلەن كارى يوق،
ئەجەلنىڭ ياش ـ قېرى بىلەن كارى يوق.

مېيىت ئىشىكتىن چىقسا،
سەۋرىسى تۆڭلۈكتىن كىرىدۇ.

ھ

ھاسا قارىغۇنىڭ كۆزى، قېرىنىڭ تۈۋرۈكى.

ھاۋانىڭ گۈلدۈرى بار، يامغۇرى يوق،
قېرىنىڭ ھەۋىسى بار، ماغدۇرى يوق.

ھايات ئەبەدىيلىك،
ئۆلۈم بىردەملىك.

ھايات بار يەردە غەم بار.

ھايات چاغدا ئورا كولاپ قەستلەپتۇ،
ئۆلگەن چاغدا مەدھىيە ئوقۇپ ئەسلەپتۇ.

ھايات شادلىقى — مېھنىتى بىلەن،
باغۇەن شادلىقى — مېۋىسى بىلەن.

ھايات ھەممىنى ئۆگىتەر،
ئۆگەنمىسەڭ تۆلىتەر.

ھايات ئۈچۈن دوست كېرەك،
دوست ئۈچۈن ۋىجدان (كېرەك).

ھايات يولى ھۇرۇنغا تار،
ئىشچانغا كەڭ.

ھاياتلىق ھەرىكەتتە.

ھاياتلىقتا خۇشاللىقتىن ئازاب كۆپ،
جاۋابتىن سوئال كۆپ.

ھاياتلىقىمدا ئەتمىسەڭ ياد،
ئۆلگىنىمدە چەكمىگىن پەرياد.

ھاياتنى ئىنىقلاش — بىلىم دېمەكتۇر.
ھاياتنىڭ تۇزى — دوستلۇق.

ھايۋان گېلىدىن قېرىيدۇ،
ئادەم بېلىدىن (قېرىيدۇ).

ھەسرەت — ئۆمۈرنىڭ مىتىسى.

## ئو

ئورۇق – سېمىزلىك كۆڭۈلدىن.

ئوسمىنىڭ قېنىقى قاشتىن،
ئادەمنىڭ قېرىشى ياشتىن.

ئون تۇغۇتتىن بىر چۇشۇك يامان.

## ئۇ

ئۇزارتقۇڭ كەلسە ئۆمرۈڭنى،
ئورمانغا چۇمكە چۆرەڭنى.

ئۇزاق ئاغرىغان ئەمچى بولۇر.

ئۇي قېرىسىمۇ مۇڭگۈزى قېرىماس.

# ئۆ

ئۆپكىسىدە غىژ ـ غىژ،
يۈرىكىدە پىژ ـ پىژ.

ئۆت ئاچچىقىدىن كۆت ئاچچىقى يامان.

ئۆتكەن ئۆمۈر ـــ ئاققان سۇ.

ئۆتنە جاھان، ھېسابلىق ئالەم.

ئۆلەرمەنگە تەگسەڭ ئۆلۈكىنى ساتار.

ئۆلەرمەنگە ئۆلۈك بېلىق ئۇچراپتۇ.

ئۆلەرمەننى ئۆلۈم ياراتماپتۇ.

ئۆلەرمەننىڭ كۆزىدىن قورق.

ئۆلگەن قايتماس،
ئۆچكەن ياناس.

ئۆلگەندە سەۋەب قىلغۇچە،
ئۆلمەستە تەلەپ قىل.

ئۆلگەندىن قورققان يامان.

ئۆلگەندىن يامانلىما.

ئۆلگەنگە جىنازا كېرەك،
تۇغۇلغانغا بۆشۈك (كېرەك).

ئۆلگەنلەرنى ئەسلەيدۇ،
تىرىكلەرنى قەستلەيدۇ.

ئۆلگەننىڭ ئەيىبىنى ئاچما.

ئۆلگەننىڭ ئەيىبىنى ئېچىش گۇناھ.

ئۆلمەس ئاغرىق، چىقماس جان.

ئۆلمەسنى خۇدا ياراتماس.

ئۆلمەكنىڭ ئۈستىگە تەپمەك.

ئۆلمەيدىغان جان يوق،
پىشمايدىغان نان (يوق).

ئۆلمىگەندە سۆز - چۆچەك،
ئۆلگەنگە ماتەم.

ئۆلمىگۈچە رەھمەتلىك بولماس.

ئۆلمىگۈچە ياخشى بولماس.

ئۆلۈش ئۇيات ئەمەس،
ئۆلەرمەن بولۇش ئۇيات.

ئۆلۈشتىن قورقما،
ئۆلەرمەن بولۇپ ياشاشتىن قورق.

ئۆلۈك توپا كۆتۈرەر.

ئۆلۈك دۇئاغا تويماپتۇ،
تىرىك دۇنياغا (تويماپتۇ).

ئۆلۈكتىن قايغۇرغۇچە،
ئۆمرۈڭدىن قايغۇر.

ئۆلۈكتىن قەبرە قاپتۇ،
مەھبۇستىن سەۋرە (قاپتۇ).

ئۆلۈكتىن يامانلىساڭ ئۆلۈپ باق،
تويدىن يامانلىساڭ توي قىپ باق.

ئۆلۈككە گۆر تېپىلار،
تىرىككە ئۆي (تېپىلار).

ئۆلۈككە يىغلا،
تىرىكنى ئاسرا.

ئۆلۈككە يىغلىغان ئىسسىت كۆزۈم.

ئۆلۈكنى ھەپتە ساقلاپتۇ.

ئۆلۈكنىڭ دەردى يوق.

ئۆلۈكنىڭ روھى تىرىكنىڭ يۈزى.

ئۆلۈكنىڭ قولىنى ئۆتنە ئاپتۇ.

ئۆلۈكنىڭ قولىنى ئۆتنە ئالغۇدەك بوپتۇ.

ئۆلۈكنىڭ كۆزىدىن قورق،
جېدەلخورنىڭ سۆزىدىن (قورق).

ئۆلۈكۈڭگە يىغلا،
تىرىكىڭنى ئاسرا.

ئۆلۈم شاھۇ گادايغا ئوخشاش.

ئۆلۈم قاش بىلەن كىرپىك ئارىسىدا.

ئۆلۈمدىن خورلۇق يامان.

ئۆلۈمدىن قورقماي،
ئەلەمدىن قورق.

ئۆلۈمدىن قورقماي،
نومۇستىن قورق.

ئۆلۈمدىن قېچىپ بولماس.
ئۆلۈمسىز دۇنيا بولماس.

ئۆلۈمگە تۈتۈپ بېرىدىغانمۇ پۇل،
ئۆلۈمدىن قۇتۇلدۇرىدىغانمۇ پۇل.

ئۆلۈمگە يىغلىغۇچە،
كېسەلگە سەۋەب قىل.

ئۆلۈمنىڭ چوڭ ـ كىچىكى يوق.

ئۆلۈمنىڭ كۆزى يوق.

ئۆلمەن دېسە مىنىمەن دەپتۇ.

ئۆمرۈڭ ئۇزار،
ھۆسنۈڭ توزار.

ئۆمرۈڭنى خۇدادىن تىلە،
رىزقىڭنى ئۆزۈڭ تاپ.

ئۆمۈرلۈك دېسەڭ كۆزىگە قارا،
بىر كۈنلۈك دېسەڭ قېشىغا (قارا).

ئۆمۈرلۈك دېسەڭ ئىشىغا قارا،
بىر كۈنلۈك دېسەڭ يۈزىگە (قارا).

ئۆمۈرنىڭ ئېسىلى ياشلىق،
ئوزۇقنىڭ ئېسىلى ئاشلىق.

ئۆلۈمگە قاراپ كۆمۈش بار.

## ئى

ئىت قېرىسا يېتىپ يەر.

ئىت قېرىسىمۇ چىشىدىن قالماس.

ئىتنىڭ قۇيرۇقىغا دەسسىمە، چىشلىمەيدۇ.

## ي

ياتقان كېسەل تېز ئۆلەر،
ماڭغان كېسەل تېز كۆلەر.

ياتقانمۇ ئاغرىق،
ئۇنى باققانمۇ ئاغرىق.

يارا ساقايسىمۇ ئاغرىقنى ئۇنتۇما.

يارا ئېغىز ئالمىغۇچە ئاغرىق پەسەيمەس.

ياش باللارنىڭ كەلگىنى،
خۇدايىمنىڭ بەرگىنى.

ياش بۈزۈلسا قېرىغاندا تۈزۈلەر،
قېرى بۇزۇلسا قاچان (تۈزۈلەر).

ياش چېغىڭ — ئالتۇن چېغىڭ.

ياش چېغىمدا تولپار ئىدىم، بەگلەر تارتىپ مىنگۈدەك،
قېرىغاندا دۈمچەك بولدۇم، ئىتلار كېلىپ سىيگۈدەك.

ياش قوماچقا ئامراق،
قېرى ئۇماچقا (ئامراق).

ياش كۆچەتنىڭ مېۋىسى سەرخىل.

ياش كېتىمەن دەپ قورقۇتار،
قېرى ئۆلىمەن دەپ (قورقۇتار).

ياش ئېتىشقا ئامراق،
قېرى يېتىشقا (ئامراق).

ياشاش تەس ئەمەس،
ئادەم بولۇش تەس.

ياشاش ئۈچۈن پەم كېرەك،
بەخت ئۈچۈن جەڭ (كېرەك).

ياشايمەن دەپ ياشىيالماپتۇ،
ئۆلىمەن دەپ ئۆلەلمەپتۇ.

ياشقا يېقىن،
قېرىغا يىراق.

ياشلىق خۇددى گۈل،
ئىستىكى ئوت.

ياشلىق سۇدەك ئۆتەر،
ھەسرەت تاشتەك ئۆتەر.

ياشلىق كەتسە قايتىپ كەلمەس،
قېرىلىق كەلسە قايتىپ كەتمەس.

ياشلىق گۈل، قېرىلىق كۈل.

ياشلىق لاۋۇلدايدىغان ئوت.

ياشلىق يالقۇن، قېرىلىق تۈتۈن.

ياشلىقتا بەرگەن كۆڭۈل،
ئايرىلماس بالا بولۇر.

ياشلىقتا بىلىم ئالمىغان،
قېرىغاندا ھەسرەت چېكەر.

ياشلىقتا تاش يېسە ئاش بولۇر.

ياشلىقتا جاپا چەك،
ھەسرەت چەكمە.

ياشلىقتا چىنىقساڭ،
قېرىغاندا مېغىزىنى چاقىسەن.

ياشلىقتا لاتا تەڭلىكى،
قېرىغاندا ئاتا (تەڭلىكى).

ياشلىقتا ھىممەت،
قېرىغاندا ھۆرمەت.

ياشلىقتا ئۆگەن،
قېرىغاندا ئۆگەت.

ياشلىقتا ياخشىلىق قىلمىغان،
قېرىغاندا قاتتىقلىق كۆرەر.

ياشلىقتىكى دۆلەتتىن ساقلان،
قېرىلىقتىكى مەينەتتىن ساقلان.

ياشلىقمۇ ئاشلىق كېرەك.

ياشلىقنىڭ قەدرىنى قېرىغاندا بىلەرسەن.

ياشلىقىدا ئالىقانات،
قېرىغاندا ئارخات.

ياشلىقىڭدا ئايالىڭ بولسا،
قېرىغاندا ھەمراھىڭ بولۇر.

ياشلىقىڭدا باغ ئەتسەڭ نامىڭ ئۆچمەس.

ياشلىقىڭدا بالا باقساڭ،
قېرىغاندا سۆيۈنەرسەن.

ياشلىقىڭدا بولمىساڭ شىجائەتلىك،
قېرىغاندا قالىسەن نادامەتلىك.

ياشلىقىڭدا بىلمىدىڭ بىلىم قەدرىنى،
قېرىغاندا تارتىسەن ئۇنىڭ دەردىنى.

ياشلىقىڭدا تار بولساڭ،
قېرىغاندا خار بولىسەن.

ياشلىقىڭدا تۇت ئۆزۈڭنى، گۈلۈڭ كۈندە ئېچىلماس،
پۇشايماننىڭ قاچىسى قېرىغاندا تېپىلماس.

ياشلىقىڭدا تىرىشمىساڭ شىجائەتتە،
ياشانغاندا قالىسەن خىجالەتتە.

ياشلىقىڭدا جىرىم تىك راسا،
ياشانغاندا بولۇر ئۇ ھاسا.

ياشلىقىڭدا گۆشىنى كۆر،
قېرىغاندا يۈكىنى كۆر.

ياشلىقىڭدا گۈل قىس،
قېرىغاندا غىت (قىس).

ياشلىقىڭدا ئوينىساڭ،
قېرىغاندا يىغلايسەن.

ياشلىقىڭدا ئۇنىڭ گۈللىرىنى تاق،
قېرىغاندا كۆلۈپ مېغىزىنى چاق.

ياشلىقىڭدىن ياخشى بول.

ياشلىقىڭنىڭ قەدرى قېرىغاندا ئۆتۈلەر.

ياشلىقىڭ — پاشالىقىڭ، ھەر تەرەپتىن گۈل كېلۇر،
تاڭلا بەش كۈندىن كېيىن، سېنىڭ قېشىڭغا كىم كېلۇر.

ياشلىقىمدا بىلمىدىم،
بىلگىنىمدە قېرىدىم.

ياشلىقىمدا يېنىمدىن ئۆتەر،
قېرىغاندا جېنىمدىن (ئۆتەر).

ياشلىق — بەگباشلىق.

ياشنىڭ ئەقلى غورا،
قېرىنىڭ ئەقلى ھالۋا.

ياشنىڭ سەتى يوق،
قېرىنىڭ چىرايلىقى (يوق).

ياشنىڭ مۇددىئاسى بار،
قېرىنىڭ دۇئاسى (بار).

ياشنىڭ مۇھەببىتى — ئۇچار قۇش.

ياغاچچى قىرسا دەستىگاھ بولۇر.

ياشلىقىڭدا بىلىم ئال،
قېرىغاندا ئىشقا سال.

يەتتە چوكان بىر بولسا، ئون يەتتە يېشىنى سۆزلىشەر،
يەتتە موماي بىر بولسا، دەرمانسىزلىقىنى سۆزلىشەر.

يەتتىدە قىلغىنىڭ مۇنچە،
قىرىقىدا قىلۇرسەن قانچە؟

يورغا مىنگەن يولدىن ئايرىلار،
كۆپ ياشىغان جورىدىن (ئايرىلار).

يول يۈرگەندە ئىتىڭ ھارمىسۇن،
قېرىغاندا خوتۇنۇڭ ئۆلمىسۇن.

يولۋاس قېرىسىمۇ ھەيۋىسى قېرىماس.

يۈز ياشقىمۇ بىر ئۆلۈم،
بىر ياشقىمۇ بىر ئۆلۈم.

يۈز يىل ئۆمۈر كۆرسەڭمۇ،
ئىزدىنىشنى توختاتما.

يېشىڭ ئوتتۇزغا يەتتى،
ئۆمرۈڭنىڭ تېڭى كەتتى.

يېشىڭ ئۆزارسا پۇتلىشارسەن،
گېپىڭ ئۆزارسا دۆتلىشەرسەن.

يېشىنى يوشۇرغان ياش بولماس،
يوشۇرۇپ ئىچكەن ئاش (بولماس).

يېغىر قەيەردە، چىۋىن شۇ يەردە.

يېڭى چىققان ئاينى ھەممە كۆرىدۇ.



# شەرم - ھايا، ئەخلاق - پەزىلەت توغرىسىدا

# ئا

ئابرۇي ئەقىلدىن كېلەر،
ئېغىزدىن كېتەر.

ئابرۇي كېلىنىنىڭ،
دۆلەت خېنىمىنىڭ.

ئابرۇي يىتسە، تېپىلماس.

ئابرۇيپەرەس نام كۆتۈرەر،
ئېغىر ـ بېسىق تاغ (كۆتۈرەر).

ئابرۇيلۇق بولۇشنى ئىزدىسەڭ كەمتەر بول.

ئابرۇينى پۇلغا سېتىۋالغىلى بولماس.

ئابرۇيۇم سۆسەر تۇماق.

ئابرۇۇڭ قانچە،
يۈكۈڭ شۇنچە.

ئاچچىقنىڭ تەمىنى بىلمىگەن تاتلىقنىڭ قەدرىگە يەتمەس.

ئادەم گۈزەل ئەخلاق بىلەن،
گۈل گۈزەل ياپراق بىلەن.

ئادەم يۈزى بىلەن،
ئاش تۈزى بىلەن.

ئادەمگە ئەقىل كېرەك،
پاتقاقتا شېغىل (كېرەك).

ئادەمگەرچىلىك قېرىماس.

ئادەمنى ئادەم قىلغان — ئەدەپ.

ئادەمنى نومۇس ئۆلتۈرەر،
توشقاننى قومۇش (ئۆلتۈرەر).

ئادەمنىڭ پەزىلىتىنىڭ بىرى ئۆزىدە، توققۇزى توندا.

ئاغرىقنى بوش ئۆلتۈرەر،
يىگىتنى نومۇس (ئۆلتۈرەر).

ئاقىلنىڭ ئېپى تولا،
كاسكانىڭ گېپى (تولا).

ئالتۇن تېپىلار،
ئابرۇي تېپىلماس.

ئالتۇن چىرىماس،
ۋىجدان قېرىماس.

ئالتۇن ئۇزۇكتىن ئالتۇندەك كۆڭۈل ئەلا.

ئالتۇن يوقالسا تېپىلار،
ئابرۇي يوقالسا تېپىلماس.

ئالتۇن يىتسە تېپىلار،
ئىناۋەت يىتسە تېپىلماس.

ئالىم بولۇشتىن ئادەم بولۇش قىيىن.

ئانا سۈتى بىلەن كىرمىگەن ئەقىل،
كالا سۈتى بىلەن كىرمەس.

ئانت ئىچكۈچىدىن قۇتۇلۇپ،
قان ئىچكۈچىگە تۇتۇلۇپتۇ.

ئانت ئىچكۈچىگە كۆنمىسەڭ،
قان ئىچكۈچى كېلەر.

ئاۋۋال تائام،
ئاندىن كالام.

ئاۋۋال ئىززەت،
ئاندىن ھۆرمەت.

# ئە

ئەپتىڭ يامان بولسا، ئەينەكتىن كۆرمە.

ئەخلاق ــ ئادەم زىننىتى.

ئەخلاقسىز دانىشمەن،
ئاشپەزنىڭ ئوچىقىغا ئوت قالار.

ئەخلاقلىق ــ سالماقلىق.

ئەدەپ ــ ئەقىلنىڭ سۈرىتى.

ئەدەپ ـ ئەخلاق بازاردا سېتىلماس،
ئەدەپسىزگە ھېچكىم قېتىلماس.

ئەدەپ ـ ئەخلاق بازاردا يوق،
ئەدەپسىز قاتاردا (يوق).

ئەدەپسىز مېھماندىن،
ئەدەبپلىك ھايۋان ياخشى.

ئەدەپكە تەڭ مىزان يوق.

ئەدەپلىك بالا ئويۇننى ئويۇن قىلۇر،
ئەدەپسىز بالا ئويۇننى قۇيۇن قىلۇر.

ئەدەپلىك بالىسىنى توغرا قىلىدۇ،
ئەدەپسىز بالىسىنى ئوغرى (قىلىدۇ).

ئەدەپلىك بولاي دېسەڭ ئەدەپسىزدىن ئىبرەت ئال.

ئەدەپلىك ئېچىلىپ تۇرار،
ئەدەپسىز چېچىلىپ (تۇرار).

ئەدەپلىك ئېغىزنىڭ سۆزى گۈزەل.

ئەدەپنى ئەدەپسىزدىن ئۆگەن.

ئەدەپ ــ ئىلىمدىن ئارتۇق.

ئەدەپ ــ ئەقىلنىڭ سۈرىتى.

ئەدەپتىن ئەمىر ئۇلۇغ.

ئەدەپسىز مېھماندىن ئەدەپلىك ھايۋان ياخشى.

ئەدەپسىز مېيىپنى دورار،
ئەدەپلىك ھالىنى سورار.

ئەدەپكە دەسمايە كەتمەس.

ئەدەپكە سالا كەتمەس،
ھەممەتكە ھېچنەرسە يەتمەس.

ئەر ئارسىز بولماس،
يىگىت يارسىز (بولماس).

ئەرزان بىلەن قىممەتنىڭ بازارغا چىقسا نەرخى بار،
ياخشى بىلەن ياماننىڭ ئاسمان - زېمىن پەرقى بار.

ئەرزان ئىللىتى بىلەن،
قىممەت ھېكمىتى بىلەن.

ئەزىم دەريا بۇلاقتىن،
دانىشمەنلىق قۇلاقتىن.

ئەسكىدىن يا يېلىنىپ قۇتۇل،
يا بېرىپ (قۇتۇل).

ئەيىبى كۆپنىڭ ھاياسى ئاز.

ب

بار ماختانسا ئېچىلىدۇ،
يوق ماختانسا چېچىلىدۇ.

بايلىق ئۆيۈڭنى بېزەر،
ئەخلاق ئۆزۈڭنى (بېزەر).

بەرسە ھەشقاللا،
بەرمىسە تاز كاللا.

بەرگىنىڭنى ئازغا سانا،
ئالغىنىڭنى كۆپكە (سانا).

بەڭگى قىرسا سوپى بولۇر،
جالاپ قىرسا بۆۋى (بولۇر).

بولساڭ ئۆزۈڭگە ئۇلگە،
يىتەر قولۇڭ گۇلگە.

بۇرنىغا سۇ كىرىپتۇ،
بېشىغا ئەقىل (كىرىپتۇ).

بوگۇن خار — ئەتە ئەزىز.

بىتى ئەدەپ كۆرمىگەن،
كۆتى تەرەت كۆرمىگەن.

بېشى قاتتىق بولسا،
ئايىغى تاتلىق بولۇر.

بېشىڭغا ھەر بالا كەلسە،
ئۆزۈڭنىڭ خۇي - پەيلىدىن كۆر.

بىكارلىق ئېشەك بولسا،
بۇخارادىن مۇز توشۇيدۇ.

بىرنى يوقاتساڭ بىرنى تاپىسەن.

بىرنىڭ كاساپىتى مىڭغا يىتەر.

بىرنىڭ ئۈنى بىر.

## پ

پەرەنجىلىك بۇزۇقتىن نومۇسلۇق يۇزى ئوچۇق ياخشى.

پۇل كەتسە كەتسۇن، يۈز كەتمىسۇن.

پۇلۇڭ بولمىسا بولمىسۇن، يۈزۈڭ بولسۇن.

پىقىرلىق — تىلەمچىلىككە تارتار.

## ت

تاپسا شەيتان ئامالنى،
ئاغزىڭغا قۇيار شارابنى.

تالادىكى ئايجامالدىن،
ئۆيۈڭدىكى ھەلىمە پاخپاق ياخشى.

تەرتىپنى سەن تاپمىساڭ،
تەرتىپ سېنى تاپىدۇ.

تەسكەينىڭ مېۋىسى قىزارماس،
نومۇسسىزنىڭ يۈزى (قىزارماس).

تۈز قەدرىنى بىلمىگەن،
تۈز قەدرىگە بوغۇلار.

تۈزنى يەپ تۈزلۈقىنى چېقىپتۇ.

تەزىم قىلىپ ئاش ـ نان يېگۈچە،
تىك تۇرۇپ دەشنام يە.

تۆر باشنىڭ ئەمەس، ياشنىڭ.

تېكە ئۆيگە كىرسە،
سېسىقى تۆرگە چىقار.

ج

جاندىن كەچمەك ئاسان،
يۈزدىن كەچمەك تەس.

جاننى ساتماق ئاسان،
يۈزنى ساتماق تەس.

جاننى كېپەككە سات،
ئابرۇينى ئالتۇنغا ئال.

## چ

چاشقان كولاپ يەر،
نەپسى يامان بۆلاپ (يەر).

چوڭ ئىززەت قىلسا،
كىچىك خىزمەت قىلار.

چولاق كەتمەنگە ساپ توشماس،
نومۇسسىزغا گەپ (توشماس).

چىرايىڭنى ئەينەكتىن بىل،
ئابرۇيۇڭنى خەلقتىن (بىل).

چىنىنى چاققانىنىڭ چىشىنى چاق.

## خ

خەقنىڭ ئەيىبىنى كولايمەن دېگۈچە،
ئۆزۈڭنىڭ ئەيىبىگە كۆز سال.

## د

دەرەخ گۈزەللىكى ياپراق بىلەن،
ئىنسان گۈزەللىكى ئەخلاق بىلەن.

دەشنام يېگىنىم،
بەشنان يېگىنىم.

دەۋاگەر دەۋا قىلماس،
دەۋا قىلسا قۇرۇق قالماس.

دۆلەت كەتسە كەتسۇن،
سۆلەت كەتمىسۇن.

## ر

رەنا بولسىمۇ دانا بولسۇن.

رەنا بولۇپ دانا بولمىسا بىكار.

# س

ساۋاب ئاز يەردە،
گۇناھ جىق يەردە.

سۇ ئاققانسېرى ئازىيىدۇ،
گەپ ماڭغانسېرى ئۇلغىيىدۇ.

سۇدا ئىز يوق،
ھاياسىزدا يۈز (يوق).

سۇنغان ئەينەك تۈزەلسىمۇ،
سۇنغان كۆڭۈل تۈزەلمەس.

سۇنغان توقاچ يېپىشماس.

سۇنىڭ قەدرى ئۇسسىغاندا بىلىنەر،
ياخشىنىڭ قەدرى ئايرىلغاندا (بىلىنەر).

سۇنىڭ قەدرىنى قۇدۇق كولىغان بىلەر.

سۆلەتلىك ئەدەپسىزدىن جۇدۇنى پەس ئەدەپلىك ياخشى.

سۇتلۇك ئىنەك مەھەللىدىن ئاشماس.

سۈتى ئاز ئىنەك كۆپ مۆرەيدۇ.

سىنىڭ نەپسىڭ بالادۇر،
ئاپىرىپ ئوتقا سالادۇر.

## ش

شەرم ـ ھايا ئىمان بىلەن،
ئۆي بەرىكىتى مېھمان بىلەن.

شۆھرەت ئىشىكتىن كىرسە،
ئۇيات تۈڭلۈكتىن چىقار.

شېكەرنىڭ ئازى تاتلىق.

## غ

غەرەزدىن غەرەز تۇغۇلار،
بىغەرەزدىن ھەزەر (تۇغۇلار).

# ق

قارنىم ئۇچۇن يىغلىمايمەن،
قەدرىم ئۇچۇن يىغلايمەن.

قانائەتلىك كىشىنىڭ قارنى توق.

قەدرىڭنى بىلگەن خار بولماس.

قەدرىڭنى بىلمىگەنگە، قەدرىڭنى ساتما.

قەدرىڭنى ساقلاي دېسەڭ،
مېھماندارچىلىقتا ئاز بار.

قەدرىنى بىلمىگەنگە شەپقەت قىلغىنىڭ،
شور يەرگە ئۇرۇق سالغىنىڭ.

قەدىرسىز ياشىغاندىن،
قەدىرلىك ئۆلگەن خوپ.

قەدىرلىسەڭ، قەدرىڭ ئاشار.

قەسەم ئەقىللىككە قاتتىق،
ئەقىلسىزگە ئويۇن.

قورساقنىڭ مەيلىچە بولسا ئابرۇيۇڭنى قوشۇپ يە.

قورسىقى توق، ئاچنىڭ دەردىنى بىلمەس،
كەتمەن چاپمىغان ئاشنىڭ قەدرىنى بىلمەس.

قولدىن كەتسە ئامىتىڭ،
سۇنار قەددى ـ قامىتىڭ.

قوشنى دان ئالدار،
ئادەمنى نان (ئالدار).

## ك

كەپسىز ــ ئەلگە نەپسىز.

كۆپ ئىزدەنسەڭ ئەقىل تاپىسەن.

كۆتى قىرماققا چىققۇچە،
خۇيى بارماققا چىقىپتۇ.

كۆڭلى تۈزنىڭ ئىشى تۈز.

كۈچۈكۈم ـ كۈچۈكۈم دېسە،
بىر نېمىسىنى چىقىرىپتۇ.

كىشىنى ھۆرمەتلىگىنىڭ ـــ ئۆزۈڭنى ھۆرمەتلىگىنىڭ.

كىشىنىڭ ھۆرمىتى ئۆز قولىدا.

كىشىنىڭ ئىززىتىگە ئېرىشەي دېسەڭ،
كىشىنىڭ ئىززىتىنى قىل.

## گ

گەدىنىگە گۇمان چۈشكەن،
خۇدانى شېپى كەلتۈرەر.

گۇمانخورنىڭ كۆڭلى تۇتەك بولۇر،
ئاق كۆڭۈلنىڭ گۈلدەك بولۇر.

گۈل گۈل ئارىسىدا قەدىرلىك،
ھۆرمەت دوستلار ئارىسىدا (قەدىرلىك).

گۈلزاردا ئەتىرنىڭ قەدرى بولماس.

گىلجىڭنى ئەزمە يېڭەر،
ئەزمىنى خۇدادىن بەزگەن (يېڭەر).

## ل

لاۋزا قوغۇننىڭ ئۇرۇقى تولا،
ئىش بىلمەسنىڭ گېپى (تولا).

## م

ماس ئەمەس جۈپتىن تاق ياخشى،
ئالدايدىغان ماقۇلدىن ياق ياخشى.

مالنىڭ قىممىتى ئۈسكەندە بىلىنەر،
ئادەمنىڭ قەدرى كەتكەندە بىلىنەر.

مالنىڭ ئېسىللىقى تۇرقىدىن بىلىنەر،
ئادەمنىڭ ئېسىللىق خۇيىدىن (بىلىنەر).

مۇشۇك كىگىزنى تارتسا،
كىگىز پاخالنى تارتار.

مېۋىسى بولمىغان دەرەخ ئوتۇندۇر،
يامغۇرى بولمىغان بۇلۇت تۇتۇندۇر.

مېۋىسىز چىناردىن ئوت ياخشى،
ھۆرۈن ئادەمدىن قۇرت (ياخشى).

مىڭ سەر كەتسە كەتسۇن،
ئابرۇي كەتمىسۇن.

## ن

نەپسى يامان ئىماننى بىلمەس،
بەتنىيەت ۋىجداننى (بىلمەس).

نەزىرى ئۈستۈن، نەرخى پەس.

نەسىھەت ئاچچىق،
مېۋىسى تاتلىق.

نومۇس يوق يەردە ياخشىلىق يوق.

نومۇسسىز تىلەيدۇ،
نومۇسلۇق ئىشلەيدۇ.

نومۇسلۇقنىڭ يۈزى قىزارسا،
نومۇسسىزنىڭ تىلى ئۇزىرايدۇ.

نومۇسنى بىلگەن ئۆزىنى ئوڭشاپتۇ.

نومۇس ـــ ئۆلۈمدىن قاتتىق.

نېپىز كىشىنىڭ باھاسى يوق،
قېلىن كىشىنىڭ ھاۋاسى (يوق).

ھ

ھايا بار يەردە ئىمان بار.

ھايا بىلەن ئەخلاق ـــ ئاچا ـ سىڭىل.

ھايا كەتسە بالا كېلۇر.

ھاياتىڭنى دو تىكىپ، ئابرۇيۇڭنى ساقلا.

ھاياسىز خوتۇندىن ئالۋاستى تۇغۇلار.

ھاياسىز خوتۇن ـــ بەتتەم ئاش.

ھايالىق كىشى ـــ باھالىق ئىشى.

ھاياسىز كىشى ـــ ئاقماستۇر ئىشى.

ھاياسىزغا چالما ئاتساڭ يۈزۈڭگە تېگەر.

ھاياسىزغا كۈندە تاماشا.

ھايالىق ئادەم ــــ باھالىق ئادەم.

ھايالىق كىشىدىن شەيتان ئۈركۈپتۇ.

ھايالىق كىشى ــــ ھۆرمەتلىك كىشى.

ھايۋان سىلىغاننى بىلمەس،
نادان ئاسرىغاننى (بىلمەس).

ھەق ئىش ئۈچۈن يىغلىسا،
قارىغۇ كۆزدىنمۇ ياش چىقار.

ھەق ئىشنىڭ قازىسى ئەل.

ھەقنىڭ چىرىغى كۆيەر،
ئۆچۈرگەننىڭ ساقىلى كۆيەر.

ھەقنىڭ رىزقى نەق.

ھەقىقەت ئالدىدا ھەممە ئادەم باراۋەر.

ھەقىقەت ئايىماس.

ھەقىقەت بىگىزگە ئوخشايدۇ،
ئۇنى خالتىدا ساقلىغىلى بولمايدۇ.

ھەقىقەت سۇغا چۆكمەس، ئوتتا كۆيمەس.

ھەقىقەت قىلنى قىرىق يارىدۇ.

ھەقىقەت ھەممىگە باراۋەر.

ھەقىقەت ئۇچۇن يېگەن تاياقنىڭ يارىسى بولماس.

ھەقىقەت ئېگىلەر، سۇنماس.

ھەقىقەتكە تۇننىڭ لازىمى يوق.

ھەقىقەتنى ياسىغىلى بولمايدۇ.

ھەقىقەتنىڭ تېشى تۆمۈرچىنىڭ سەندىلىنى سۇندۇرار.

ھەقىقەتنىڭ تىزگىنى ئەمەلىيەتنىڭ قولىدا.

ھەقىقەتنىڭ چىرىغىنى كۆتۈرگەننىڭ قولى كۆيەر.

ھەقىقەتنىڭ سېپى ئالتۇن.

ھەممە كىشى بارغا باتۇر.

ھۇسۇلى بىلەن يەر ياخشى،
ئەخلاقى بىلەن ئەر (ياخشى).

ھۆرمەت ئالتۇندىن قىممەت.

ھۆرمەت بىلەن ئىززەت بىر تۇغقان.

ھۆرمەت تۆرگە باشلايدۇ،
غەيۋەت گۆرگە (باشلايدۇ).

ھۆرمەت دوست بار يەردە،
بۇلبۇل گۈل بار يەردە.

ھۆرمەت قىلساڭ ئىززەت تاپارسەن،
چايناپ يېسەڭ لەززەت (تاپارسەن).

ھۆرمەت قىلساڭ، ئىززەت تاپارسەن،
ئىززەت قىلساڭ، ھۆرمەت (تاپارسەن).

ھۆرمەت ئىگىسى يالغانچىلىقتىن يىراق.

ھۆرمەتكە ھۆرمەت،
شارابقا ھەسەل.

ھۆرمىتىڭ — سۆلىتىڭ،
مېھنىتىڭ — دۆلىتىڭ.

## ئو

ئورۇنسىز كۈلكىنىڭ ئەتىۋارى يوق.

ئوغرى تۇمانغا ئامراق،
ئىچى تار گۇمانغا (ئامراق).

## ئۇ

ئۇيات تۇرغان يەردە ئىمان تۇرار،
ئۇيات تۇرمىغان يەردە گۇمان (تۇرار).

ئۇيات ئۆلۈمدىن قاتتىق.

ئۇيات ئۆلۈمنى يېڭەر.

ئۇياتسىز يالغانغا ئامراق.

ئۇياتسىزدىن ئالۋاستىمۇ قورقىدۇ.

ئۇياتسىزنىڭ يۈزى قىزارماس،
تەسكەيننىڭ مېۋىسى (قىزارماس).

ئۇيالمىغان ياخشى بولۇر،
باغرى قاتتىق ساقچى بولۇر.

## ئۆ

ئۆز نەپسىدىن كەچمىگۈچە كىشىنى خۇش قىلغىلى بولماس.

ئۆزى تاپمىغان مالنىڭ قەدرى بولماس.

ئۆزى تاپمىغان مالنىڭ قەدرى يوق.

ئۆزى تەرگەن تېزەك ئۆزىگە ئالتۇن كۆرۈنۈپتۇ.

ئۆزى ئۆيگە كىرگۈچە،
كەشى تۆرگە چىقىپتۇ.

ئۆزىنى بىلگەن ئۆزگىنى بىلەر.

ئۆزىنى سورىغان شەھەر سورار.

ئۆزىنىڭ قەدرىنى بىلمىگەن،
كىشى قەدرىنى بىلمەس.

## ئې

ئېرى پۇلدىن يۇز تېپىپتۇ،
ئايالى داستىخاندىن يۇز (تېپىپتۇ).

ئېشەكمۇ ئەدەپسىزنى ئايىماس.

ئېگىز تۇرسا دۆڭ دېمە،
ياۋاش تۇرسا مۆڭ (دېمە).

# ئى

ئىت قاۋايدۇ،
هايان قەلەندەرنىڭ.

ئىتنىڭ چىققان شامال ئاسان توختار.

ئىچى يامان سەمرىمەس.

ئىرغايىنىڭ ئېگىلگىنى — سۇنغىنى،
ياخشى ئەرنىڭ ئۇيالغىنى — ئۆلگىنى.

ئىزدىگەنگە ئەتىۋار،
ئىززەتلىگەنگە خار.

ئىززەت قىلساڭ ئىززەت تاپىسەن،
چايناپ يېسەڭ لەززەت (تاپىسەن).

ئىززەت ئۆزىدىن بولار،
كېۋەز غوزىدىن (بولار).

ئىززىتىنى بىلمىگەن ئەدىپىنى يەر.

ئىشىك ئوچۇق بولسىمۇ سوراپ كىر.

ئىناۋەت ئالتۇندىن قىممەت.

ئىنساب ئىماندىن ئۇلۇغ.

ئىنسابسىزدىن ئىت قورقار.

# ي

ياخشى ئاتاق يېقىنغا تارار،
يامان ئاتاق يىراققا (تارار).

ياخشى ئاتقا قامچا كەتمەس،
ياخشى كۆڭۈلگە ئەلچى (كەتمەس).

ياخشى ئادەم ياتلىق قىلماس.

ياخشى سۆز، ياخشى خۇلق بىلەن ئادەم قېرىماس.

ياخشى ئۇرۇشسا يالۋۇرۇپ قاچار،
يامان ئۇرۇشسا، شالىنى چاچار.

ياخشىنىڭ شاراپىتى تېگەر،
ياماننىڭ كاساپىتى (تېگەر).

ياخشىنىڭ قانىتى يەتمىش.

ياغ ئالغان قاپاق تېشىدىن مەلۇم.

ياغ ئالغان ياغلىق قاپاق،
ياغ ئالمىسىمۇ ياغلىق قاپاق.

يامان ئۆزىنى بىلمەس،
ياخشى كۆزىگە ئىلماس.

يامان ئىشىدىن كۆرمەي كىشىدىن كۆرەر.

يامانغا يانتاياق بولما.

يوپۇرماقسىز سايە بولماس،
ئىرادىسىز غايە (بولماس).

يۈزسىز ئادەم — قوۋزاقسىز دەرەخ.

يۈزۈڭ ئاق بولغىچە،
دىلىڭ ئاق بولسۇن.

يۈزى يوقنىڭ نېسىۋىسى يوق.

يىراقتىن قارىسام، ئەلدىن ئارتۇق،
يېقىندىن قارىسام شاھىم تارتۇق.

يىلان قاسىرىقىنى تاشلىغان بىلەن خۇيىنى تاشلىماس.

يىلاننىڭ تېشى يۇمشاق، ئىچى زەھەر.

يىلاننىڭ كۆشۈكى تۈز، ئۆزى ئەگرى.



# بىلىم، ھۈنەر - كەسىپ، ئۇستاز - شاگىرتلىق توغرىسىدا

# ئا

ئات ئايغى بىلەن سىنىلار،
ئادەم بىلىمى بىلەن (سىنىلار).

ئاتا كەسپىنى بىلمىگەن بالا هارامزادە.

ئاتا هۈنىرى ئوغۇلغا مىراس،
ئانا هۈنىرى قىزغا (مىراس).

ئاتاڭدىن پۇل ــ مال قالغۇچە، هۈنەر قالسۇن.

ئاتاڭنىڭ يولىنى تۇتماساڭمۇ، هۈنىرىنى تۇت.

ئاتنىڭ زىننىتى ــــ ئېگەر،
ئەرنىڭ زىننىتى ــــ هۈنەر.

ئاتىسى چۈشەنمەي ئۆزۈنچاق ياساپتۇ،
بالىسى چۈشەنمەي، لىڭگىرچاق (ياساپتۇ).

ئادەم بالىسىنىڭ باهاسى بىلىم بىلەن.

ئادەمگە بىلىم دۆلەت،
بىلىمسىزلىك قۇرۇق سۆلەت.

ئادەمنى قەدىرلەش ئادەمنىڭ ئىشى،
ئۇستازنى قەدىرلەش ۋىجداننىڭ (ئىشى).

ئاشپەزنىڭ نىمكارى،
نىمكارنىڭ سىمكارى بار.

ئاقىل ئەل غېمىدە،
نادان گال غېمىدە.

ئاقىل بولساڭ ئەقلىڭ بىلەن كېڭەش.

ئاقىل پۇشايمان قىلماس.

ئاقىل تاز يارار،
نادان باش (يارار).

ئاقىل سورىسا دۇنيانى،
يۇرت بولمايدۇ ۋەيرانى.

ئاقىل شەيتاننى قورقۇتار.

ئاقىلدىن ھۆرمەت ياغار،
ناداندىن كۈلپەت (ياغار).

ئاقىللاردىن ھېكمەت ياغار،
نادانلاردىن تۆھمەت (ياغار).

ئاقىللارنىڭ سۆزى — ئۈزۈكنىڭ كۆزى.

ئاقىلنىڭ دۈشمىنى — ئالدىراڭغۇلۇق.

ئاقىلنىڭ ئىشى تۈگىمەس،
گالۋاڭنىڭ غېمى (تۈگىمەس).

ئالتۇن داتلاشماس،
ھۈنەرۋەن خارابلاشماس.

ئالتۇن قويۇشنى بىلمىگەن ئېرىتار،
تۆمۈر تاۋلاشنى بىلمىگەن چىرىتار.

ئالتۇنچىنىڭ مىڭ ئۇرغىنىدىن تۆمۈرچىنىڭ بىر ئۇرغىنى ئارتۇق.

ئالتۇننى سىرلاش ھاجەتسىز،
ئالماسنى تاۋلاش (ھاجەتسىز).

ئالتۇننى قويۇشنى بىلمىگەن ئېرىتار،
تۆمۈرنى تاۋلاشنى بىلمىگەن چىرىتار.

ئالتۇننىڭ قەدرىنى زەرگەر بىلەر،
كىگىزنىڭ قەدرىنى پەگاھ بىلەر.

ئالىم ئەستە تۇرىدۇ،
زالىم پەستە (تۇرىدۇ).

ئالىم بولاي دېسەڭ ئالەمنى كەز.

ئالىم بولساڭ ئالەمنى بىلەرسەن،
زالىم بولساڭ زارلىنىپ ئۆلەرسەن.

ئالىم زالىمنىڭ قىلىچىنى سۇندۇرالايدۇ.

ئالىم ئۆلسىمۇ،
ئەجرى كۆمۈلمەس.

ئالىمسىز ئالەم تەتۈر چۆرگۈلەر.

ئالىملار ئىنساننىڭ جېنى،
يەيدىغىنى خەلقىنىڭ غېمى.

ئالىمنىڭ خۇمارى بىلىم،
بەڭگىنىڭ خۇمارى چىلىم.

ئالىمنىڭ ئۆلگىنى — ئالەمنىڭ ئۆلگىنى.

ئالىمنىڭ يۈز - ئابرۇيى كىتاب بىلەن،
تېۋىپنىڭ يۈز - ئابرۇيى بىتاپ (بىلەن).

ئامال تاپقاندىن ئەقىل قېچىپتۇ.

## ئە

ئەر كىشىگە يەتمىش تۈرلۈك ھۈنەر ئاز كېلەر.

ئەسكى ئۇستامنىڭ مانجىسى يوق.

ئەقلى ئازنىڭ ئازابى كۆپ.

ئەقلى بار كۆككە چىقار،
كۆچى بار تاغقا (چىقار).

ئەقلى بارنىڭ پۇلى بار،
پۇل تېپىشقا يولى (بار).

ئەقلى بارنىڭ ئېپى كۆپ،
ئەقلى يوقنىڭ گېپى (كۆپ).

ئەقلى غەلەت ـــ قەلبى ھەسەت.

ئەقلى قىسقىنىڭ تىلى ئۇزۇن.

ئەقلى كورنىڭ كۆزىمۇ كور.

ئەقلىڭ كىچىك بولسا پەند يەيسەن،
ئەقلىڭ چوڭ بولسا قەنت يەيسەن.

ئەقلىڭگە قول سۇنساڭ نىجات تاپىسەن،
نەپسىڭگە قول سۇنساڭ ھالاكەت (تاپىسەن).

ئەقىل ئازمايدۇ،
بىلىم توزۇمايدۇ.

ئەقىل ئايغا چىقىرار،
ھۈنەر كۆككە چىقىرار.

ئەقىل بازارغا كىرمەيدۇ.

ئەقىل باشتا،
گۆھەر تاشتا.

ئەقىل بىلىم بۇلىقى،
بىلىم ھۇنەر چىرىغى.

ئەقىل بىلىمنى تاپىدۇ،
بىلىم ئەقىلنى ئاچىدۇ.

ئەقىل تاپاي دېسەڭ كىتاب ئال.

ئەقىل تاپاي دېسەڭ ئۆگەن،
بەختباشلىققا سال يۈگەن.

ئەقىل تاپقان ئېزىقماس.

ئەقىل تۇغۇلۇشتىن،
ھۇنەر ئۆگىنىشتىن.

ئەقىل چاچ بىلەن بىللە ئۆسمەيدۇ.

ئەقىل چىرىغىنى چاقنىتاي دېسەڭ،
بىلىمگە ئاشىق بول.

ئەقىل قېرىماس،
ئالتۇن چىرىماس.

ئەقىل كۆرمىسە كۆز بىكار.

ئەقىل ئۆگىنىشكە ئەقىل لازىم.

ئەقىل ـ پاراسەت بىلىمدىن كېلىدۇ.

ئەقىلدار خۇشخۇي كېلۇر،
رەھىمدىل جىمىغۇر (كېلۇر).

ئەقىلسىز بار يەردە پاراڭ پۇل،
ئاچ كۆز بار يەردە ساراڭ (پۇل).

ئەقىلسىز باشتىن، سايدىكى تاش ياخشى،
ئەقلى يوق باشتىن، سۇيى بار قاپاق ياخشى.

ئەقىلسىز باشنىڭ جاپاسىنى پۇت تارتىدۇ.

ئەقىلسىز باش — كېرەكسىز تاش.

ئەقىلسىز باش — گەۋدىگە يۈك.

ئەقىلسىز بىلەن بىللە يۈرگۈچە،
ئەقىللىك بىلەن تاش توشۇ.

ئەقىلسىز ئۇسسۇز قالىدۇ كۆلدە،
ھايۋان ئامال تاپىدۇ چۆلدە.

ئەقىلسىزگە قول بەرمە،
سۆيمىگەنگە دىل (بەرمە).

ئەقىلسىزگە مەنسەپ بېرىپ سىناپ كۆر.

ئەقىلسىزنى كەچۈرمىسەڭ ئەقىللىكمەڭ قېنى.

ئەقىلسىزنىڭ ئاچچىقى تېشىدا،
ئەقىللىكنىڭ ئىچىدە.

ئەقىلسىزنىڭ ئارمىنى يوق.

ئەقىلسىزنىڭ ئەقلى بىلىكىدە.

ئەقىلسىزنىڭ پەمى يوق،
كونا ئۆتۈكنىڭ چەمى (يوق).

ئەقىلسىزنىڭ دىتى يوق،
تىڭشىغۇدەك گېپى (يوق).

ئەقىلسىزنىڭ گېپىگە ئەخمەقمۇ ئىشەنمەيدۇ.

ئەقىللىك ئاتىسىنى ماختايدۇ،
ئەخمەق لاتىسىنى (ماختايدۇ).

ئەقىللىك ئادەم شەيتاننى يېڭىدۇ.

ئەقىللىك ئادەم قازىنىڭ ئالدىغا بارماس.

ئەقىللىك ئەجىر قىلسا،
كالۋا خىيال قىلىدۇ.

ئەقىللىق بەخت يارىتىدۇ،
نادان ئازاب (يارىتىدۇ).

ئەقىللىق بولاي دېسەڭ،
ئەقىلسىزدىن ئۆگەن.

ئەقىللىق بولساڭ ئازمايسەن،
بىلىملىك بولساڭ توزۇمايسەن.

ئەقىللىق بىلىم ئىزدەيدۇ،
ئەقىلسىز كىيىم (ئىزدەيدۇ).

ئەقىللىق بىلىمگە ئامراق،
ئەقىلسىز ئويۇنغا (ئامراق).

ئەقىللىق پوسما تاللايدۇ،
نادان ئوسما (تاللايدۇ).

ئەقىللىق پۇل تاپسا ئايغا مىنەر،
ئەقىلسىز پۇل تاپسا لايغا (مىنەر).

ئەقىللىق تېپىپ سۆزلەيدۇ،
نادان كۆپۈپ (سۆزلەيدۇ).

ئەقىللىق خاتالاشمىسا،
كالۋانىڭ كۈنى تەس.

ئەقىللىك خوتۇن ئۆي بۇزماس،
زېرەك كاسىپ ئىش (بۇزماس).

ئەقىللىك دېسە بولىدۇ، ئېيتمىسا بىلگەننى،
سېخىي دېسە بولىدۇ، سورىمىسا بەرگەننى.

ئەقىللىك قەيەردە،
ئەقىلسىزنىڭ يېنىدا.

ئەقىللىك ئويلاپ سۆزلەر،
ئەقىلسىز ئويناپ (سۆزلەر).

ئەقىللىك ئۆزىدىن كۆرىدۇ،
ئەقىلسىز ئۆزگىدىن (كۆرىدۇ).

ئەقىللىك ئېتىنى ماختايدۇ،
ئەقىلسىز خوتۇننى (ماختايدۇ).

ئەقىللىك ئىش بۇزمايدۇ،
ياخشى خوتۇن ئۆي (بۇزمايدۇ).

ئەقىللىك يۇرتنىڭ ئاغىسى،
هۈنەرۋەن يۇرتنىڭ چاكىرى.

ئەقىللىككە ئېيتما، ئۆزى ئېيتىدۇ،
مەردتىن سورىما، ئۆزى بېرىدۇ.

ئەقىللىكنى بېشىدىن بىل،
ئەقىلسىزنى ئىشىدىن (بىل).

ئەقىللىقنى دوست تۇتساڭ، مۇرادىڭغا يېتەرسەن،
كىرسەڭ بەڭباش كەينىگە بەڭباش بولۇپ كېتەرسەن.

ئەقىللىقنىڭ ئالامىتى كەمتەرلىك،
نادانلىقنىڭ ئالامىتى تەكەببۇرلۇق.

ئەقىللىقنىڭ خاتاسى — دۈشمەننى ئاجىز ساناش.

ئەقىللىقنىڭ سۆزى تاتلىق.

ئەقىللىقنىڭ سۆزى جانغا ئوزۇق،
ئەقىلسىزنىڭ سۆزى جانغا قوزۇق.

ئەقىللىقنىڭ قەدرى — نادانىنىڭ يېنىدا بىلىنەر.

ئەقىللىقنىڭ قولى نەپسىنىڭ تىزگىنىنى تۇتىدۇ.

ئەقىللىقنىڭ كۆزى يۇمۇلماس،
ئەقىلسىزنىڭ ئاغزى (يۇمۇلماس).

ئەقىل — دۆلەت،
چىراي — سۆلەت.

ئەقىل — هايات كۆۋرۈكى.

ئەمەلىيىتى يوق ئالىم — يامغۇرسىز بۇلۇت.

# ب

بوغۇمسىز يەرگە پىچاق سالما.

بۇ ھۈنەر ھۈنەرمەندى،
ئەسلىي ھۈنەر چويلىچىلىق.

بىر ئادەمگە يۈز خىل ھۈنەر ئازلىق قىلار.

بىر ئاقىل يۈز نادانغا ئۇستاز.

بىر بەت كىتاب ئوقۇساڭ،
بىر سەر ئەقىل قوشۇلار.
بىر سەر ئەقىل قوشۇلسا،
مىڭ سەر ئالتۇن قوشۇلار.

بىر كىتاب مىڭ كىشىگە ئۇستاز.

بىر ئۇستىدىن ھۈنەر ئۆگەن،
مىڭ ئۇستىدىن تەلىم ئال.

بىر ئېغىز بىلىمنى مىڭ تىللاغا سېتىۋال.

بىلسەڭ ئالارسەن،
بىلمىسەڭ قالارسەن.

بىلگەن ئەپلەپ ئۆتەر،
بىلمىگەن سەپلەپ (ئۆتەر).

بىلگەن بىلگىنىنى ئىشلەر،
بىلمىگەن بارمىقىنى چىشلەر.

بىلگەن بىلمىگە ئىشىنەر،
بىلمىگەن نېمىسىگە (ئىشىنەر).

بىلگەن تادان،
بىلمىگەن نادان.

بىلگەن غىزاغا ئۇچراپتۇ،
بىلمىگەن ئىزاغا (ئۇچراپتۇ).

بىلگەن ئوقۇر،
بىلمىگەن توقۇر.

بىلگەن ئۇندىمەس،
ھاماقەت بۇنى بىلمەس.

بىلگەندىن ئۆگەن، بوينۇڭنى ئېگىپ،
بىلمىگەنگە ئۆگەت، يۈرىكىڭنى بېرىپ.

بىلگەندىن ئۆگەن،
بىلمىگەنگە ئۆگەت.

بىلگەنگە بىر سوراق،
بىلمىگەنگە مىڭ (سوراق).

بىلگەنگە تۈز يول يېقىن،
بىلمىگەنگە ئۆز يول (يېقىن).

بىلگەنگە ئۇچۇق،
بىلمىگەنگە تۇتۇق.

بىلگەنگە ئون ئىككى،
بىلمىگەنگە ئوتتۇز ئىككى.

بىلگەننىڭ ئەتىۋارى كۆپ،
بىلمىگەننىڭ پەتىۋارى (كۆپ).

بىلگەننىڭ يۈزى يورۇق،
بىلمىگەننىڭ يۈزى چورۇق.

بىلگىنى توققۇز،
بىلمىگىنى ئوتتۇز.

بىلگىنى راۋاب چالسۇن،
بىلمىگىنى چاۋاك (چالسۇن).

بىلگىنىڭ ئالتۇنغا تەڭ،
بىلمىگىنىڭ ئوسۇرۇققا (تەڭ).

بىلگىنىڭنى ئايما،
بىلمىگەنگە كايما.

بىلمەسلىك ئەيىب ئەمەس،
ئۆگەنمەسلىك ئەيىب.

بىلمەسلىك ـــ ئۇقماسلىق،
جاھىللىق ـــ ھايۋانلىق.

بىلمەسنىڭ جاۋابى ۋايناڭ.

بىلمىگەن ئەيىب ئەمەس،
سورىمىغان ئەيىب.

بىلمىگەن ئوغا ئىچۇرەر.

بىلمىگەن يەرنىڭ ئوي ـ چوڭقۇرى تولا.

بىلمىگەندىن بىلگەن ياخشى،
توغرا ئىشنى قىلغان ياخشى.

بىلمىگەننى سوراپ ئۆگەنگەن ئالىم بولۇر،
سورىمىغان ئۆزىگە زالىم (بولۇر).

بىلمىگەننى سورىغان،
كۆڭلى ئوچۇق يورۇغان.

بىلمىگەننىڭ تۆرىدىن،
بىلگەننىڭ پەگاھى ياخشى.

بىلىپ ئىش قىلغاننىڭ بېلى ئوشتۇلماس.

بىلىكى چوڭ بىرنى يېڭەر،
بىلىمى چوڭ مىڭنى (يېڭەر).

بىلىكنىڭگە ئىشەنگۈچە،
بىلىمىڭگە ئىشەن.

بىلىم ئال خار بولمايسەن،
ئىشلىمىسەڭ باي (بولمايسەن).

بىلىم ئالساڭ تىلىڭ چىقىدۇ،
ئالمىساڭ يىلىڭ (چىقىدۇ).

بىلىم ئالغان خار بولماس،
ماڭغان يولى تار (بولماس).

بىلىم ئالمىغان ياش ــ تام تۈۋىدىكى تاش.

بىلىم بولسا سۆزدىن ئازماس،
پىلان بولسا يولدىن (ئازماس).

بىلىم بىلەن قۇدرەت تاپ،
تەن جىسمىڭغا قۇۋۋەت (تاپ).

بىلىم بىلگەننىڭ،
ئەقىل سەزگەننىڭ.

بىلىم بىلگۈچىدە،
ئەقىل سەزگۈچىدە.

بىلىم پۇلدىن ئەلا،
گاداي قۇلدىن (ئەلا).

بىلىم تاپماي ماختانما.

بىلىم تىرىشقاندىن قاچماس،
بەخت ئىشچاندىن (قاچماس).

بىلىم دەسمايىسىز ھۈنەر.

بىلىم دېگەن بىر دۆلەت،
كىيىم دېگەن بىر سۆلەت.

بىلىم دېگەن ھۈنەر،
نەگە تېرىساڭ ئۈنەر.

بىلىم دېگەن ھېكمەت،
ئالتۇندىنمۇ قىممەت.

بىلىم كۆككىمۇ يەتكۈزىدۇ،
كۆپكىمۇ يەتكۈزىدۇ.

بىلىم كۆڭۈل چىرىغى.

بىلىم كۈندە لازىم،
چىراغ تۈندە (لازىم).

بىلىم ئۆگەنسە كىشى،
كۆككە يېتىدۇ بېشى.

بىلىم ئېلىش — يىڭنىدە قۇدۇق كولىغان بىلەن باراۋەر.

بىلىم ئىزدىنىشتىن كېلىدۇ،
بەخت كۈرەشتىن (كېلىدۇ).

بىلىم ياشىنىتار،
نادانلىق قاقشىتار.

بىلىم يولىدا ئەلەم چەككەن ئادەم،
بەخت شوتىسىغا قويىدۇ قەدەم.

بىلىم يېنىپ تۇرغان چىراغ،
ھۈنەر ئېقىپ تۇرغان بۇلاق.

بىلىم يىغىش ئالتۇن يىغىشتىن ئارتۇق.

بىلىم يىغىش ئالتۇن يىغىشتىن ئەلا.

بىلىم — تۈگىمەس بۇلاق،
ئەقىل — ئۆچمەس چىراغ.

بىلىم — تىرىشقانغا يار.

بىلىمدىن ئارتۇق بايلىق يوق.

بىلىمدىن ئارتۇق دوست يوق،
كېسەلدىن ئارتۇق دۈشمەن (يوق).

بىلىمدىن ھېكمەت كېلىدۇ.

بىلىمدىن ياخشى خەزىنە بولماس.

بىلىمسىز ئادەم پۇراقسىز گۈل.

بىلىمسىز ئادەم ــ كۆزى ئوچۇق قارىغۇ.

بىلىمسىز ئادەم ــ مېۋىسىز دەرەخ.

بىلىمسىز ئەر كۆلگە ئوخشايدۇ.

بىلىمسىز ئەردىن ھوسۇللۇق يەر ياخشى.

بىلىمسىز باش گەۋدىگە يۈك.

بىلىمسىز باش يارىدۇ،
بىلىملىك تاش (يارىدۇ).

بىلىمسىز بالا ــ ئەقىلسىز كالا.

بىلىمسىز بايدىن بىلىملىك گاداي ياخشى.

بىلىمسىز بولسا زامان،
قاراڭغۇ بولۇر ھامان.

بىلىمسىز بىلەن گەپ تالاشماڭ،
مۈشۈك بىلەن بەز (تالاشماڭ).

بىلىمسىز پادىشاھتىن ساتىراش ياخشى.

بىلىمسىز دوست دۈشمەندىنمۇ يامان.

بىلىمسىز زاھىت ــ ئىشىكى ئوچۇق ئۆي.

بىلىمسىز كىشى ــ لەززەتسىز ئېشى.

بىلىمسىز ئۆتكەن ئۆمۈر،
ئوتى ئۆچكەن كۆمۈر.

بىلىمسىز ۋاقلاپ تۇرىدۇ،
بىلىملىك چاقناپ (تۇرىدۇ).

بىلىمسىز يۇرت سورالماس،
يۇرت سورىسا يېشى قۇرۇماس.

بىلىمسىزدە پەم يوق،
تۇزسىز ئاشتا تەم (يوق).

بىلىمسىزدىن ئۆلگە چىقماس،
كۆڭۈلسىزدىن كۈلكە (چىقماس).

بىلىمسىزگە بېرىلگەن مەنسەپ،
كىچىك بالىغا تۇتقۇزۇلغان ئۇستىرا.

بىلىمسىزگە بىلدۇرەلمىدىم،
خۇرجۇننى تولدۇرالمىدىم.

بىلىمسىزگە ھال ئېيتقۇچە،
ئىچىڭدە سېستىۋەت.

بىلىمسىزگە ھەق سۆز تەمسىز تۇيۇلار.

بىلىمسىزگە ئىش يوق،
ئىشسىزغا ئاش (يوق).

بىلىمسىزلىك قاراڭغۇلۇقتىن يامان.

بىلىمسىزلىك نامراتلىقتىن يامان.

بىلىمسىزلىكتىن قورقماي،
تىرىشماسلىقتىن قورق.

بىلىمسىزلىك — ئاجىزلىق.

بىلىمسىزلىك — ئەيىب ئەمەس،
ئۆگەنمەسلىك ئەيىب.

بىلىمسىزنىڭ پەتىۋاسى كۆپ.

بىلىمسىزنىڭ تۆرىدىن، بىلىملىكنىڭ پەگاھى ياخشى.

بىلىمسىزنىڭ داناسى يوق،
قىلغان سۆزىنىڭ مەناسى (يوق).

بىلىمسىزنىڭ گېپى سەت،
ئوقۇمىغاننىڭ ئىشى (سەت).

بىلىمسىزنىڭ ئېپى يوق،
تىڭشىغۇدەك گېپى (يوق).

بىلىمسىزنىڭ ئىشى بىر،
بىلىملىكنىڭ ئىشى مىڭ.

بىلىمسىزنىڭ يۈزى قېلىن،
بىلىملىكنىڭ بېلى (قېلىن).

بىلىمسىز — پەمسىز.

بىلىمسىز — قەدىرسىز.

بىلىمسىز — كۆزى ئوچۇق قارىغۇ.

بىلىمغا ئەگەشكەن ئۈزار،
ھۇرۇنغا ئەگەشكەن توزار.

بىلىمگە خىيانەت يەتسە،
ئەلگە قىيامەت كېلۇر.

بىلىملىك ئادەم ئالىم،
بىلىمسىز ئادەم زالىم.

بىلىملىك ئادەم باي بولمىسىمۇ، گاداي بولماس.

بىلىملىك ئادەم تاللىنار،
بىلىمسىز ئادەم شاللىنار.

بىلىملىك ئادەمنىڭ دوستى بولمىسىمۇ، دۈشمىنى بولمايدۇ.

بىلىملىك ئادەمنىڭ ئىززىتى بولمىسىمۇ، خار بولمايدۇ.

بىلىملىك ئادەم ــ يېقىملىق ئادەم.

بىلىملىك ئاسمانغا چىقىپتۇ،
بىلىمسىز داستىخانغا (چىقىپتۇ).

بىلىملىك ئالىمنى دوست تۇتار،
بىلىمسىز زالىمنى دوست (تۇتار).

بىلىملىك ئەل غېمىدە،
ئاچ كۆز نان (غېمىدە).

بىلىملىك ئەل غېمىدە،
بىلىمسىز ئەجەل (غېمىدە).

بىلىملىك باتۇر،
بىلىمسىز تارتىنچاق.

بىلىملىك بولسا زىيادە،
قالماس ھەرگىز زىيادە.

بىلىملىك بېرىلەر،
بىلىمسىز كېرىلەر.

بىلىملىك بىلەر پايدا ـ زىياننى،
بىلىمسىز تۇگمەتەر ئاتىسى يىغقاننى.

بىلىملىك بىلىپ سۆزلەيدۇ،
بىلىمسىز چېلىپ (سۆزلەيدۇ).

بىلىملىك بىلىمسىزدىن تۆر تالاشماس.

بىلىملىك بىلىمنى سۆيەر،
بىلىمسىز غەيۋەتنى (سۆيەر).

بىلىملىك پاراغەتتە،
بىلىمسىز مالامەتتە.

بىلىملىك تۇگكەن تۇگۇچ ئەلنىڭ بايلىقى،
بىلىمسىز تۇگكەن تۇگۇچ تۆگە مايىقى.

بىلىملىك چولپانغا ئوخشايدۇ،
بىلىمسىز كۇلدانغا (ئوخشايدۇ).

بىلىملىك دۆلەتمەن بولۇر،
بىلىمسىز سۆلەتمەن (بولۇر).

بىلىملىك سۆزلىسە ئالقىش،
بىلىمسىز سۆزلىسە قارغىش.

بىلىملىك شىر،
بىلىمسىز كىر.

بىلىملىك كىشى ئەلگە يارار،
بىلىمسىز كىشى نەگە (يارار).

بىلىملىك كىشى باغقا ئوخشاش،
گېپى چىرايلىق گۇلگە (ئوخشاش).

بىلىملىك كىشىنى ماختار،
بىلىمسىز ئۆزىنى (ماختار).

بىلىملىك كىشى ــ بولۇر سەپىنىڭ بېشى.

بىلىملىك كىشى ــ شىپالىق يامغۇر،
بىلىمسىز كىشى ــ پىشمىغان چامغۇر.

بىلىملىك نۇرلىنار،
بىلىمسىز خورلىنار.

بىلىملىك ھاكىم بولۇر،
بىلىمسىز مەھكۇم (بولۇر).

بىلىملىك ھاۋادا ئۇچار،
بىلىمسىز تەمەدە تۇرار.

بىلىملىك ئوقۇر،
بىلىمسىز توقۇر.

بىلىملىك ئويلاپ تاپار،
بىلىمسىز كولاپ (تاپار).

بىلىملىك ئويلاپ سۆزلەر،
بىلىمسىز قايناپ (سۆزلەر).

بىلىملىك ئۆزىنى ئەيىبلەر،
بىلىمسىز دوستىنى (ئەيىبلەر).

بىلىملىك ئۆلسە سۆزى قالار،
ئۇستا ئۆلسە ئىزى (قالار).

بىلىملىك ئىشىدىن مەلۇم،
بىلىمسىز گېپىدىن (مەلۇم).

بىلىملىك ئىشقا ئىشىنىدۇ،
بىلىمسىز چۈشىگە (ئىشىنىدۇ).

بىلىملىكتە بال بار،
بىلىمسىزدە ھال (بار).

بىلىملىكتە نەپ تولا،
بىلىمسىزدە گەپ (تولا).

بىلىملىكتۇر يۇرت بېشى،
بىلىمسىزدۇر ئات تېشى.

بىلىملىكتىن ئارتۇق دۆلەتمەن يوق.

بىلىملىكتىن دوست تۇتساڭ، بىلىم ئالىسەن.

بىلىملىكتىن نۇر چىقار،
بىلىمسىزدىن كور (چىقار).

بىلىملىكتىن ئۆگەن،
بىلىمسىزگە ئۆگەت.

بىلىملىككە ئامەت كۆپ،
بىلىمسىزگە ئاپەت (كۆپ).

بىلىملىككە تۆر،
بىلىمسىزگە گۆر.

بىلىملىككە سائادەت كۆپ،
بىلىمسىزگە پالاكەت (كۆپ).

بىلىملىككە گەپ قىلسام ئاڭلىدى، بىلدى،
بىلىمسىزگە گەپ قىلسام ئاڭلىدى، كۈلدى.

بىلىملىككە ھۆرمەت قىل.

بىلىملىككە يولۇقساڭ نەپ قالدۇ،
بىلىمسىزگە يولۇقساڭ دەرد قالدۇ.

بىلىملىكنى خارلىساڭ،
ئۆزۈڭنى خارلايسەن.

بىلىملىكنىڭ ئەتىۋارى كۆپ،
بىلىمسىزنىڭ پەتىۋارى (كۆپ).

بىلىملىكنىڭ باھاسى يوق،
بىلىمسىزنىڭ ساپاسى (يوق).

بىلىملىكنىڭ پۇلى تۈگىمەس،
بىلىمسىزنىڭ غېمى (تۈگىمەس).

بىلىملىكنىڭ تەدبىرى كۆپ،
بىلىمسىزنىڭ خەتىرى (كۆپ).

بىلىملىكنىڭ چارىسى كۆپ،
بىلىمسىزنىڭ باھانىسى (كۆپ).

بىلىملىكنىڭ دەسمايىسى پەن،
بىلىمسىزنىڭ دەسمايىسى غەم.

بىلىملىكنىڭ سۆزى تاتلىق،
بىلىمسىزنىڭ سۆزى قاتتىق.

بىلىملىكنىڭ قولدىشى شىجائەت، دۈشمىنى قانائەت.

بىلىملىكنىڭ كۆزى كىتابتا،
بىلىمسىزنىڭ كۆزى ئىشكاپتا.

بىلىملىكنىڭ كۆزىدە ئالەم بار،
بىلىمسىزنىڭ كۆزىدە مالەم (بار).

بىلىملىكنىڭ كۆڭلى توق،
بىلىمسىزگە ھەممە دوق.

بىلىملىكنىڭ كۆڭلى گۈلىستان،
بىلىمسىزنىڭ كۆڭلى گۆرىستان.

بىلىملىكنىڭ گېپى ئوڭ،
بىلىمسىزنىڭ گېپى توڭ.

بىلىملىكنىڭ ھۆرمىتى چوڭ،
بىلىمسىزنىڭ ھەسرىتى (چوڭ).

بىلىملىكنىڭ ئۆمرى ئۇزۇن،
بىلىمسىزنىڭ قولى (ئۇزۇن).

بىلىملىكنىڭ ۋاپاسى كۆپ،
بىلىمسىزنىڭ جاپاسى كۆپ.

بىلىملىكنىڭ يولى كۆپ،
بىلىمسىزنىڭ پۇلى (كۆپ).

بىلىملىكنىڭ يولى نۇرلۇق،
بىلىمسىزنىڭ يولى خورلۇق.

بىلىملىكنىڭ يولى ئوچۇق،
بىلىمسىزنىڭ تىلى تۇتۇق.

بىلىملىكنىڭ يولى ئۇلۇغ،
بىلىمسىزنىڭ قولى قۇرۇق.

بىلىمنى سېتىۋالغىلى بولماس،
ھۈنەرنى تېپىۋالغىلى (بولماس).

بىلىمنى ئوغرى ئالالماس.

بىلىمى ئازنىڭ ئاچچىقى يامان.

بىلىمى بار تۆرۈپ ئىشلەتمەسلىك،
ئېتىلمىغان قورالغا ئوخشاش.

بىلىمى يوق كىشىنىڭ،
بەرىكىتى يوق ئىشىنىڭ.

بىلىمىڭ بولسا ھەق سۆزلە.

بىلىمىم بار دېسەڭ،
يىلىكىڭنى پەس تۇت.

بىلىم ــ ئاچچىق يىلتىزدىن ئۆسكەن مېۋە.

بىلىم ــ ئاش،
ئالتۇن ــ تاش.

بىلىم ــ ئەر قانىتى.

بىلىم ــ ئەرنىڭ يۈزى.

بىلىم ــ ئەقىل چىرىغى،
يوقتۇر يولىنىڭ يىرىقى.

بىلىم ــ ئەقىلنىڭ ئاچقۇچى.

بىلىم ئەمانىڭ كۆزىنى ئاچار.

بىلىم ــ باشتىكى گۈلچەمبىرەك.

بىلىم ـــ تۈزۈماس بايلىق.

بىلىم ـــ تۈگىمەس بايلىق.

## پ

پەن - بىلىم ئەقىل ئۇزۇقى.

پەننى سۆيگەن زار بولماس،
ئەلنى سۆيگەن خار (بولماس).

پەننىڭ دۈشمەنلىرى دوستلىرىدىن ئاز ئەمەس.

پىچاق بىلىگەنسېرى ئۆتكۈرلىشىدۇ،
مىڭە ئۆگەنگەنسېرى ئۆتكۈرلىشىدۇ.

پىچاق تاشتا ئىتتىيدۇ،
ئادەم ئىشتا ئىتتىيدۇ.

پىرى يوقنىڭ جېنى يوق.

پىرىڭ بىلەن ماختانماي،
بىلىمىڭ بىلەن ماختان.

پىلدەك دۇنيادىن،
قىلدەك بىلىم ئەلا.

## ت

تولۇق ـ تولۇق ئېتەر تۆمۈرچى،
پۇلنى ئۇسار كۆنچى.

تۆت بۇلۇڭ، بىر كۇلۇڭ،
ھۈنەر قىلساڭ، تۈگمەس پۇلۇڭ.

تۆمۈرچىنىڭ قولىدا تۆمۈر ئىمان ئېيتىدۇ.

تۈگمەندە ياتساڭ، كۆمەچ سال.

تۈگمەننى كىم باقسا ئۇننى شۇ تارتار.

تېشى يوق ساي بولماس،
ھۈنىرى يوق باي بولماس.

تېگى پەسكە ھۈنەر ئۆگەتمە.

تىرىشقانغا قىرىق خىل ھۈنەر ئاز.

تىرىشقانغا ۋاقىت يەتمەس،
يېتەلمىسىمۇ بىكار كەتمەس.

تىرىشمىغان شاگىرت،
ئاخىر دەيدۇ ۋاي ئىسىت.

تىكەنسىز گۈل بولماس،
مۇشەققەتسىز ھۈنەر (بولماس).

تىكىمچى پۇرۇچتىن تاپار،
ئاشپەز خۇرۇچتىن (تاپار).

تىكىمچى تىككىنىنى ماختار،
تېرىمچى ئەگكىنىنى (ماختار).

تىكىمچىنى ياقىدا سىنا،
تۆمۈرچىنى تاقىدا (سىنا).

## ج

جانلىق نادان — ئۆلۈك،
جانسىز ئالىم — تىرىك.

جۇۋازچى ياغسىز كېتەر،
خالۋاپ كېپەنسىز (كېتەر).

جۇۋازچى ياغقا تويماس،
ئوۋچى تاغقا (تويماس).

جۇۋازچىنىڭ چاپىنىنى سىقسىمۇ ياغ چىقار.

جۇۋازچىنىڭ قولى ياغ،
نەپسى يوقنىڭ غولى داغ.

جىگدىگە يېلىم يارىشۇر،
ئادەمگە بىلىم (يارىشۇر).

## چ

چاڭقىمىغان ئادەم سۇ قەدرىگە يەتمەس،
نادان ئادەم بىلىم قەدرىگە (يەتمەس).

چەۋەنداز پەتە كويىدا،
چېكەنچى كەشتە (كويىدا).

چېۋەرنىڭ قولى ئالتۇن،
دانىشمەننىڭ گېپى (ئالتۇن).

چىشى تۆگە نار بولماس،
ھۈنەرۋەن خار بولماس.

## خ

خەجىڭ بولۇر بىر كۈنلۈك ئۈنىڭ مالۇ دۇنياسى.

خىرىدارنىڭ كۆزى بولسا،
كاسىپ ئاچ قالار.

## د

داڭلىق ئۇستىدىن ماھىر شاگىرت چىقار.

دانا بىلەن دوست بولساڭ يولۇڭ گۈل بولۇر،
ناكەس بىلەن دوست بولساڭ كۆڭۈلۈڭ كۆل (بولۇر).

دانا قەدرىنى ئەخمەق بىلمەس،
ساقلىق قەدرىنى ساق (بىلمەس).

داناغا قول بەر،
ئۆزۈڭدىن چوڭغا يول بەر.

داناغا ئىشارە،
ئەخمەققە نە چارە.

دانانىڭ كۆزى ئۆتكۈر،
نادانىنىڭ قولىقى (ئۆتكۈر).

دەرەخنىڭ ئاينىشى بۇلاقتىن،
بىلىمنىڭ ئاينىشى قۇلاقتىن.

دەريانىڭ بېشى بۇلاقتىن،
بىلىمنىڭ بېشى قۇلاقتىن.

دوختۇر ئاجىز كەلسە،
ئاغرىغان يەر تېپىلماس.

دۇتار تارىسى ساتاردا يوق،
بىلىمسىز ئادەم قاتاردا (يوق).

دۆلەت تۈگەر،
بىلىم تۈگىمەس.

دىتى بارنىڭ ئېپى بار.

دىل ئازابى تىلدىن كېلۇر.

ر

رەخت پۇل ئەمەس، هۈنەر پۇل.

رەڭسىز قەلەمدىن خەت چىقماس،
بىلىمسىز كىشىدىن نەپ چىقماس.

رەندە غاجاپ تۈزلەر،
كەكە ياساپ تۈزلەر.

# س

سائادەت يولى بىلەن يولۇڭ ئېچىلار.

ساختىپەز نادانىنى تاپىدۇ،
بىلىملىكتىن قاچىدۇ.

سازەندە كامالچىغا ئامراق،
تېۋىپ هاۋانچىغا (ئامراق).

سازچى قېرىسا مۇقامچى بولۇر،
كىگىزچى قېرىسا توقۇمچى (بولۇر).

ساۋاتسىزنىڭ كۆشكى ئىككى پۇل.

ساۋاتى يوق بىلەرمەن كۆپ،
جابدۇقى يوق هۈنەرۋەن (كۆپ).

ساۋنقى بىر بولسا تەكرارى مىڭ بولسۇن.

سايمان ـ جابدۇق خىل بولسا،
قىلغان هۈنەر ساز بولۇر.

سايمىنى ئاز ئۇستامنىڭ مۇشەققىتى كۆپ.

سەن دوپپىچى بولساڭ،
كىشىلەر باشسىز تۇغۇلار ئىدى.

سورا ـ سورا ئادەم بولۇر،
سورىمىغان هايۋان بولۇر.

سورا ـ سورا بىلىم ئاپتۇ،
سورىماستىن كېيىن قاپتۇ.

سورا ـ سورا بىلىم ئاپتۇ،
ئويناپ ـ ئويناپ كېيىن قاپتۇ.

سوراپ بىلگەن ئالىم بولۇر،
سورىمىغان زالىم (بولۇر).

سوراپ بىلىش ئەيىب ئەمەس،
سورىماسلىق ئەيىب.

سوراپ ـ سوراپ مەككىنى تاپار.

سورىغان ئالار،
سورىمىغان قالار.

سورىغان بىلەر،
سورىمىغان يۈرەر.

سورىغان بىلىم ئاپتۇ،
ئۇيالغان كېيىن قاپتۇ.

سورىغان تاغلاردىن ئېشىپتۇ،
سورىمىغان تۈز يولدىن ئېزىپتۇ.

سورىغانغا ئەيىب يوق.

سۆز قاتسا مۇز بولۇر،
ئەقىل ئاشسا نۇر (بولۇر).

سىرلىساڭ سىرلىق ئاياغ،
سىرلىمىساڭ ئىتقا يالاق.

سىلىقىدىن ئىللىقى ياخشى،
بىلىملىكنىڭ قىلىقى (ياخشى).

## ش

شاگىرت تىككەن توقۇمنىڭ،
ئالدى ـ كەينىنىڭ پەرقى يوق.

شاگىرتنىڭ ھالىغا قاراپ ھۈنەر ئۆگەت.

شاھلىقتىن يىقىلساڭ، ناۋاي بول.

شۆھرەت ئىزدىگۈچە، بىلىم ئىزدە.

# ق

قاپاق پۇل ئەمەس باراڭ پۇل،
بىلىم پۇل ئەمەس پاراڭ (پۇل).

قارا سۆگەتنىڭ توغانلىقى يوق،
بىلىملىكنىڭ يوغانلىقى (يوق).

قاسساپ قاسساپنى كۆرسە، قولى تىترەر.

قاشاڭ ھۇنەرۋەندىن،
ئايىغى ئىلدام دىۋانە ياخشى.

قاشتاشنى ئەتىۋار قىلغان ئۇستىنىڭ قولى.

قاۋۇل ئۇستازدىن چېۋەر شاگىرت چىقىدۇ.

قەلىمىڭ ئۆتكۈر بولسا،
ئەلىمىڭ يىراق بولۇر.

قەنت تاتلىق ئەمەس، پەن تاتلىق.

قورساقتىكى ھۇنەرنى ئوغرى ئالالماس.

قولۇڭ چېۋەر بولسا ئالتۇن ئۇنەر.

قولۇڭدا ھۈنىرىڭ بولمىسا،
غادايغىنىڭ بىكار.

قولى گال ھۈنەرۋەندىن،
پۇتى چاققان مالاي ياخشى.

قولى گۆل ئىتتىدۇ غىزا،
قولى گال تارتىدۇ ئىزا.

قۇرۇق تاغار ئۆرە تۇرماس.

قۇرۇق گەپ بار يەردە پاراسەت يوق.

قۇش زىننىتى پەي بىلەن،
ئادەم زىننىتى مەرىپەت بىلەن.

قۇش قانىتى بىلەن ئۇچار،
ئادەم بىلىمى بىلەن (ئۇچار).

قۇياش زېمىننى يورۇتار،
بىلىم كۆڭۈلنى (يورۇتار).

قىرسىز يەر بولماس،
ھۈنەرسىز ئەر (بولماس).

قىرىق ھۈنەر — ھۈنەر ئەمەس،
ئەسلىي ھۈنەر — چوپىلچىلىق.

قىزىلچىنى قەنت قىلغان پەن بىلەن ھۈنەر.

قىلىدىغان ھۈنەر چويلىچىلىق،
قىلمايدىغان ھۈنەر شورپىچىلىق.

## ك

كاسىپ قىرىسا ھۈنىرى چانار.

كاسىپ كاسىپنىڭ خۇيىنى بىلىدۇ.

كاسىپ ئۆزىگە چىقىنالماپتۇ.

كەتمەننى بەكرەك چېپىڭ، باغدا ئېچىلسۇن غۇنچە،
تاشنى قاتتىق ئېتىڭ، كەكلىك يىقىلسۇن شۇنچە.

كەچ بولدى يات،
سەھەر بولدى كەت.

كەسپى بارنىڭ ئەھدى بار.

كەسىپ ھالال،
كۆڭۈل بىمالال.

كۆپ بىلگەن ئاز سۆزلەيدۇ،
ئاز سۆزلىسىمۇ ساز سۆزلەيدۇ.

كۆپ كۆرگەن نۇسخا بىلەر،
كۆپ ئىشلىگەن ئۇستا بولار.

كۆپ نەرسىگە ئاشىق بولغىچە،
بىر نەرسىگە مەشۇق بول.

كۆكتە ئۇچقاننىڭ ھۇنىرى بار.

كۆڭۈل بۆلگىن بىلىمگە،
گۈل تېرىغىن ئېلىڭگە.

كۆڭۈل قويساڭ بىلىمگە،
شان كېلىدۇ ئېلىڭگە.

كۆنچىنىڭ پىرى يوق،
ئىككى تېرىنىڭ بىرى يوق.

كۈچى يوقنىڭ ئاچچىقى يامان،
بىلىمى يوقنىڭ غەلۋىسى يامان.

كىتاب ــ بىلىم بۇلىقى،
بىلىم ــ ھايات چىرىغى.

كىشىگە تون پىچقان كىشى ئۆزىگە كالتە ئىشتانمۇ پىچالماس.

## گ

گالنى يىغقان سۇلتان بولۇر،
گالنى يىغمىغان ئۇلتان (بولۇر).

گالىنىڭ يامانلىقى جانغا جاپا،
خوتۇنىنىڭ يامانلىقى ئەرگە (جاپا).

گۆھەر ئالغۇچە تاشتىن،
نى سەۋدا ئۆتىدۇ باشتىن.

گۆھەرلىك بولغاندىن،
ھۈنەرلىك بولغان ياخشى.

گۆھەرمۇ تاش،
ئۇنىڭ پەرقى گۈزەللىكتە.

# م

ماتانى باپكاردىن سوراڭ،
پولۇنى كەپكۈردىن (سوراڭ).

مانتا سالساڭ چۆلگە سال،
چۆچۈرە سالساڭ كۆلگە (سال).

مەن دوپپىچى بولسام،
كىشىلەر باشسىز تۇغۇلار.

موھتاجلىق مىڭ ھۈنەرنىڭ ئانىسى.

مۇشەققەتسىز ھۈنەر بولماس.

مېۋىلىك دەرەخنىڭ بېشى تۆۋەن،
بىلىملىكنىڭ يۈزى تۆۋەن.

## ن

نا ئۇستا ئەسۋاب خىللار.

نادان بەرگەن گۆھەردىن،
ئاقىل ئۆگەتكەن ھۈنەر ياخشى.

نادانىنىڭ كۆزى يىغلايدۇ،
دانانىڭ يۈرىكى (يىغلايدۇ).

نەپسىڭنىڭ قۇلى بولماي،
ھۈنەرنىڭ قۇلى بول.

نەسەبكە ئىشەنمە،
ھۈنەرگە ئىشەن.

نېمىنى بىلمىسەڭ،
شۇنىڭدىن قورقىسەن.

ھ

ھايۋانغا ئېغىل كېرەك،
ئادەمگە ئەقىل (كېرەك).

ھەر ھۈنەرنىڭ ئۆز گۈزەللىكى بار.

ھەربىر ئوڭۇشسىزلىق بىر ئەقىل بېرىدۇ.

ھۈنەر بەرسەڭ قولۇڭ بىلەن،
ئۇ بارار سېنىڭ يولۇڭ بىلەن.

ھۈنەر بولسا قولۇڭدا،
نان تېپىلار يولۇڭدا.

ھۈنەر بىلگەن ئاچ قالماس،
يول بىلگەن كەچ (قالماس).

ھۈنەر سودىسى ئەپلەشمىسۇ،
خوتۇن سودىسى ئەپلەشمەس.

ھۈنەر قىلدىڭ — گۈل بولدۇڭ،
بىكار يۈردۈڭ — قۇل بولدۇڭ.

ھۈنەر كۆپكىمۇ يەتكۈزىدۇ،
كۆككىمۇ يەتكۈزىدۇ.

ھۈنەر ئۆگەن ئاتاڭدىن،
كېرەك بولسا مىراسى.

ھۈنەر — پۈتمەس گۆھەر.

ھۈنەر ھۈنەردىن ئۈنەر.

ھۈنەر ئېقىپ تۇرغان بۇلاق،
بىلىم يېنىپ تۇرغان چىراغ.

ھۈنەردىن زىيان تارتساڭ،
ئۇستاڭدىن كۆرمەي، ئەجرىڭدىن كۆر.

ھۈنەرسىز ئادەمدىن توخۇ ياخشى.

ھۈنەرسىزنىڭ ھۈنىرى — ھۇرۇنلۇق.

ھۈنەرلىك ئادەم مېۋىلىك دەرەخ.

ھۈنەرلىك ئاش تاتلىق ئاش،
ھۈنەرسىزدىن بەدەر قاچ.

ھۈنەرلىك ئەر خار بولماس،
دوست ـ دۈشمەنگە زار (بولماس).

ھۈنەرلىك كىشى پۇل تاپار،
ھۈنەرسىز كىشى ئۈنىڭغا باقار.

ھۈنەرلىك كىشى خار بولماس،
ماڭغان يولى تار (بولماس).

ھۈنەرلىك ئۆلمەس،
ھۈنەرسىز كۈن كۆرەلمەس.

ھۈنەرنى بىر كىشىدىن ئۆگەن،
ئىسكەتنى مىڭ كىشىدىن (ئۆگەن).

ھۈنەرنى تېپىۋالغىلى بولماس،
بىلىمنى سېتىۋالغىلى (بولماس).

ھۈنەرنىڭ پۇلى پات كىرەر،
ئورمانىنىڭ پۇلى قات - قات (كىرەر).

ھۈنەرنىڭ چېكى يوق.

ھۈنەرنىڭ قولىدىن پۇل ئۈنەر.

ھۈنەرۋەن قول — بەختكە يول.

ھۈنەرۋەن باي بولماس، قورسىقى ئاچ قالماس.

ھۈنەرۋەننىڭ گالۋىڭىدىن قەلەندەرنىڭ ئىلدامى ياخشى.

ھۈنەر — ئالتۇن تۆكەر.

ھۈنەر ــ تۈگىمەس بايلىق.

ھۈنەر ــ تۈگىمەس گۆھەر.

ھۈنەر ــ ھۈنەردىن بەرىكەت ئۈنەر.

ھۈنەر ــ ئۇستام بەرگەن مەنسەپ،
رەقىبلەر خار قىلالماس دەسسەپ.

ھۈنىرى بار دەركار،
ھۈنىرى يوق بەك خار.

ھۈنىرى بار قۇل بولماس.

ھۈنىرى يوق كىشىنىڭ،
ھوسۇلى يوق ئىشىنىڭ.

ھۈنىرى يوق كىشىنىڭ،
مەززىسى يوق ئىشىنىڭ.

ھۈنىرى يوقنىڭ جېنى يوق.

ھۈنىرى يوقنىڭ ئۆلى يوق،
ئىشلىمىگەننىڭ پۇلى يوق.

ھۈنىرىم بار، تەلىيىم يوق،
ھەۋىسىم بار، ماغدۇرۇم يوق.

# ئو

ئورۇق قوينىڭ پوقى يوغان،
بىلىمسىزنىڭ گېپى (يوغان).

ئوقۇش جاپالىق،
كەينى ۋاپالىق.

ئوقۇغان بالا — ئوقلانغان مىلتىق.

ئوقۇغان ئوغۇل ئاتىدىن ئۇلۇغ.

ئوقۇغان ئوك بولۇر،
ئوقۇمىغان توك (بولۇر).

ئوقۇغان ئۇچار،
ئوقۇمىغان چۈشەر.

ئوقۇغاننىڭ ئەقلى ئۇزار،
ئوقۇمىغاننىڭ بوينى (ئۇزار).

ئوقۇماي بىلىم ئالغىلى بولماس،
تېرىماي ھوسۇل ئالغىلى بولماس.

ئوقۇمىغان ئادەم كۆزى ئوچۇق قارىغۇ.

ئوقۇمىغۇچە موللا بولماس،
بويىمىغۇچە مەللە (بولماس).

## ئۇ

ئۇستا باردا قولۇڭنى تارت،
موللا باردا ئىلىڭنى (تارت).

ئۇستا بىلەن يېقىن ئۆتسەڭ، ئىشىڭ پۇتەر.

ئۇستا قانداق بولسا،
شاگىرتى شۇنداق بولۇر.

ئۇستا قىلسا خوپ قىپتۇ.

ئۇستا كۆرمىگەن شاگىرت،
ھەر مۇقامغا يورغىلار.

ئۇستا كۆرمىگەن شاگىرتنىڭ ھۇنىرى كاسات.

ئۇستا كۆرمىگەن كاسىپ، ھۇنەرنى بۇزار.

ئۇستا كۆرمىگۇچە، ئۇستا بولماس.

ئۇستا مەرگەن شىر ئاتار،
قاۋۇل چوكان يۈز ئاچار.

ئۇستا ئۆزىنىڭ غېمىنى قىلسا،
گۈلىنىڭ غېمىنى خۇدا قىلىدۇ.

ئۇستا ئىزچى ئىز تونۇر،
زېرەك يىگىت قىز (تونۇر).

ئۇستاز بولساڭمۇ بىلىم ئال،
هارۋاڭ بولسا يېلىم (ئال).

ئۇستاز پەقەت هەيدەكچى،
بىلىم ئېلىش ئۆزۈڭدىن.

ئۇستاز زالىم بولسا،
شاگىرتى ئالىم چىقۇر.

ئۇستاز هۈنىرىنى ئويلار،
شاگىرت كوزىرىنى (ئويلار).

ئۇستاز ئۇنتۇلماس.

ئۇستازسىز شاگىرت بولماس.

ئۇستازى زېرەك بولسا، شاگىرتى روناق تاپار.

ئۇستاڭغا مەڭگۈ خىزمەت قىل،
خىزمەت قىلالمىساڭ ئىززەت (قىل).

ئۇستامنى كۆرمىسەم ئۇستا مەن،
ئۇستامنى كۆرسەم يولدا مەن.

ئۇستىسى بوشاڭ بولسا،
شاگىرتى مىس ـ مىس بولۇر.

ئۇستىلىق قىلىمەن دەپ،
ئۇستىسىغا يولۇقۇپتۇ.

ئۇستىنى ئۇستا قىلغان ئىمكىرى،
ئىمكىرىنى ئۇستا قىلغان سىمكىرى.

## ئۆ

ئۆزۈڭدىن يۇقىرىغا قاراپ پىكىر قىل،
ئۆزۈڭدىن تۆۋەنگە قاراپ شۈكۈر قىل.

ئۆگەنگەن بىلىم بىكار كەتمەس.

ئۆگەنگەنگە گەپ كەتمەس،
نادان باشتىن دەرد (كەتمەس).

ئۆگىتىپ قوي تېخنىك ھۈنەر،
ئۈنىڭدىن ئالتۇن ئۈنەر.

ئۆگىنىش ئۈچۈن ئۆگەن،
ئىلىش ئۈچۈن بەر.

ئۆمۈر باقىي ئەمەس، ھۈنەر باقىي.

ئۆمۈر چەكلىك،
بىلىم چەكسىز.

ئۆمۈر قوغلاشماي،
ئىلىم قوغلاش.

ئۆيى بارنىڭ جېنى بار،
ھۈنىرى بارنىڭ نېنى (بار).

## ئۈ

ئۈستۈن بېقىپ تۈكۈرسەڭ،
يېنىپ كېلەر يۈزۈڭگە.

## ئې

ئېشەك يۈگەندا كىگىز بولماس.

ئېشىغا قاراپ تارىقى،
ھۈنىرىگە قاراپ قاپىقى.

## ئى

ئىچىگىدىن كۆمۈر چىقسىمۇ تۆكۈپ كەت.

ئىرادە چېنىقىشقا باغلىق،
بىلىم توپلاشقا (باغلىق).

ئىزدەنگەن كامال تاپار،
ئىزدەنمىگەن زاۋال (تاپار).

ئىشلەتمىگەن بىلىم ــ يەپ سىڭدۈرمىگەن تاماق.

ئىشلەتمىگەن پىچاقنى دات باسىدۇ.

ئىنسانغا بىلىم كېرەك،
ياغاچچىغا يېلىم (كېرەك).

ئىنسانغا دورا توخۇ تاشلىقى،
بىباھا گۆھەر ئادەم ياشلىقى.

## ي

ياخشىنى سوراپ تاپ،
قاشنى كۆرۈپ (تاپ).

ياشاش ئۇچۇن تەلىم ئال.

ياشلىقتا ئالغان بىلىم تاشقا مۆھۈر باسقاندەك،
قېرىغاندا ئالغان بىلىم قۇمغا مۆھۈر باسقاندەك.

يالغانغا مازار يېقىن،
ھۈنەرۋەنگە بازار (يېقىن).

يامغۇر بىلەن كۆل تولىدۇ،
بىلىم بىلەن ئادەم تولماس.

يەتتە نانغا يۈز بولغان ئىككى توقاچ.

يېنى ئاغرىغان يەردە ياتماس.



# ئىچىملىك، چېكىملىك، قەرزدارلىق توغرىسىدا

## ئا

ئاچلىقتىن خۇمارلىق يامان.

ئاي بېشىدا ئۇلاپ چېكەر،
ئوتتۇرىسىدا توختاپ چېكەر،
ئاخىرىدا سوراپ چېكەر.

## ب

بەڭگى بىلەن ئۇرۇشقۇچە،
ساراڭ بىلەن ئۇرۇش.

بەڭگى كەندىرگە ئامراق،
هۇرۇن يەڭگىلگە (ئامراق).

بەڭگى بوۋىسىنى ماختار،
موزدۇز كوۋىسىنى (ماختار).

بەڭگى چىلىم كويىدا،
جۇۋان يېلىم (كويىدا).

بەڭگىگە بىر تامچە سۇ دەريا كۆرۈنۈپتۇ.

بەڭگىنى بالام دېمەڭ،
بۇقىنى كالام (دېمەڭ).

بەڭگىنىڭ كۆزىگە ئېشەك سۇيدۇكى كۆل كۆرۈنۈپتۇ.

بەڭگىنىڭ ئوغى يوق،
پاشىنىڭ قوغى (يوق).

## پ

پۇتمىگەن قەرزگە پوق ئال.

## ت

تام زەيدىن نابۇت بولىدۇ،
ئادەم مەيدىن (نابۇت بولىدۇ).

تاماكىغا شەيتان كىرىپتۇ.

## چ

چېكىشمىگۈچە بىلىشمەس.

چىلىمى يوق بەڭگە مەست،
نوختىسى يوق يەڭگە (مەست).

## ق

قەرز سوزۇلسا قالىدۇ،
ئاغرىق سوزۇلسا ئۆلىدۇ.

قەرز ئۆرىدىسە پۇل ئالۇر،
كېسەل ئۆرىدىسە جان (ئالۇر).

قەرزدار بىر كويغا يۈز سالام بېرىپتۇ.

قەرزداردىن بەرگەننى ئال،
تۈگمەندىن چىققاننى ئال.

قەرزدارلىق بەك يامان بىر پۈك بولسىمۇ،
مۇساپىرلىق بەك يامان بىر كۈن بولسىمۇ.

قەرزدارنى تار يولدا قىستاپتۇ.

قەرزدارنىڭ تىلى قىسقا،
گۇمانخورنىڭ ئۆمرى (قىسقا).

قەرزدارنىڭ قەبرىسى يوق.

قەرزدارنىڭ قەبرىسىنى كۆرگەن ئادەم يوق.

قەرزدارنىڭ يۈرىكى دەز.

ك

كەيپى يوقنىڭ پەيزى يوق.

كەيپلىك كىشى — ئەيىبلىك كىشى.

هاۋايى - هەۋەسنىڭ بېشى كۆل، ئايىغى چۆل.

م

مەست بىلەن ماڭساڭمۇ ماڭ،
نەس بىلەن ماڭما.

مەست تالادا،
بالىلىرى بالادا.

مەست چوغنى كاۋاپ دەر،
كۆيمىسە ئېلىپ يەر.

مەست كاللا ـــ نەس كاللا.

مەست مۆشت ئاتار،
تەگمىسە ئۆزى ياتار.

مەست هاراقۇا دوست،
دۈمبىسى تاياقۇا (دوست).

مەست ئۆلۈكتىن قورقماس.

مەست ئۆيگە كىرگۈچە، دوپپىسى تۆرگە چىقار.

مەست، مەستىنىڭ قۇلىقىنى كەس.

مەستتىن ساراڭمۇ قورقۇپتۇ.

مەستلىك ـــ پەسلىك.

مەستىنىڭ توۋىسى شېشىنى كۆتۈرگۈچە.

مەستىنىڭ قەرزى كۆپ،
كونا چىنىنىڭ دەزى (كۆپ).

مەستىنىڭ كۆزى هاراقتا،
پۇت ـ قولى يالاقتا.

مەستىنىڭ هەيۋىسى تۇگىگۈچە،
بېشى يەرگە تېگىپتۇ.

## ن

ناسۋال چەككەن كىشىنى،
ئۇرۇپ چاقىدۇ چىشىنى.

ناسۋال مەينەتنىڭ، تاماكا سۆلەتنىڭ، هاراق دۆلەتنىڭ.

ناسۋالكەش قېرىسا قاپاق ئاسىدۇ،
بەڭگى قېرىسا كۆزىنى چاپاق باسىدۇ.

نەشە چەككەن بەڭگىنىڭ،
تۇتۇن بىلەن قارنى توق.

نەشكەش توۋا قىلماس،
توۋا قىلسىمۇ كۆڭلى قويماس.

نەشىدە مەست بولغان هوشىغا كېلەر،
پۇلغا مەست بولغان بېشىغا (كېلەر).

نەشىكەشنىڭ كاللىسى سوقا،
ئەپيۈنكەشنىڭ ماڭلىيى دوقا.

ھ

ھاراق بىلەن دوستلاشتىڭ،
ئەقىل بىلەن خوشلاشتىڭ.

ھاراق چىقار باشقا،
كۆزنى تولدۇرار ياشقا.

ھاراق زورلامچىنىڭ،
تاماكا دورامچىنىڭ.

ھاراق زورى بىلەن،
گەپ پورى بىلەن.

ھاراق زىناغا يېقىن،
نەشە خۇمارغا يېقىن.

ھاراق مەست قىلۇر،
ئىشىڭنى تەس قىلۇر.

ھاراق ئوغا بولۇر،
جىق ئىچسەڭ غوغا بولۇر.

ھاراق ئىچكەن مەس،
خۇدىنى يوقاتقان نەس.

ھاراق يولدىن ئازدۇرار،
ئۆزىگە گۆر قازدۇرار.

ھاراققا دۇم چۈشسەڭ بەختىڭ قاچار،
پۇلغا دۇم چۈشسەڭ ئەقلىڭ (قاچار).

ھاراقكەش ئۆلپەت،
كەلتۈرەر كۆلپەت.

ھاراقكەشتە گەپ تولا،
بەڭگىدە خىيال (تولا).

ھاراقكەشكە قەرز بەرمە.

ھاراقكەشكە يول تار كەلمەس،
يۈزسىزگە گەپ ھار (كەلمەس).

ھاراقكەشنى قاراۋۇلغا قويساڭ، خەزىنەڭ ساق تۇرماس.

ھاراقكەشنىڭ دوستى كۆپ.

ھاراقكەشنىڭ مەردلىكى، مەست بولغاندا تۇتار.

ھاراقنى تاشلاي دېسەڭ، مەستنىڭ قىلىقىنى كۆر.

ھاراقىنىڭ باشلىنىشى خوش - خوش،
ئاخىرلىشىشى پوش - پوش.

## ئۈ

ئۈمۈ «مەست»، بۈمۈ «مەست»،
مەستنىڭ «خەير - خوش» ى تۈگمەس.

## ئى

ئىتتىن سۆڭەككە،
چاشقاندىن كېپەككە قەرزدار بوپتۇ.

ئىچتىم شاراب،
بولدۇم خاراب.

ئىچىملىك بالا ئەمەس،
ئىچىملىككە بېرىلىش بالا.



# تىنچ - خاتىرجەملىك ۋە ئوغرى - قاراقچىلىق توغرىسىدا

# ئا

ئايەت كۆرمەي دېسەڭ،
هوشيار بول.

ئات ئاتاڭچە بولسىمۇ،
قوزۇق قېقىپ باغلىۋەت.

ئات دۈشمىنى قامچىدۇر،
قولدا تۇتۇپ بىلىنمەس.

ئات مىنمىگەن ئارپىدىن غەم قىلماس.

ئات ئورنىغا ئېشەك باغلىما.

ئاتاقنى تاپماق ئوڭاي،
تۇتۇپ تۇرماق تەس.

ئاتقان ئوق يېنىپ كەلمەس.

ئاتنى تەپمەيدۇ دېمە،
ئىتنى چىشلىمەيدۇ (دېمە).

ئاتنىڭ كىشنىمەيدىغىنى يوق،
ئىتنىڭ چىشلىمەيدىغىنى (يوق).

ئاجراشقاننىڭ كۆتى ئېچىلار،
ئاجراشمىغاننىڭ گۈلى (ئېچىلار).

ئاخشىمى گەپ قىلساڭ، قۇلاقنى قۇلاقتا ياق،
كۈندۈزى گەپ قىلساڭ، ئەتراپىڭغا باق.

ئادەم بېشىنى كۈندە توقسان توققۇز خىل ئەجەل ئەگىپ يۈرەر.

ئاز ئېشىم،
غوۋغاسىز بېشىم.

ئاسان كەلسە،
ئاسان كېتەر.

ئاستا ماڭساڭ،
بۇرۇن يېتىسەن.

ئاستا ماڭغان تاغ ئاشار،
يۈگۈرگەن باغ.

ئاغرىقنى يوشۇرساڭ،
ئۆلۈم ئاشكارا.

ئاغرىماس بېشىمغا ئالتە تاياق.

ئاق كۆڭۈل ئامانلىق تىلەر،
بەتنىيەت يامانلىق (تىلەر).

ئالاكۆڭۈل بولساڭ ئازارسەن.

ئالتۇن ئۆيۈڭ بولغۇچە،
تىنچ كۆڭلۈڭ بولسۇن.

ئالدىرىغاندا پۇتىغا پۇتلىشىپتۇ.

ئالدىڭغا ماڭساڭ، كەينىڭگە قارا.

ئالدىنى ئوغرى ئالدى،
قالغىنىنى رەمچى (ئالدى).

ئامان بولسا بېشىم،
يەنە چىقار چېچىم.

ئانت ئىچكەنگەن كۆنمىسەڭ،
قان ئىچكۈچى كېلەر.

ئاياغ ئاتلىمىسا، باش لىڭشىتماس.

ئاياغ ئاستىڭغا قاراپ ماڭ، يىقىلىسەن،
بۇرنۇڭنى كۆتۈرمە، پۇتلىشىسەن.

ئايلانمىنى ئايلىنىپ ئۆت.

## ئە

ئەتمەك تەس،
بۇزماق ئاسان.

ئەر دۇشمىنى ياندىدۇر،
بىللە يۈرۈپ بىلىنمەس.

ئەسكى ئوغرى پاخال ئوغرىلايدۇ.

ئەندىشىنىڭ ئېتى قورقاق.

ئەنسىزلىك ئادەمنى قېرىتار.

ئەيىبىنى يوشۇرغان ئەي بولماس.

## ب

باسقان ئىزىڭنى بىلىپ باس،
ئالدى ـ ئارقاڭنى كۆرۈپ باس.

باش ئامان بولسا،
دوپپا تېپىلار.

باغدا ئۆسكەن يانتاقنىڭ جىنىغا ۋاي.

بالا ـ قازا دەرەخ بېشىدا يۇرمەيدۇ،
ئادەم بېشىدا يۇرىدۇ.

بەرسە قولدىن ئاپتۇ،
بەرمىسە يولدىن ئاپتۇ.

بوينىنى ئېگەلمىسەڭ،
قولىنى سۆي.

بويۇڭ يەتمىگەن يەرگە ئېسىلما.

بويۇننى قىل كەسمەيدۇ،
قىلىچ كېسىدۇ.

بۇرۇن تاغ ئايلىنىپ كەلسە،
ھازىر باغ ئايلىنىپ كېلىدۇ.

بۇزۇۋېدىم، بېشىمغا تەگدى.

بۇلاڭچى بۇلاپ يەيدۇ،
ئالدامچى سوراپ (يەيدۇ).

بۇلاڭچى قېرىسا جىسەكچى بولۇر،
ئابدال قېرىسا ئېشەكچى (بولۇر).

بۇلاڭچىنىڭ نەپسى تويماس،
قاراقچىنىڭ قارنى (تويماس).

بۆشۇككە تېگىپ بۆلىمىسۇن سېنى.

بۇگۇن ماڭا،
ئەتە ساڭا.

بېشىڭ تاز بولسىمۇ،
كۆڭلۈڭ ياز بولسۇن.

بېشىڭنى تاشقا ئۇرساڭمۇ،
ئورنىغا كەلمەس.

بىخۇدلۇق قىلىش — ئوغرىغا يانتاياق بولغانلىق.

بىر تال چېۋىن بىر قازان ئاشنى بۇزىدۇ.

بىر تال قۇمىلاق بىر قېرىن مايىنى چىرىتىدۇ.

بىر چوڭنىڭ سۆزىگە كىر،
بىر كىچىكنىڭ (سۆزىگە كىر).

بىر چىقماقنىڭ بىر چۇشمىكى بار.

بىر قولۇڭغا ئوت ئېلىپ يۇر،
بىر قولۇڭغا سۇ (ئېلىپ يۇر).

بىر كۆلكىنىڭ ئون يىغىسى بار.

بىر ئۆيگە سۇ كىرسە،
مىڭ ئۆي ئەنسىزچىلىكتە قاپتۇ.

بىر ئىشىك قويۇش ئۈچۈن مىڭ ئىشىك كۆر.

بىر يىلان بىر ئۆي ئادەمنى تىنچىتماس.

بىرى ئالتۇن تاۋاقتا ئاش بېرەر،
بىرى ھەسرەت بىلەن جان (بېرەر).

بىرى كۈلەر،
بىرى يىغلار.

بىرىگە قىلساڭ زورلۇق،
بىرىدىن كۆرىسەن خورلۇق.

بىرىنى سەن بۆرە دېسەڭ،
ئۇ سېنى قوي دەيدۇ.

## پ

پاختىنىڭ ئىچىدە ئوت ساقلىغىلى بولماس.

پادىچى پوستەكچى بىلەن دوست بولالماس.

پادىدىن ئىلگىرى چاڭ ـ توزان كېلەر.

پاقلان يېگەن تۈلكە پادىچى قولىدا ئۆلەر.

پۈتۈڭنى توغرىلىغانغا قارىما،
يولۇڭنى توغرىلىغانغا قارا.

پۇشايمان قىلغان بىلەن ئورنىغا كەلمەس.

پىل بىلەن دوست بولساڭ،
پىلخاناڭنى راست قىل.

ت

تاپاي دېسەڭ ئامانلىق،
كىشىگە قىلما يامانلىق.

تاش تاشلىغۇچىنىڭ بېشىغا چۈشەر.

تالادىكى ئوغرىدىن ساقلانماق ئاسان،
ئۆيدىكى ئوغرىدىن ساقلانماق تەس.

تام ياقىلىساڭ نەس باسار.

تامنىڭمۇ قۇلىقى بار.

توپقا تاش ئاتما.

توپىلاڭچى ئەلدە بەرىكەت يوق.

توقۇمنى ئوغرىلىغان تۆگىسىنىمۇ ئوغرىلاپتۇ.

تولا قاترىغان بۆرە ئاچتىن ئۆلۈپتۇ.

توي ئەنسىزچىلىكىدىن،
گۆر ئەنسىزچىلىكى ياخشى.

تۆھپە قىلغانغا تۆگە قىل.

تېتىماي تۇز دېمە.

تېۋىپقا پۇل قايغۇسى،
ئاغرىققا جان قايغۇسى.

## ج

جاپا تارتمىغۇچە ھالاۋەت يوق،
ئىناق بولمىغۇچە سائادەت يوق.

جاڭجاللىق ئۆيدە بەرىكەت يوق.

جان بازارغا كىرمەيدۇ.

جان تەندە ئامانەت.

جېدەلخورغا گۇۋاھچى بولما.

جېدەلنىڭ چىرايلىقى يوق،
ھاقارەتنىڭ تاتلىقى يوق.

جىم ئاققان سۇ غەرق قىلار.

جىمجىتلىق مازارغا يارىشىدۇ.

جىمجىتلىقتىن ئەنسىزلىك تۇغۇلار.

## چ

چۆچۈرنى خام سانىما.

## خ

خاپىلىق ئالدىدا كېلەر،
پۇشايمان ئارقىدا (كېلەر).

خاتالاشساڭ، تۈزىتىشتىن ئۇيالما.

خاتالاشقاندىن خاتانى تۈزەتمىگەن يامان.

خائىنغا بېشەم ئۆلۈم،
ساتقىنغا ئېشەك ئۆلۈم.

خۇشلۇق ياشارتىدۇ،
خاپىلىق قېرىتىدۇ.

## د

دانالىقتا تاپ پۇرسەت،
ئاداشقانغا يول كۆرسەت.

دەرەخكە چىقساڭ، ئىرغىتىپ كۆر.

دەردى يوقنىڭ غېمى يوق،
غېمى يوقنىڭ جېنى (يوق).

دوپپاڭنى ئالدىڭغا قويۇپ ئويلاپ باق.

دورغا قەيەردە بولسا،
غوۋغا شۇ يەردە.

دۇنيادا ۋەھىمىدىن ئاچچىق نەرسە يوق.

دۆڭنى كۆرۈپ، تاغ دېمە،
گۈلنى كۆرۈپ باغ (دېمە).

## س

سەل قارالسا ئىناقلىقا،
يۈزلىنەر زاۋاللىقا.

سۇلتان قىلسا يامانلىق،
ئەلگە بولماس ئامانلىق.

سىنالغان ئاچچىق قېتىق سىنالمىغان قايماقتىن ياخشى.

## ش

شامال بىلەن كەلگەن شامال بىلەن كېتىدۇ.

شامالغا قاراپ تۇكۇرمە،
يۈزۈڭگە يانار.

شامالنىڭ ئالدى قۇيۇن،
جېدەلنىڭ ئالدى ئويۇن.

## غ

غېرىبنى ئۆرما،
ئۆۋالىغا قالما.

## ق

قاتاردىن قالغۇچە،
خەتەردىن قال.

قاچان بولسا جاڭجال،
ئەتە شۇ يەر جاڭگال.

قاراقچى خالىي يەردە ئالار،
يانچۇقچى توپ ئىچىدە (ئالار).

قاراقچىنى ماراقچى بابلاپتۇ،
ماراقچىنى يالاقچى (بابلاپتۇ).

قاراقچىنىڭ قولىقى ئۇزۇن.

قاراڭغۇنىڭ قولىقى دىڭ.

قارىمۇقنىڭ دانى بولغىچە،
بوغداينىڭ سامانى بول.

قاغىنىڭ بىر كۆزى ئوقتا،
بىر كۆزى پوقتا.

قانائەت ــــ خاتىرجەملىكنىڭ بىرىنچى شەرتىدۇر.

قانچە بەرسەڭ، شۇنچە ئالىسەن.

قانداق بەرسەڭ، شۇنداق ئالىسەن.

قانداق كەلسە، شۇنداق كېتەر.

قانداق ئېيتساڭ، شۇنداق ئاڭلايسەن.

قايسى قولۇڭ بىلەن بەرسەڭ،
شۇ قولۇڭ بىلەن ئالىسەن.

قورساق ئاغرىقىڭ بولمىسا،
تاۋۇز يېيىشتىن قورقما.

قوغۇنلۇققا كىرگەن ئوغرى يا پىششىقىنى قويماس،
يا توڭىنى (قويماس).

قولۇڭنى ئۇزاتقان يەرگە پۇتۇڭنى ئۇزاتما.

قولى ئەگرىنىڭ كۆنى ئەگرى.

قوينۇم ئوغرى،
قونچۇم ئوغرى.

قوينى قوتاندا سات،
ئوزۇقنى ئورىدا (سات).

قۇدۇققا تۇكۇرمە،
سۇيىنى ئىچەرسەن.

قۇشنىڭ سايرىمايدىغىنى يوق،
دۇشمەننىڭ قارغىمايدىغىنى (يوق).

قىڭغىر ئولتۇرساڭمۇ، توغرا سۆزلە.

قىمارۋاز بۇلۇڭ ئىزدەيدۇ،
بالىلىرى كۇلۇڭ (ئىزدەيدۇ).

قىمارۋاز ئۇتتۇۋالغان كۇنى خوتۇنى گۆشكە تويىدۇ،
ئۇتتۇرغان كۇنى مۇشتقا تويىدۇ.

قىمارۋاز ئىلگىرى كەلمەس،
يېگىنى تېنىگە سىڭمەس.

قىمارۋازغا ئاي يورۇقى غەنىيمەت،
ئوغرىغا قارا بۇلۇت (غەنىيمەت).

قىمارۋازنىڭ ئالچىسى كۆپ،
تىلەمچىنىڭ خالتىسى (كۆپ).

قىمارۋازنىڭ قەرزى تولا،
ھۆرۈننىڭ دەردى (تولا).

قىمارۋازنىڭ كۆزىنىڭ قارىقى كەينىدە.

قىلچىتەك ئۆتكۈر بولما،
تاياقتەك قوپال بولما.

## ك

كەپتەرۋاز ھاڭۋاقتى،
قىمارۋاز يەر باقتى.

كەپتەرۋاز تۆتسام دەيدۇ،
قىمارۋاز ئۈتسام (دەيدۇ).

كەپتەرۋاز تۇتۇۋالغانغا خۇش،
قىمارۋاز ئۇتۇۋالغانغا (خۇش).

كەسكەن توغاچ يېپىشماس.

كۆسەي ئۇزۇن بولسا،
قول كۆيمەيدۇ.

كۆسەينى كىم تۇتسا،
شۇنىڭ قولى كۆيەر.

كۆڭلى توق،
قايغۇ يوق.

كۆنداشلىق ئۆيدە كۆندە جېدەل.

كىچىك دەپ ئۇيلىما ياۋنى،
پۇرسەت كەلسە بوغىدۇ گالنى.

كىرەر ئىشىكىڭنى قاتتىق ياپما.

كىرىشتىن بۇرۇن چىقىشنى ئويلا.

كىشى ھەققى ئەسقاتماس.

كوزا كۆندە سۇنماس،
كۆندە سۇنار.

كىشى ھەققى كىشىگە ياراشماس.

كىشىگە قىلدىم دېمە،
ئۆزۈڭگە قىلارسەن.

كىشىگە قىلغىنىڭ ـــ ئۆزۈڭگە قىلغىنىڭ.

كىشىگە نېمە قىلساڭ،
ئۆزۈڭگە شۇ يانار.

كىشىنىڭ ئورنىنى قازساڭ،
چوڭقۇر قازما، ئۆزۈڭ چىقالمايسەن.

كىمكى تۈز يولدىن تايار،
ئۆز جېنىغا ئاپەت تاپار.

كىيىمگە يۇققان كىر كېتەر،
ئادەمگە يۇققان كىر كەتمەس.

## گ

گەرچە ئۇ ئاياغ ئاستىدىدۇر خار،
خۇدا مەخلۇقىدۇر، ئاغرىتما زىنهار.

گۇناھسىز ئىتنى ئۇرما.

## م

ماڭمىغان تۈز يولدىن ماڭغان قىڭغىر يول يېقىن.

مال ئىگىسىدىن ئوغرى كۈچلۈك.

## ن

نومۇسنى يوقاتقۇچە،
باشقىن يوقاتقان ياخشى.

نېمە دېسەڭ، شۇنى ئاڭلايسەن.

نېمە قىلغىنىڭنى ئويلىما،
نېمە قىلارىڭنى ئويلا.

## ھ

ھارۋىكەشنىڭ ناچىرى تاياق ئوغرىلايدۇ،
ئوغرىنىڭ ناچىرى ئاياغ ئوغرىلايدۇ.

ھوشۇڭنىڭ بارىدا ئېتىكىڭنى ياپ.

ھوشيار بولساڭ ئاپەت كۆرمەيسەن.

ھوشيارنىڭ ئەقلى ھازىر،
گالۋاڭنىڭ ئەقلى ئەتە.

## ئو

ئوت بىلەن ئويناشما،
ئۆزۈڭ كۆيەرسەن.

ئوت كۆرۈنگەن ياققا ماڭما،
ئىت ھاۋشىغان ياققا ماڭ.

ئوتنى تۆكۈرۈك بىلەن ئۆچۈرۈپ بولماس.

ئوتنى ئوت بىلەن ئۆچۈرۈپ بولماس.

ئوتنى ياغ بىلەن ئۆچۈرۈپ بولماس،
قىلمىشنى چاغ بىلەن (ئۆچۈرۈپ بولماس).

ئوتنىڭ چوڭى ئۇچقۇندىن باشلىنار.

ئوغرى ئاسماقچى كېلەر،
قاراقچى باسماقچى (كېلەر).

ئوغرى ئالغان مالغا ئىگىسى سەۋەبكار.

ئوغرى بالىسى بولدى توغرى،
موللا بالىسى بولدى ئوغرى.

ئوغرى بولساڭ ئىنساب بىلەن بول،
تاۋىقىنى ئالساڭ قوشۇقىنى قوي.

ئوغرى بولساڭ ئىنساب بىلەن بول،
قازىنىنى ئالساڭ تۇۋىقىنى قوي.

ئوغرى بولغۇچە دىۋانە بول.

ئوغرى بېيىماس، قىمارۋاز تويماس.

ئوغرى بېيىماس، كوسا قېرىماس.

ئوغرى بىر پۇل ئۇچۇن خۇن بېرەر.

ئوغرى بىر گۇماندا،
مال ئىگىسى مىڭ گۇماندا.

ئوغرى بىر، گۇمان مىڭ.

ئوغرى بىلەن يولداش بولما،
قىمارۋاز بىلەن سىرداش (بولما).

ئوغرى تووۋا قىلسا، كۆتى قويماپتۇ.

ئوغرى تۇتساڭ چوڭىنى تۇت.

ئوغرى تۇتساڭ مېلى بىلەن تۇت،
زىناخورنى جۈپتى بىلەن (تۇت).

ئوغرى تۇتقىن تۇماندا،
ئۆلۈپ كەتمە گۇماندا.

ئوغرى تۇتۇلار،
قىمارۋاز ئۇتۇلار.

ئوغرى تۇتۇلسا يەرگە قارايدۇ،
جالاپ تۇتۇلسا ئەرگە (قارايدۇ).

ئوغرى تۇمان ئىزدەيدۇ،
ئىچى تار گۇمان (ئىزدەيدۇ).

ئوغرى جاپا چەكسە، ھايان قاراقچىنىڭ.

ئوغرى ساقچىدىن قورقىدۇ،
جىن باخشىدىن (قورقىدۇ).

ئوغرى شىرىكىدىن قورقىدۇ.

ئوغرى قاچىدىغان جايىنى ئالدىن ئىزدەر.

ئوغرى قورقسا ناخشا ئېيتار.

ئوغرى قېرىسا سوپى بولۇر،
جالاپ قېرىسا بۇۋى بولۇر.

ئوغرى كەلسە مەھەللىگە،
ئاراملىق يوق ھەممىگە.

ئوغرى كۆزىدىن بىلىنەر،
توغرى سۆزىدىن (بىلىنەر).

ئوغرى كۆن ئاشقۇچە،
بۆرە قىر ئاشقۇچە.

ئوغرى گۇمانخور،
قىمارۋاز شىيلامچى.

بەڭگى مۇتتەھەم،
قاراقچى باتۇر.

ئوغرى مال تاپالمىسا،
ئانىسىنىڭ ئىشتىنىنى ئوغرىلايدۇ.

ئوغرى مال كويىدا،
بەڭگى چىلىم كويىدا.

ئوغرى هارماس،
بامداتنى قازا قىلماس.

ئوغرى ئوغرى بىلەن تۇتۇلار.

ئوغرى ئوغرى بىلەن كېچىدە تېپىشار.

ئوغرى ئوغرىلىغىلى نەرسە تاپالمىسا سەۋدا بولۇر.

ئوغرى ئوغرىلىقنى قىلمىسا كۆزىگە ئۇيقۇ كەلمەس.

ئوغرى ئوغرىنى تۇت دەپ ۋارقىرايدۇ.

ئوغرى ئوق يەيدۇ،
بالىلىرى پوق يەيدۇ.

ئوغرى ئۇيالماس،
ئوغرىنى تۇتقان ئۇيىلار.

ئوغرى ئۆلگۈچە «مەن ئاق» دەپ تۇرار.

ئوغرى ئۆيدە قويار،
قاراقچى چۆلدە (قويار).

ئوغرى ئېلىپ قاچىدۇ،
قىمارۋاز بېرىپ قاچىدۇ.

ئوغرى يەرگە قارايدۇ،
زىناخور كۆزگە (قارايدۇ).

ئوغرىدىن ۋاپا كۈتمە،
ئوغىدىن شىپا (كۈتمە).

ئوغرىسى يوق يۇرت بولماس،
بۆرىسى يوق جاڭگال (بولماس).

ئوغرىغا مال كەم بولماپتۇ.

ئوغرىغا يول كۆرسەتمەڭ،
تۆگىگە سولاق (كۆرسەتمەڭ).

ئوغرىغا يولۇقساڭ مېلىڭنى ئالۇر،
كېسەلگە يولۇقساڭ جېنىڭنى (ئالۇر).

ئوغرىلانغان مال ئورىدا سېسىيدۇ.

ئوغرىلىغان ناغرىنى چالغىلى بولماس.

ئوغرىلىق قىلساڭ يالغۇز قىل،
شېرىك بولساڭ ھەزەر قىل.

ئوغرىلىق قىلغان يەرگە قارايدۇ.

ئوغرىنى تۇتاي دېسەڭ چىراغنى ئۆچۈر.

ئوغرىنى قاراقچى ئۇرۇپتۇ،
تىلەمچىنى بۇلاڭچى (ئۇرۇپتۇ).

ئوغرىنى گۇندىپاي قىپتۇ.

ئوغرىنى ئوغرى تاپىدۇ.

ئوغرىنى ئوغرى دېسە ئۆلگۈسى كېلەر،
ساقنى ئوغرى دېسە كۇلگۈسى (كېلەر).

ئوغرىنى ئىزدەپ تۇت،
سۇنى يۇگۇرۇپ (تۇت).

ئوغرىنىڭ ئالدىدا پۇل - مالىنىڭ گېپىنى قىلما.

ئوغرىنىڭ ئەسكىسى يوتقان ئوغرىلايدۇ،
ئۇۋچىنىڭ ئەسكىسى قاپقان (ئوغرىلايدۇ).

ئوغرىنىڭ بېشىدا ئوت كۆيەر.

ئوغرىنىڭ بىر يۈزى قارا،
قىمارۋازنىڭ ئىككى يۈزى (قارا).

ئوغرىنىڭ تاپىنى يۇمشاق،
باغرى قاتتىق.

ئوغرىنىڭ تىنچلىقى يوق،
ئۇنىڭغا مالىنىڭ جا ـ جىڭلىقى يوق.

ئوغرىنىڭ خۇيى تۇتسا تۇمىقىنى تونۇرغا تاشلاپ،
داپخۇنىدىن تارتىۋالار.

ئوغرىنىڭ دوستى ـــ يانچۇقچى.

ئوغرىنىڭ دۈشمىنى ئاي،
پۈتنىڭ دۈشمىنى لاي.

ئوغرىنىڭ قولى ئۇزۇن.

ئوغرىنىڭ كىرمىكى ئاسان،
چىقمىقى تەس.

ئوغرىنىڭ يۈرىكى پوك ـ پوك.

ئوغرى ـــ قىمارۋاز،
بەڭگى ـــ قەلەندەر.

ئوغرىلىق تۈن يېرىمدە،
ئىغۋا گەپ كۈندۈزدە.

ئوغرىلىماق ئاسان،
سىڭدۈرمەك تەس.

ئوق يەتمىگەن يەرگە قىلىچ شىلتىما.

ئۇلتۇرۇپ ئويلا،
ئويلاپ تۇر.

ئويۇننىڭ ئازى ياخشى.

ئويۇنۇڭنى قەيەردە ئوينىساڭ،
يىغاڭنى شۇ يەردە يىغلا.

## ئۆ

ئۆرگان بىلەن ئورنىغا كەلمەس.

ئۆرۈشقاق ئەلنى بۇزار،
بۆدۈشقان يەرنى بۇزار.

ئۆلۈغ بولساڭ، كىچىك بول.

ئۆلۈغ دېسە كېرىلمە،
كىچىك دېسە تېرىكمە.

ئۆيات — ئۆلۈمدىن ئېغىر.

ئۆيقۇ — يېرىم ئۆلۈم.

# ئۆ

ئۆتكەن ئىشقا سالاۋات.

ئۆزۈڭ قىڭغىر بولساڭمۇ،
گېپىڭ قىڭغىر بولمىسۇن.

ئۆزۈڭدىن چوڭنى ھۆرمەتلە.

ئۆزى بۆلەكنىڭ كۆڭلى بۆلەك.

ئۆزى قۇرغان قاپقانغا ئۆزى چۈشۈپتۇ.

ئۆلۈكنىڭ نەپسى سوغۇق.

ئۆلۈمدىن باشقىسى تاماشا.

ئۆلىدىغان ئىت قۇترايدۇ.

ئۆي بۇزۇلسا ئىگىسىگە زىيان،
سۈپۈرگە بۇزۇلسا كىگىزگە (زىيان).

ئۆي ئۆزۈمنىڭ دېمە،
ئۆي كەينىدە كىشى بار.

ئۆيدىكى پۇل — ئوق پۇل،
كىشىدىكى پۇل — يوق پۇل.

## ئۈ

ئۈچ كىشى بىلگەن سىر — سىر ئەمەس.

ئۈزۈشنى بىلمىسەڭ، سۇغا چۈشمە.

## ئې

ئېشىكى يوق موللامنىڭ قۇلىقى تىنچ.

ئېشىكىڭنى چىڭ باغلا،
ئاندىن خۇداغا تاپشۇر.

ئېگىز دۆڭگە چىقمىغىچە،
تۈزلەڭ كۆرۈنمەس.

## ئى

ئىشتانغا چىققان كۆڭۈلگە تايىن.

ئىككى قېيىقنىڭ قۇيرۇقىغا ئېسىلمەن، دەپ سۇغا كېتىپتۇ.

ئىناق بولساڭ ئۇزارسەن،

## ي

ياخشىدىن ئايساڭ، يامان يەيدۇ.

يارا ساقايسمۇ، تارتۇق كەتمەس.

يارىم چىقتى تالاغا،
مېنى قويدى بالاغا.

يەتتە ئۆلچەپ، بىر كەس.

يەرنىڭ دوستى يامغۇر،
تەننىڭ دوستى چامغۇر.

يولدىن چىقما،
خاندىن قورقما.

يۇرت بولسا ئالۋان بولمىسا،
تىنچ بولسا، مالىمان بولمىسا.

يۇگۇرۈك ئاتقا مىنمىگۇچە،
مەنزىل كېزىلمەس.

يۈزۈم ئاق بولسۇن دېسەڭ،
ئىشىڭدا ساق بول.

يېغىدىن يار بويى قاچ.

يىتكەن مالنىڭ سېپى ئالتۇن.

يىغا ياندىن قوپار،
دۈشمەن تاپاندىن (قوپار).

يىغلىغان بىلەن تىرىلىپ كەلمەس.

يىلان چاققانغا ئارغامچىمۇ يىلان كۆرۈنەر.



# راستچىللىق ـ يالغانچىلىق،
# يوچىلىق توغرىسىدا

# ئا

ئات مىندىم،
ئاتامغا باقمىدىم.

ئاتتىن چۈشسىمۇ ئۈزەڭگىدىن چۈشمەپتۇ.

ئاتقۇچىنىڭ لاپ ئۇرمايدىغىنى يوق.

ئارپا تېرىپ بۇغداي ئالما دېمە.

ئاڭلاپ ئىشەنمەي، كۆرۈپ ئىشەن.

ئاڭلىغان بىلەن كۆرگەن بىر ئەمەس.

ئاڭلىغان سۆزنىڭ ئىگىسى يوق.

ئاڭلىغانغا ئىشەنمە، كۆرگەنگە ئىشەن،
قۇلىقىڭغا ئىشەنمە كۆزۈڭگە ئىشەن.

ئالتە ئاي ئاتقان پاختام بىر پۇلغا يارىماپتۇ.

ئالتە تەڭگەم بار ئات ئالىمەن،
يەتتە تەڭگەم بار نار ئالىمەن.

ئالدامچىنىڭ بۆكى كۆپ.

ئالدامچىنىڭ ئۇستازى تۈلكە،
خۇشامەتچىنىڭ دەسمايىسى كۈلكە.

ئالدىغا ئۆتۈپ ئەسسالام،
دالدىغا ئۆتۈپ ۋەسسالام.

## ئە

ئەگرى ئولتۇرساڭمۇ،
توغرا سۆزلە.

## ب

بارمىساڭ كۆرگىلى بولماس،
كۆرمىسەڭ سۆيگىلى (بولماس).

بارمىغان يەرنىڭ ئوي - چوڭقۇرى تولا.

بۇغداي پاتمىغان ئىغىزىمغا قوي بېشى پاتتى.

بېشىڭغا قىلىچ تەڭلەنسىمۇ،
راست گەپ قىل.

بىر يالغاننى ياندۇرۇپ ئېلىش ئۈچۈن،
يۈز راستچى كېرەك.

بىرنى بىر دېگۈلۈك،
بىرنى ئىككى دېگۈچە ئېشەك گۆشى يېگۈلۈك.

## پ

پو ئاتمىغىن چوڭغا، ئىتتىرىۋېتىدۇ تۈڭگا،
توڭدىن قوپقۇچە، تېپىۋېتىدۇ سوڭغا.

پوسكامدا ئېشەك ئۆلۈپتۇ دېسە،
ئۆپكىسىنى مەن قويغان دەپتۇ.

## ت

تاتلىق يالغاندىن ئاچچىق راست ياخشى.

تاختا قوياي ئەتە كەل،
نوغۇچ قوياي ئۆگۈن كەل.

توغرا گەپنىڭ تونى يىرتىق.

تۆھمەت تاش يارار،
بايقىمىساڭ باش (يارار).

تۇلكە ھىيلىگەر بولسىمۇ،
تېرىسى دۇكاندا ئېسىقلىق.

تىكەننىڭ ئەسكىسى ئازغان،
گەپنىڭ ئەسكىسى يالغان.

تىكىلگەندىن كۆز ئالما،
يالغانچىدىن سۆز (ئالما).

چ

چاپىنى بارغا مۇشت ئاتسام جۇۋىلىقا دەز كەتتى.

چەرچەندە ئېشەك ئۆلگەن دېسە،
تېرىسىنى مەن سويغان دەپتۇ.

چېقىمچى چىپار يىلان،
زەھىرى يىلاندىن يامان.

چېقىمچىنىڭ جايى جەھەننەم.

چېقىمچىنىڭ چىرايى چورۇق.

چېكىدىن ئاشقان ماختاشتىن خۇنۇك ھەقىقەت ياخشى.

چىرايلىقنىڭ دەردى تولا،
يالغانچىنىڭ قەرزى (تولا).

## خ

خورىكى چوڭنىڭ تۇمشۇقى ئىلمەك.

خۇپسەننى بىلمەس دېمە،
سەندىن چاققان.

خېمىرنى يايغان نوغۇچ - تاختا،
ئىشنى بۇزغان ھىيلە - ساختا.

## د

دەللالنىڭ دەسمايىسى ــ يالغانچىلىق.

دوستقا يالغان،
دۈشمەنگە راست گەپ قىلما.

دۇمباقنىڭ ئىچى بوش، ئاۋازى يوغان،
پوچىنىڭ بېلى بوش، گېپى يوغان.

دۇنيادا ئەيىبىنىڭ چوڭى ــ ئۆزىنى چوڭ تۇتۇش.

دىمىقى ئۇستۇن ئازگالدا ئۆلەر.

دىمىقى ئۇستۇن كۆلپەتتە ئۆتەر.

ر

راست بىلەن يالغان جەم بولالماس.

راست تۇرىدۇ كېرىلىپ،
يالغان تۇرىدۇ بېزىرىپ.

راست سۆز ئېغىزدىن چىققۇچە،
يالغان سۆز داۋان ئېشىپتۇ.

راست سۆز ئېيت،
يالغاندىن قايت.

راست سۆزلىسەڭ قۇتۇلىسەن،
يالغان سۆزلىسەڭ تۇتۇلىسەن.

راست سۆزلىگەن قۇتۇلدى،
يالغان سۆزلىگەن تۇتۇلدى.

راست سۆزلىگەن يېڭىلمەس.

راست سۆزنىڭ خىجالىتى يوق.

راست سۆز ـــ مۆتىۋەر،
قىسقا سۆز ـــ مۇختەسەر.

راست گەپ ئاڭلاي دېسەڭ،
كىچىك بالا بىلەن مۇڭداش.

راست گەپ ئالتۇنغا ئوخشايدۇ.

راست گەپ بوسۇغىدىن چىققۇچە،
يالغان گەپ يەتتە تاغدىن ئېشىپتۇ.

راست گەپ قىلساڭ ئىشەنچلىك بولىسەن.

راست گەپ قىلىپ چۈشسەڭ كىشەنگە،
يالغان سۆزلەپ يول تاپ ئۆزۈڭگە.

راست گەپكە تۆھمەت كۆپ،
يالغان گەپكە خوش - خوش.

راست گەپنىڭ تاتلىقى ئاز،
يالغان گەپنىڭ ئاچچىقى (ئاز).

راست گەپنىڭ خىجالىتى يوق،
پو گەپنىڭ ئىناۋىتى (يوق).

راست ئىش كۆمۈلمەس،
يالغان ئىش يۈرگەلمەس.

راستچىل تۈلكە بولماس،
ئادەم يېمەيدىغان يولۋاس (بولماس).

راستچىل ھۆرمەت تاپار،
يالغانچى غۇربەت (تاپار).

راستچىللىق يەتكۈزەر مۇرادقا،
يالغانچىلىق قالدۇرار ئۇياتقا.

راستچىنىڭ ئەتىۋارى بار،
يالغانچىنىڭ پەتىۋارى بار.

راستقا تىلى كەلمەس،
يالغاندا تىلى كۆيمەس.

راستلىققا زاۋال يوق،
يالغانچىغا ئامال (يوق).

راستلىقى ئاز ئىشنىڭ دوستلۇقى ئاز.

راستلىقى يوقنىڭ دوستلۇقى يوق.

راستلىق — ھەقلىق.

راستنى كۆرسە يالغان قاچىدۇ،
بۆرىنى كۆرسە تايغان (قاچىدۇ).

راستنى كۆرسە يالغان قېچىپتۇ،
يولۋاسنى كۆرسە تايغان (قېچىپتۇ).

راستنى ئېيتسام ئۇرىدۇ،
يالغان ئېيتسام تۇرىدۇ.

راستنى ئېيتقان نان يۇتار،
يالغان ئېيتقان قان يۇتار.

راستنى يالغانغا قاتما،
ئابرۇيىنى ئاقچىغا ساتما.

رەڭنىڭ قېنىقى ياخشى،
گەپنىڭ ئېنىقى (ياخشى).

رەمچىنىڭ رىمىدىن ئۆزۈڭنىڭ خىيالى دۇرۇس.

ز

زەرەرلىك راست سۆزدىن قاچ.

زەي سالماي پاختا ئېتىپتۇ.

س

ساتىراشقا كاپ كىرەك،
يالغانچىغا لاپ (كىرەك).

ساختىپەزدىن قوغۇن ئالساڭ،
ئۇرۇقى ساق چىقماس.

سەتنىڭ تارازىسى تولا،
يالغانچىنىڭ ۋەدىسى (تولا).

سەن ئىلىپتەك بولساڭ،
ھېچ بالا يوقتۇر ساڭا.

سۇنى چىم توختىتار،
يالغاننى چىن (توختىتار).

سۆز تاپالمىساڭ دوستۇڭنى ماختا.

سۆزنىڭ بېشى قاتتىق بولسا،
ئاخىرى تاتلىق بولار.

سۆزگە قارىساڭ توق،
كۆزگە قارىساڭ ئاچ.

# غ

غەيۋەت يېقىننى يات قىلار.

غەيۋەتخورنىڭ قازىنى قايىنىماس.

غەيۋەتسىز سۆز قىزىماس.

## ق

قازاننىڭ قارىسى تۇگىمەس،
يالغانچىنىڭ يالىسى (تۇگىمەس).

قۇرۇق سۆلەت،
ياغاچ پەشمەت.

قۇرۇق گەپكە قورساق تويماپتۇ.

قۇلاق ئاڭلىغان يالغان،
كۆز كۆرگەن راست.

قۇلاق ئاڭلىمىغاننى كۆز كۆرەر.

قۇلاق بىلەن كۆز تام قوشنا.

قۇلاق يالغانچىلىقتىن،
كۆزدىن ئىككىلىك كېيىن قالغان.

قۇيرۇق كۆرسىتىپ ئۆپكە سېتىپتۇ.

## ك

كەلمىگەن بۇلۇتقا چېدىر تىكمە،
ياغمىغان يامغۇرغا يېپىنچا كىيمە.

كۆردۈم دېگەن كۆپ سۆز،
كۆرمىدىم دېگەن بىر سۆز.

كۆرسە يالايدۇ،
كۆرمىسە تالايدۇ.

كۆرگەن ئاڭلىغاننى يېڭىپتۇ.

كۆرگەن يوق بولسا،
ئاڭلىغان گۇۋاھ.

كۆرگەننى كۆرمىگەن يېڭىپتۇ.

كۆز بويامچى تۇلكە بولۇر،
ئەل ئىچىدە كۇلكە بولۇر.

كۆز كۆرۈپ، قول تۇتمىغۇچە ئىشەنمە.

كۆزۈڭ بىلەن كۆرۈپ باق،
قولۇڭ بىلەن تۇتۇپ باق.

كۆلەلمىگەن ھالىڭغا ھىجايما.

كۆنلەر يالغانچى،
يىللار ئالدامچى.

## گ

گېپى چوڭنى ئىشتا سىنا،
نەپسى يامانىنى تويدا (سىنا).

گېپى چوڭنىڭ يېنى قۇرۇق.

## ل

لاي پېتىققا ئات موللاق ئاتار،
يالغان گەپتە ئادەم (موللاق ئاتار).

## م

ماختانچاق ئېلانچى مېكىيان.

ماختانچاق ــ بىكارچىغا ئويۇنچۇق.

مەدداھنىڭ ۋەزىگە ئىشەنمە،
پالچىنىڭ سۆزىگە.

مەن يالغانچى ئەمەس،
يارىغىم يالغانچى.

موزاي قوزۇققا چوڭ كەپتۇ.

مۈشۈكنىڭ گۆشكە پۇلى يەتمىسە،
روزا تۇتتۇم دەر.

مېنىشى ئۆزگەرگەن بىلەن مىجەزى ئۆزگەرمىگەن.

ھ

ھارپا كۈنى يالغان سۆزلىگەننىڭ ھېيت كۈنى يۈزى قارا.

ھارۋىكەشنىڭ جابدۇقى پۈتمەس،
قەلەندەرنىڭ قاپچۇقى (پۈتمەس).

ھەق گەپ ھېقىقەتىن قىممەت.

ھىيلىدىن ھالۋا ياساپتۇ.

ھېيلىگەردىن تۇخۇم ئالساڭ،
ئىچىدىن ئېقى چىقماس.

ھېيلىگەرنى بىر تاغار تۇزنى بىللە يېسەڭمۇ بىلەلمەيسەن.

## ئو

ئورۇنسىز ماختانساڭ بىلىڭ سۇنار.

ئورۇنلۇق سۆز ئوقتىن ئۆتكۈر.

ئون ئاڭلىغاندىن بىر كۆرگەن ئەلا،
ئون كۆرگەندىن بىر ئىشلىگەن ئەلا.

ئون پوچىدىن بىر راستچى ئەلا.

## ئۇ

ئۇسسۇل ئوينىيالمايدىغان قىزغا ئۆينىڭ تارلىقى باھانە.

# ئۆ

ئۆتكەن پىچاق قىنىغا قەست،
يالغان سۆز جېنىغا (قەست).

ئۆچكىنىڭ تورۋىسى يوق.

ئۆرۈك نەگە بارسا مېغىزى بىللە،
يالغانچى نەگە بارسا، ئېغىزى بىللە.

ئۆزى باشقا،
سۆزى باشقا.

ئۆزىنى كاتتا چاغلايدۇ،
بېلىنى يىپتا باغلايدۇ.

ئۆلۈمنىڭ پەتىسى كۆپ،
يالغانچىنىڭ ئەتىسى (كۆپ).

ئۆينىڭ تۆرى پەگاھتىن ياخشى،
راستچىل مىسكەر زەرگەردىن ياخشى.

## ۋ

ۋەدە قۇرۇق،
بىجىرىلسە ئۇلۇغ.

ۋەدىسى يەردە،
ۋاپاسى ئەرشتە.

## ئى

ئىغۋاگەرنىڭ ئۆزى يامان،
ئۆزىدىنمۇ سۆزى (يامان).

ئىككى يالغان بىر بولسا،
ئاخىرى بىرى راست چىقار.

ئىككى يالغان ـ بىر قەسەم.

## ي

ياغاچ قازاندا بىر قېتىم ئاش پىشىدۇ.

يالغان ئارىلاشقان گەپ،
چىۋىن ئارىلاشقان ئاش.

يالغان بىر پۇتلۇق،
ھەقىقەت ئىككى پۇتلۇق.

يالغان دەۋاغا ئارپا ئۇندۇرۇپتۇ.

يالغان راستتىن يېڭىلەر،
توغرا ئەلدە تونۇلار.

يالغان رىزقىڭنى قىينار.

يالغان سۆز بەلباغدەك ئۆز ئىگىسىنى باغلاپ تۇرىدۇ.

يالغان سۆز ساۋابقا يېقىن،
زىرە بىلەن قارىمۇچ كاۋابقا (يېقىن).

يالغان سۆز يانچۇققا سىغماس.

يالغان سۆزنىڭ پۇتى بولمىسىمۇ،
قانىتى بار.

يالغان سۆزنىڭ قانىتى بار.

يالغان گەپ بىلەن تاج كىيگۈچە،
راست گەپ بىلەن جان بەرگەن ياخشى.

يالغان گەپ راست گەپنىڭ شىلىمى.

يالغان گەپ سۇ يېغى.

يالغان گەپ ئۆزىدىن مەلۇم،
يالغان كۈلكە كۆزىدىن (مەلۇم).

يالغان گەپ ئۈچ قېتىم تەكرارلانسا راستقا ئايلىنىدۇ.

يالغان گەپنىڭ پەردىزى راست گەپ.

يالغان گەپنىڭ تۇۋى قاراڭغۇ.

يالغان گەپنىڭ مېزى چىقار.

يالغان گەپنىڭ ئېگىرى توقۇقلۇق.

يالغان گۇۋاھچى قاتىلدىن يامان.

يالغان مىڭ يەردە،
راست بىر يەردە.

يالغان ئېيتقان ئەر ئەمەس،
ھوسۇل بەرمىگەن يەر (ئەمەس).

يالغان ئېيتقان تۇتۇلار،
راست ئېيتقان قۇتۇلار.

يالغان ئېيتقان خۇدانىڭ دۈشمىنى.

يالغان ئېيتقان كىشىنىڭ،
خەتىرى بار ئىشىنىڭ.

يالغان ئېيتىپ پايدا كۆرسەڭ، ئاخىرى زىيان تارتارسەن،
راست ئېيتىپ زىيان كۆرسەڭ، ئاخىر پايدا كۆرەرسەن.

يالغان يا پەرزەنتكە ئۇرار،
يا دۆلەتكە (ئۇرار).

يالغان يىراققا كەتسىمۇ،
ھەقىقەت قوغلاپ يېتەر.

يالغان — باشقا تاياق،
ئاشقا سۆڭەك.

يالغانچى بولغۇچە گاچا بول.

يالغانچى تۆرگە بىر قېتىم چىقار.

يالغانچى تۆرگە بىر ئۆتەر،
ئىككىنچى ئۆتمەس.

يالغانچى دوست دۇشمەندىن يامان.

يالغانچى دوست ئېشىكىگە كېلەر،
راستچىل دوست ئىشىكىگە (كېلەر).

يالغانچى قوشنىغا ئۇرۇپ گەپ تاپار.

يالغانچى كۆلپەتتىن قۇتۇلماس.

يالغانچى گۆھەرنى خار قىلار.

يالغانچى لاپ ئۇرسا،
ياندداقچى داپ ئۇرار.

يالغانچى ئۆلۈكنى گۇۋاھلىققا كۆرسىتەر.

يالغانچى يالچىماس،
ئوغرى بېيىماس.

يالغانچى يېرىلىپ ئۆلەر.

يالغانچىدا ئىمان يوق،
بېخىل ئۆيدە مېھمان (يوق).

يالغانچىدىن شان قالماس،
نامىدىن نىشان قالماس.

يالغانچىغا ئالدانساڭ قۇرۇق تۆھمەتكە قالۇرسەن.

يالغانچىغا تاڭ ئاتماس.

يالغانچىغا داۋا يوق.

يالغانچىغا قوشۇلما،
راست سۆزۈڭنى يوشۇرما.

يالغانچىلىقتىن ئاچلىق ياخشى.

يالغانچىلىقنىڭ يولى مىڭ،
راستچىللىقنىڭ يولى بىر.

يالغانچىنى سۆزىدىن بىل،
بىلەلمىسەڭ كۆزىدىن (بىل).

يالغانچىنىڭ ئەتىسى تۈگىمەس،
قەسەم بىلەن ۋەدىسى (تۈگىمەس).

يالغانچىنىڭ پوقىنى يېگەن قاغا ئۈن يالغان قاقىلدار.

يالغانچىنىڭ پوقىنى يېگەن ئىتمۇ قىرىق كۈن يالغان قاۋار.

يالغانچىنىڭ تىلى قىسقا.

يالغانچىنىڭ چىرايلىق سۆزىدىن،
گاچىنىڭ گۈڭگىرىشى ياخشى.

يالغانچىنىڭ راست سۆزىمۇ يالغان بىلىنەر.

يالغانچىنىڭ رىزقى قىسقا،
ئۆمرى كوتا.

يالغانچىنىڭ قۇيرۇقى بىر تۇتام.

يالغانچىنىڭ گەندىسىنى يېگەن ئىتمۇ يالغان قاۋايدۇ.

يالغانچىنىڭ گۇۋاھچىسى تەييار.

يالغانچىنىڭ گۇۋاھچىسى كۆپ،
ئىزدىسە بىرسىمۇ تېپىلماس.

يالغانچىنىڭ گۇۋاھى ــــ قەسەم.

يالغانچىنىڭ ئۆيىگە ئوت كەتسە،
كىشى ئىشەنمەس.

يالغانچىنىڭ ئۆيىگە ئوغرى كىرسە،
ھېچكىم ئىشەنمەس.

يالغانچىنىڭ ۋەدىسى ئىشىكتىن چىققۇچە.

يالغانچىنىڭ ئىشى پۈتمەس،
ياز كەتسە قىشى (پۈتمەس).

يالغانچىنىڭ يارىسى مىڭ،
ئالدامچىنىڭ ھىيلىسى (مىڭ).

يالغانچىنىڭ يالغىنى تولا،
بەرگىنىدىن ئالغىنى (تولا).

يالغانچىنىڭ يالغىنى چىققۇچە قوغلا.

يالغانغا زاۋال يوق،
راستقا ئارام (يوق).

يالغاننى دەپ ئاش يېگۈچە،
راست گەپ قىلىپ مۈشت يە.

يالغاننىڭ پۇتۇنىدىن راستنىڭ سۇنۇقى ئەۋزەل.

يالغاننىڭ ئۆمرى ئۈچ كۈن.

ياۋ مىكرىنى يالغان يوشۇرار.

ياۋا دەرەخنىڭ شېخى تولا،
يالغانچىنىڭ گېپى (تولا).

ياۋنىڭ ھىيلىسىنى يالغان يوشۇرار.

يوق چاغدا يوغان گەپ.

يوق چېغىڭدا گېپىم ئەگرى ـ دوناي،
بار چېغىڭدا قۇش بولۇپ قولۇڭغا قوناي.

يۈزگە ئېيتقاننىڭ زىيىنى يوق.





# ئادىمىيلىك، ئۆزىنى بىلىش توغرىسىدا

# ئا

ئات ئايغى بىلەن تاپار،
ئادەم ئەقلى بىلەن (تاپار).

ئات كۆتۈرسەڭ ياخشى بىلەن كۆتۈر،
سۇ كۆتۈرسەڭ بالداق بىلەن (كۆتۈر).

ئاتنىڭ قېشىدا تۇرغان ئاتنىڭ خۇيىنى ئالار،
ئېشەكنىڭ قېشىدا تۇرغان ئېشەكنىڭ خۇيىنى (ئالار).

ئاداشقانغا يول كۆرسەت.

ئادەم ئادەم يېنىدا بولسا ئادەم خۇيىنى ئالار،
هايۋان يېنىدا تۇرسا هايۋان خۇيىنى ئالار.

ئادەم ئادەمگە ئامانەت،
جان تەنگە (ئامانەت).

ئادەم ئالدىنىدۇ مالغا،
قۇش ئالدىنىدۇ دانغا.

ئادەم ئەپتىدىن مەلۇم،
ئوت تەپتىدىن (مەلۇم).

ئادەم ئەتكەنگە تەزىم ئەت،
ھالال تېپىپ لازىم ئەت.

ئادەم ئەسكى ئەمەس، چاپان ئەسكى.

ئادەم ئەلدە ياخشى،
ئۆردەك كۆلدە ياخشى.

ئادەم بار يەردە بازار بار،
بازار بار يەردە مازار بار.

ئادەم بارغۇچە، لەيلىقازاق توزۇپتۇ.

ئادەم بالىسى دۇكان كۆرمىگۈچە ئادەم بولماس.

ئادەم بالىسىنى باقساڭ ئاغزى ـ بۇرنۇڭنى قان ئېتەر،
ھايۋان بالىسىنى باقساڭ ئاغزى ـ بۇرنۇڭنى ياغ ئېتەر.

ئادەم بولساڭ ئالەم سېنىڭكى.

ئادەم بولغان ئادەمدە، مىڭ كىشىنىڭ ئىشى بار.
ئادەم بولمىغان ئادەمدە، كىمنىڭ نېمە ئىشى بار؟

ئادەم بولمساڭ ئەقلىڭ بىلەن،
ئەخمەق بولىسەن ساقلىڭ بىلەن.

ئادەم بۆرىنى تونۇغان بىلەن، بۆرە ئادەمنى تونۇمايدۇ.

ئادەم بىر بۇغداي بىلەن ئورۇقلايدۇ،
بىر بۇغداي بىلەن سەمرىيدۇ.

ئادەم بىر كۆڭلەك ئىچىدە نەچچە ئورۇقلاپ، نەچچە سەمرىيدۇ.

ئادەم بىلگەننى ئوقۇيدۇ،
توخۇ كۆرگەننى چوقۇيدۇ.

ئادەم بىلىمى دۆلەت،
بىلىمسىزلىك قۇرۇق سۆلەت.

ئادەم تاشتىن قاتتىق، گۈلدىن نازۇك.

ئادەم تاماقنى يەيدۇ،
ئارتۇق كەلگەن تاماق ئادەمنى يەيدۇ.

ئادەم تەمى سۆز بىلەن،
ئاشنىڭ تەمى تۇز بىلەن.

ئادەم تۇگەيدۇ،
ئالەم قالىدۇ.

ئادەم تىلى بىلەن تاش يارار.

ئادەم تىلىدىن كېتەر،
هايۋان گېلىدىن (كېتەر).

ئادەم دوستى بىلەن،
دەرەخ پوستى بىلەن.

ئادەم راستچىللىقى بىلەن كۆچلۈك.

ئادەم سۇنى پاسكىنا قىلسىمۇ،
سۇ ئادەمنى پاكىز قىلىدۇ.

ئادەم سۆيگەننى ئالەم سۆيەر.

ئادەم غەمدە قېرىيدۇ،
تام نەمدە (قېرىيدۇ).

ئادەم غەمنى يېمەيدۇ،
غەم ئادەمنى يەيدۇ.

ئادەم قېرىسا كۆڭلى قېرىماس،
سۆگەت قېرىسا يىلتىزى (قېرىماس).

ئادەم قىممىتى سۆز بىلەن،
ئاش قىممىتى تۇز بىلەن.

ئادەم كۆپ جايدا سۆز تولا،
قارايدىغان كۆز (تولا).

ئادەم كۆپ يەردە ئاش هارام،
موللا كۆپ يەردە گۆش هارام.

ئادەم كۆرگىنىگە ئىشىنىدۇ،
هايۋان يېگىنىگە ئىشىنىدۇ.

ئادەم لەۋزى مىڭ تىللاغا ئەرزىيدۇ.

ئادەم ماڭمىغان يول يامان،
ئىگىسى چىقمىغان سۆز يامان.

ئادەم ھاياسى بىلەن،
ھايۋان باھاسى بىلەن.

ئادەم ئوخشىمىسمۇ خۇي - پەيلى ئوخشىماس.

ئادەم ئۆلتۈرگەن ئادەم قولىدا ئۆلىدۇ.

ئادەم ئېغىلدا ياشىسا،
ھايۋاننىڭ خۇيىنى ئالار.

ئادەم ئىللەتسىز بولماس.

ئادەم يۈزىدىكى داغنى ئۆزى كۆرەلمەيدۇ.

ئادەم يۈزىنى ئاايدۇ،
دەرەخ قوۋزىقىنى (ئاايدۇ).

ئادەم — تۆمۈر،
تائام — پولات.

ئادەمدىن ھايا قاچسا، بالاسى بىللە.

ئادەمدىن ھايا كەتسە،
ئورنىغا بالا كېلەر.

ئادەمگە ئادەم كېرەك.

ئادەمگە شەپقەت قىلساڭ سۆيۈنۈپ كېتەر،
ھايۋانغا شەپقەت قىلساڭ تويۇنۇپ تېپەر.

ئادەمنى بىلمەكچى بولساڭ ئۇنى گەپكە سال.

ئادەمنى بىلىم يورۇتار،
ئالەمنى قۇياش (يورۇتار).

ئادەمنى غەم يەيدۇ،
تۆمۈرنى نەم يەيدۇ.

ئادەمنى كۆزدىن يوقىتىش ئاسان،
كۆڭۈلدىن يوقىتىش تەس.

ئادەمنى ئۆتكۈر قىلغان ئاڭ،
قىلىچنى ئۆتكۈر قىلغان گاڭ.

ئادەمنىڭ ئادەمدىن پەرقى بار،
چەكمەننىڭ ماتادىن پەرقى (بار).

ئادەمنىڭ ئالدى گۈل، كەينى تىكەن.

ئادەمنىڭ ئالىسى ئىچىدە،
ھايۋاننىڭ ئالىسى تېشىدا.

ئادەمنىڭ ئەقلى بولمىسا،
كۆز دېگەن تام تۆشۈكى.

ئادەمنىڭ بويىغا قارىغۇچە، خۇيىغا قارا.

ئادەمنىڭ بېشى قورساقتا،
ئاتنىڭ بېشى تۇياقتا.

ئادەمنىڭ توغرىسى ياخشى،
ئورغاقنىڭ ئەگرىسى (ياخشى).

ئادەمنىڭ تېشىغا باقماي، ئىچىگە باق.

ئادەمنىڭ جېنى قاش بىلەن كىرپىك ئارىسىدا.

ئادەمنىڭ چوڭىدىن قورقماي، توڭىدىن قورق.

ئادەمنىڭ دېگىنىگە قارىماي، قىلغىنىغا قارا.

ئادەمنىڭ ساددىسىدىن،
ئېشەكنىڭ مادىسى ياخشى.

ئادەمنىڭ سۆزى سالماقلىقتا،
ئىتنىڭ سۆرى باغلاقلىقتا.

ئادەمنىڭ سىنالغىنى ياخشى،
ئالمىنىڭ قىزارغىنى (ياخشى).

ئادەمنىڭ قەدرى بىلىمىگە قاراپ،
قوغۇننىڭ قەدرى بېقىمىغا قاراپ.

ئادەمنىڭ قولى ئۇزارسا ئۆمرى قىسقىرىدۇ.

ئادەمنىڭ قىممىتى ئۆزىدە،
ئۇزۇكنىڭ قىممىتى كۆزىدە.

ئادەمنىڭ كۆڭلىنى كۆز ئاچار،
دانانىڭ كۆڭلىنى سۆز (ئاچار).

ئادەمنىڭ كۇنى كۆپ بىلەن،
ھايۋاننىڭ كۇنى چۆپ بىلەن.

ئادەمنىڭ لەۋزىگە باقماي، ھەرىكىتىگە باق.

ئادەمنىڭ ھۆرمىتى ئۆز قولىدا.

ئادەمنىڭ ئۆزى بارمىغان يەرگە يۈزى بىرىپتۇ.

ئادەمنىڭ ئېسىلى ئۆلگەندە بىلىنەر،
ئاتنىڭ ئېسىلى مىنگەندە (بىلىنەر).

ئادەمنىڭ يېتى يوق،
ئالتۇننىڭ دېتى (يوق).

ئادىل ئادەمنىڭ قولى تارازا.

ئادىل بولساڭ ئادەم بولىسەن.

ئادىمى يوق بازاردىن،
توغى يوق مازار ياخشى.

ئاسمانغا تۈكۈرسە يۈزىگە چۈشىدۇ.

ئاش بەرگەنگە مۇشت بەرمە.

ئاش ئۆتنە، ئىش لاپقۇت.

ئالتۇن پوققا چۈشسىمۇ پارقىرايدۇ.

ئالتۇن تاپماق ئوڭاي،
سىرداش تاپماق تەس.

ئالتۇن ساپ بولماس،
ئادەم مۇكەممەل (بولماس).

ئالتۇن ئوتتا تاۋلىنار،
ئادەم مېھنەتتە (تاۋلىنار).

ئالتۇن ياتىدۇ سايدا،
تونۇمىساڭ نېمە پايدا.

ئالتۇن يەردە قالماس،
يامان ئەلگە پاتماس.

ئالتۇنغا پەرداز كەتمەس.

ئالتۇننى بىلىش ئوڭاي،
ئادەمنى بىلمەك تەس.

ئالتۇننىڭ هوردا مىس پارقىراپتۇ.

ئالىم بولماق ئاسان،
ئادەم بولماق تەس.

ئاۋۋال ئادەم بول،
ئاندىن ئۆيلۈك بول.

ئاي كېچىدە كېرەك،
ئادەمگەرچىلىك ئەل ئىچىدە كېرەك.

## ئە

ئەبلەخكە جاۋاب — جىملىقتۇر.

ئەخلاقى بۇزۇقلا چايان دوست.

ئەسكى بىلەن گەپ تالاشقۇچە،
ئىت بىلەن سۆڭەك تالاش.

ئەسكى بىلەن ئىلىشساڭ، ئىسىڭ كېتەر.

ئەسكىگە ئۆلۈم يوق،
ياخشىغا كۆرۈم (يوق).

ئەسكىلىك قىلاي دېسە،
ئىشەك تېزىكى دالدا بولۇر.

ئەسكىلىككە دەسمايە كېرەك ئەمەس.

ئەسكىلىكنى ئەل بىلەر.

ئەسكىنىڭ دىلى — جىن،
تىلى — ئالۋاستى.

ئەسكىنىڭ يېنىدىن ئۆتتۈپتۇ،
ياخشىنىڭ جېنىدىن (ئۆتتۈپتۇ).

ئەسلەش ئادەمگە خاس،
ئۇنتۇش ھايۋانغا (خاس).

## ب

باشقىلارغا جىگدە ئىرغىتىپ بېرىپ، ئۆزى قۇرۇق قاپتۇ.

بەردىڭ — پۇتتۇڭ،
ئالدىڭ — ئۇتتۇڭ.

بەل ئالدىغا ئېگىلەر،
ئارقىغا ئېگىلمەس.

بۆرىدىن قورقماي، پارىخوردىن قورق.

بېشىڭ كۆككە تاقاشسا،
خەلقىڭنى يۆلتۈز بىل.

بىر كىشى ياققان ئوت،
يۈز كىشىنى ئىسسىتار.

بىكارغا يېگەن تېز ئۆلەر.

## پ

پارا يەپ بەگ سەمرىپتۇ.

پارا يەپ ئۆلگۈچە قۇسۇپتۇ.

پارا يېگەن پات يوقىلار.

پارا يېگەن كىشىنىڭ قۇرت يەيدۇ چىشىنى.

پارىخور تۇتار مەنسەپ،
پۇقرانىڭ بېشىغا دەسسەپ.

پارىخور ــ تەمەخور،
خىيانەتچى ــ گۇمانخور.

## ت

تاپقىنى قوي ئۆلتۈرەر،
تاپالمىغىنى بىر باش پىياز.

تارازا تۇتقاندا ئىنسابىڭنى تارتىپ كۆر.

تەربىيەسىز ئادەم — جېنى يوق بەدەن.

توخۇ سەمرىسە تۇغمىقى تەس،
ئادەم سەمرىسە قوپمىقى تەس.

توغرا ئادەم سايىسىنىڭ ئەگرىلىكىدىن قورقماپتۇ.

تىلىم پاكىز تۇرسۇن دېسەڭ،
رەقىبىڭنىڭ ھالۋىسىنى يېمە.

## ج

جاھاندا بار بولساڭ يار بول.
جاي بەرگەنگە جان بەر.

## چ

چاپىنىغا قارىماي، ئادىمىگە قارا.

چاشقان باقساڭ،
تاغىرىڭ تۆشۈك بولۇر.

چاشقاننىڭ ئۆلگۈسى كەلسە،
مۈشۈكنىڭ قۇيرۇقىنى چىشلەر.

چاقىرغان يەردىن قالما،
چاقىرمىغان يەرگە بارما.

چەتتە ئىشلە، ئۆيدە يە.

## د

داناغا قول بەر،
ئۆزۈڭدىن چوڭغا يول (بەر).

دەرەخ ئۇچىدىن قۇرىيدۇ،
ئادەم ئىچىدىن قۇرىيدۇ.

دەرەخ يەرنىڭ زىننىتى،
كىيىم ئادەم زىننىتى.

دەرەخ يىلتىزى بىلەن چىڭ،
ئادەم ھۈنىرى بىلەن (چىڭ).

دەرەخ يىلتىزىدىن كۆكلەر،
ئادەم ئەقلىدىن (كۆكلەر).

دۇنيا كېتىدۇ، ئادەم قالىدۇ.

دېڭىزنى بىلەي دېسەڭ، بېلىقچىدىن سورا،
ئۆزۈڭنى بىلەي دېسەڭ، ئۆزگىدىن (سورا).

دىيانەت بار يەردە خىيانەت يوق،
خىيانەت يوق يەردە جىنايەت يوق.

ر

رەزىللىك ـــ ئاجىزلارنى بوزەك قىلىشتۇر.

رەھىمسى يوق ئادەمدىن،
رەھىمسى بار ئىت ياخشى.

## ز

زىنهار، سىنىڭكىنىمۇ چىكىدىغان چىقار.

## س

ساپ ئادەم ھەقنى سۆزلەيدۇ،
ناباب ئادەم نەپنى كۆزلەيدۇ.

ساپاسى يوقنىڭ ۋاپاسى يوق.

سالام بەرمەك پەرز،
ئىلىك ئالماق قەرز.

سالام قىلمەن دىگەن سالامسىزنىڭ گىپى.

ساۋاتسىز ئادەم قەلەمدىن قورقىدۇ.

سوراقچىنىڭ گىلىنى ياغلاپ قويسا ــ سوتلىيالماس.

## ش

شەپقەتسىز چىرايلىق بولغۇچە، مېھرىبان سەت بول.

## غ

غادايغانغا غاداي بېشىڭ كۆككە يەتكۈچە،
ئېگىلگەنگە ئېگىل بېشىڭ يەرگە تەگكۈچە.

غەرەز بىلمىگەندىن دوزاخ قاچىدۇ.

غۇرۇرۇڭنى يوقاتساڭ ھەممىنى يوقىتارسەن.

## ق

قەھەتچىلىك بولسا ساتقۇچىدا ئىنساب بولماس،
ئەرزانچىلىق بولسا ئالغۇچىدا ئىنساب (بولماس).

قىمارۋازنىڭ ئالدىدا پۇلنىڭ قەدرى يوق.

# ك

كەمتەر بولساڭ ئالقىش تاپىسەن،
تەكەببۇر بولساڭ قارغىش (تاپىسەن).

كۆتى ياغلانغان ئىشەك كوچىدا ھاڭرىيالماس.

كىشى چايناپ بەرگەن ناننىڭ تەمى بولماس.

كىشى قايغۇسى ئىشەكتە،
ئۆز قايغۇسى يۈرەكتە.

كىشى نان تەڭلىسە يېمەيمەن دېمە،
قولۇڭغا ئال، يېمىسەڭ يېمە.

كىشى نېمىنى بىلمىسە شۇنىڭدىن قورقار.

كىشىدىن ھايا كەتسە،
ئورنىغا بالا كېلەر.

كىشىگە قەست قىلغان ئۆزىنى پەس قىلار.

كىشىگە قىلغان كىشىدە قالماس.

كىشىگە قىلغان ئۆزىگە يانار.

كىشىنى ئالدىغان ئۆزىنى ئالداپتۇ.

كىشىنى بىلگەن ئاقىل،
ئۆزىنى بىلگەن دانا.

كىشىنى خار قىلغان ئۆزىنى خار قىلار.

كىشىنى قاقشاتقان،
قاقشىماي ئۆلمەس.

كىشىنىڭ ئاغزىغا قارىغان ئاچ قالار.

كىشىنىڭ ئەيىبىنى ئاچما،
ئۆزۈڭنىڭ ئەسكىلىكىدىن قاچما.

كىشىنىڭ ئەيىبىنى ماڭا دېگەن،
مېنىڭ ئەيىبىمنىمۇ كىشىگە دەر.

كىشىنىڭ بەرگىنى يىللىق بولماس.

كىشىنىڭ پەزىلىتى تىلىدىن بىلىنەر.

كىشىنىڭ پۇلىدا باي بولماڭ،
ئاخىرىدا لاي (بولماڭ).

كىشىنىڭ روھى چۈشسە، ئېتى چاپالماس.

كىشىنىڭ رىزقىنى كىشى يېيەلمەس.

كىشىنىڭ كۆڭلىنى كىشى ئالالماس.

كىشىنىڭ ھەققى ياماندىن ـ يامان.

كىشىنىڭ ئۆچى كىشىدە قالماس.

كىشىنىڭ ئۆيىگە كىشى كىرەر،
تەڭ كۆرمىسە كىم كىرەر؟

كىشىنىڭ يامان كۆڭلى ئۆزىگە زەھەر.

كىم گۇناھ قىلسا ئۆزى تارتىشار.

كىمكى قىلسا يامانلىق،
تۇرار جايى سامانلىق.

## گ

گاژگۇن بىلەن گەپ تالاشما،
ئىت بىلەن سۆڭەك (تالاشما).

گاس دەپ غەيۋەت قىلما،
قارىغۇ دەپ خىيانەت (قىلما).

گەپ ياشتا ئەمەس، باشتا.

گەپدان بولغىچە، ئىشچان بول.

گۈل كۆرۈنەر كۆزىگە.

## ل

لام ئېلىپتەك ئەگرى بولساڭ، ھەر بالا باردۇر ساڭا،
ئەگەر ئېلىپتەك تۈز بولسا، ھېچ بالا يوقتۇر ساڭا.

لاۋا ـ لاتقا ئەخلەتچىنىڭ ئىشى،
تەكەببۇرلۇق ئەخمەقنىڭ (ئىشى).

لەۋزىدە تۇرمىغاننىڭ ئىناۋىتى يوق.

## م

مەدەنىي بولاي دېسەڭ شەھەر كۆر،
ئادىمىي بولاي دېسەڭ سەھرا (كۆر).

مۇلايىملىقتىن بەخت كېلۇر،
مەردانىلىكتىن تەخت (كېلۇر).

مۇناپىقنىڭ ئىبادىتىدىن،
پاسىقنىڭ خۇشامىتى ياخشى.

مېنىڭ ئىشىم سەن بىلەن،
سېنىڭ ئىشىڭ كىم بىلەن.

مېھمان ئىززىتى كۆرپىدە،
ئادەم ئىززىتى تۆھپىدە.

ن

نائەھلىگە قەرزدار بولما،
ناتونۇشقا ھەمراھ بولما.

نائەھلىگە ئىشلىگەندىن،
ئەھلىنىڭ ئاغزىدا چىشلەن.

ناباب شاگىرت ئۇستىغا يۇك.

ناپاك ھەمدەملىككە يارىماس.

نەشتىرى بارلار بىر - بىرىنى چېقىشمايدۇ،
ئادەملەر بىر - بىرى بىلەن چىقىشمايدۇ.

ھ

ھالال يېسەڭ بولۇرسەن ئامان.

هايۋان تۇيىقىدىن قېرىيدۇ،
ئادەم قولىقىدىن (قېرىيدۇ).

هايۋان ئۈركۈسە ئوزار،
ئادەم ئۈركۈسە بوزار.

ھەر تىرىك جان قىلسا ھەرىكەت،
ھەرىكىتىدىن تاپار بەرىكەت.

ھەركىشى بارغا باتۇر.

ھەركىشى ئۆز غېمىدە،
كور كىشى كۆز غېمىدە.

ھەركىشى ئۆز ئېلىدە ئەتىۋار.

ھەركىشىنىڭ ئۆزىگە،
ھەركىم بېشىغا كەلگەندە باتۇر.

ھەركىم قىلسا ئۆزىگە قىلار.

ھەركىم قىلسا يامانلىق،
ھەرگىز تاپالماس ئامانلىق.

ھەركىم ھەرنېمە دەيدۇ،
بېشىغا كەلمىسە بىلمەيدۇ.

ھەركىم ھەرنېمە دەيدۇ،
دەرد كەلمىسە بىلمەيدۇ.

ھەركىم ئۆز ئەيىبىنى بىلمەس.

ھەركىم ئۆز بويىغا چاغلاپ كېيىنەر.

ھەركىم ئۆز تەقدىرىنىڭ تۆمۈرچىسى.

ھەركىم ئۆز غېمىدە،
قېرى قىز ئەر غېمىدە.

ھەركىم ئۆز كەسپىنىڭ ئۇستازى.

ھەركىم ئۆز كۆمىچىگە چوغ تارتىدۇ.

ھەركىم ئۆز ئۆلۈكى ئۈچۈن يىغلار.

ھەركىم ئۆز ئۆيىدە پادىشاھ.

ھەركىم ئۆز يىغىسىنى يىغلايدۇ.

ھەركىم ئۆزىگە پادىشاھ.

ھەركىم ئۆزىگە چىرايلىق.

ھەركىم ئۆزىنىڭ دەردىنى سۆزلەيدۇ.

ھەركىمنىڭ بالىسى ئۆزىگە ئۈز.

ھەركىمنىڭ چىرىغى ئۆز ئۆيىنى يورۇتىدۇ.

ھەركىمنىڭ دەردى ئۆزى ئۈچۈن تۆگىدىن يوغان.

ھەركىمنىڭ رىزقى ئۆزى بىلەن.

ھەركىمنىڭ سۆزى ئۆزىگە راست.

ھەركىمنىڭ قىممىتى ئۆز قولىدا.

ھەركىمنىڭ ھوسۇلى ھەرىكىتىگە باغلىق.

ھەركىمنىڭ ئۆيى بۆلەك، گۆرى باشقا.

ھەركىمنىڭ ئېغىرىنى ئىككى پۇتى كۆتۈرەر.

## ئو

ئوبداندىن نام قالىدۇ،
ئەسكىدىن داغ (قالىدۇ).

ئوتنىڭ ئەسكىسى بۇدۇشقاق،
ئادەمنىڭ ئەسكىسى ئۇرۇشقاق.

ئوچىقىڭ ئۆرۈلسە، قولۇڭدىن كۆر،
بېشىڭغا بالا كەلسە، تىلىڭدىن كۆر.

ئون قېتىم ئويلا،
بىر قېتىم سۆزلە.

ئون كۈن ئاچ قالساڭمۇ بىر كۈن نومۇس ساقلا.

# ئۆ

ئۆز قايغۇسىنى يىگەندىن ۋاپا كۈتمە.

ئۆزگىگە ئۆگەت، ئۆزۈڭ ئۆگەن.

ئۆزۈڭ رۇس بولساڭ، سايەڭمۇ رۇس بولىدۇ.

ئۆزۈڭدىن كۈلسەڭمۇ، خەقتىن كۈلمە.

ئۆزۈڭگە يامان تەگكەن ئىشنى باشقىلارغا قىلما.

ئۆزىنى سورىغان قازىنىڭ ئالدىغا بارماپتۇ.

# ئۇ

ئۇزۇمىنى يە،
سېپىنى سورىما.

ئۇسكەك ئۆكۈزنىڭ مۈڭگۈزى كېسىك.

## ۋ

ۋەدىگە قىلساڭ خىيانەت،
يىراق كېتەر دىيانەت.

ۋىجدانلىق ئادەم ئەلەمدىن قورقىدۇ.

## ئې

ئېشىنى يەپ تاۋىقىنى چېقىپتۇ.

ئېشىنى يېگەننىڭ تىلى قىسقا.

ئېغىز يېسە، يۈز ئۇيىتار.

ئېگىز ئادەم ئەخمەق،
پاكار ئادەم چاقماق.

## ئى

ئىرادىلىك ئادەم ــ گۈل ئادەم،
ئىرادىسىز ئادەم ــ كۈل ئادەم.

ئىككى ياخشى بىر بولسا تىنچلىق تىلەيدۇ،
ئىككى يامان بىر بولسا پىچاق بىلەيدۇ.

ئىگىسىنى سىغىنساڭ،
ئىتىغا سۆڭەك سال.

ئىنساب بار يەردە بەرىكەت بار.

ئىنساب قازاننىڭ تۈۋىنى تېشىپتۇ.

ئىنساب قىلساڭ كېلۇر قەنت - گېزەك،
نائىنسابتىن قاچۇر توك تېزەك.

ئىنساب يۈزى بىلەن،
دەرەخ پوستى بىلەن.

ئىنسابسىز پۇلغا تويماس،
نومۇسسىز خوتۇنغا (تويماس).

ئىنسابسىزدىن جىن قورقار.

ئىنسابسىزدىن ئىتمۇ قورقىدۇ.

ئىنسابسىزغا قوشۇق بەرسە،
يەتتە قېتىم ئوتلاپتۇ.

ئىنسابلىقنىڭ دىلى ساپ.

ئىنسابى يوق بالا،
سۈتى يوق كالا.

## ي

ياخشى ئاتقا ئۆيۈڭنى سات.

ياخشى ئادەم ياخشى بولماس،
سۈناي ئۈنى ناخشا (بولماس).

ياخشى ئادەمدىن ئات قالار،
يامان ئادەمدىن داد (قالار).

يېگەننىڭ تىلى قىسقا،
ئالغاننىڭ قولى قىسقا.

ياخشى بىلەن دوست بولساڭ، ئېچىلار چېچەكلىرىڭ.
يامان بىلەن دوست بولساڭ، يىرتىلار ئېتەكلىرىڭ.





ئوي - خىيال، تەپەككۇر، مۇھەببەت -
نەپرەت، غەيرەت - جاسارەت،
ئارزۇ - ئىستەك، تۇرمۇش
ئەمەلىيىتى توغرىسىدا

# ئا

ئاپتاپ چىقىپ يامغۇر ياغقاندىن قورق،
كۈلۈپ تۇرۇپ ئاچچىقلىغاندىن (قورق).

ئات كەينىگە مىنگەشمە،
مىنگەشكەندىن كېيىن ۋاي دېمە.

ئات يىقىلماي يول تاپماس.

ئاتتىن يىقىلدىڭ ـــ پاختىغا يىقىلدىڭ،
ئېشەكتىن يىقىلدىڭ ـــ تاختىغا يىقىلدىڭ.

ئاتىسى ئۆلگەن يىلاننىڭ يەتتە يىل بېشى ئاغرىپتۇ.

ئاتىنىڭ بىلىكى كۈچلۈك،
ئانىنىڭ تىلىكى (كۈچلۈك).

ئاچچىق بىلەن چۈچۈكنى تېتىغان بىلەر،
يىراق ـ يېقىننى ماڭغان (بىلەر).

ئاچچىق تاتلىقتا دۈشمەن،
گۇمان شادلىقتا (دۈشمەن).

ئادەم ئادەمنى كۆرسە تېتىلۇر،
ئۇزۇم ئۇزۇمنى كۆرسە چېكىلۇر.

ئادەم ئويغا تويماس،
بۆرە قويغا (تويماس).

ئادەمنىڭ كىچىكى بولغۇچە،
ئىتنىڭ كۈچۈكى بول.

ئاران تاپقان چىيىمنى پېشىم تېگىپ ئۆرۈۋەتتى.

ئارزۇغا ئەيىب يوق.

ئارمانغا تۇشلۇق دەرمان يوق.

ئاز كۆرگەن كۆپ تېڭىرقار.

ئاش قەدرىنى يېگەن بىلمەس، تاپقان بىلۇر.

ئاق كۆرۈنگەننىڭ ھەممىسى قار ئەمەس.

ئاكاڭ كىمنى ئالسا يەڭگەڭ شۇ.

ئالاي دېسەڭ پۇچۇق كوزىنىڭمۇ ئىگىسى بار.

ئالتە موللام بىر بولسا،
ھەرەم كۆزدىن غايىب بولار.

ئالتۇن ئالتىندا بولۇر،
قازساڭ قوينۇڭدا (بولۇر).

ئالدىراپ ئىشلىگەن كىچىك بالىنىڭ ئىشى،
ئالدىرىماي ئىشلىگەن تەدبىرلىك كىشى.

ئالدىرىغانغا ئىشتان پۇتلىشار.

ئالدىڭغا قاراپ پىكىر قىل،
ئارقاڭغا قاراپ شۈكۈر قىل.

ئالما يەپ دەرد تارتقۇچە،
ئۆرۈك يەپ ئۆلگەن ياخشى.

ئالىمەن دېگەن قولىدىن تارتىپ ئالۇر.

ئانىسىنى خارلىغان يارغا بېسىلىپ ئۆلەر.

ئە

ئەتىگەنلىك كۈن نۇرى ئىسسىق بېرەلمەس،
بىردەملىك راھەت بەخت بېرەلمەس.

ئەتىۋارلىق كۆچۈك ئىگىسىز قاپتۇ.

ئەخمەق ئەلچى ئىش بۇزار،
يامان ئادەم يۇرت (بۇزار).

ئەر — ئوت،
خوتۇن — سۇ.

ئەسكىنىڭ دىلى جىن،
تىلى ئالۋاستى.

ئەسكىنىڭ ھالى يامان،
ناسىلقىنىڭ مانجۇسى (يامان).

ئەگرى تاياق قاڭشار يارار.

ئەل باسمىغان يەردە كۆپ يۈرسە يول بولۇر.

ئەل خارلىغاننى دۈشمەن خارلار.

ب

باراڭغا چۈشكەن قاپاقنىڭمۇ ئۆزىگە تۇشلۇق ھالى بار.

بارىنى ئوغرى ئالدى،
قالغىنىنى قاراقچى (ئالدى).

بالىنىڭ ئىشى ئىش بولماس،
ئوغلاق مۈڭگۈزى شىش (بولماس).

بامدات ئۆتەر ھەر كىشى،
خۇپتەن ئۆتەر ئەر كىشى.

بەگ بىلەن ئېلىشما،
دەرەخ بىلەن چېلىشما.

بەل باغلىغان يول تاپار.

بەندە تىلىمەس،
خۇدا بەرمەس.

بۇرنىغا يېمىگۈچە،
موللا بولماس.

بېگىم ئاتنى توقۇك دەيدۇ،
خېنىم يېلىمنى سوقۇك دەيدۇ.

بىچارىگە رەھىم قىلساڭ،
چىققان دۆۋەڭ ئېگىز بولغاي.

بىر ئارزۇدىن ئون ئارزۇ تۇغۇلار.

بىر زىياننىڭ بىر ساۋىقى بار.

بىر قولۇڭغا ئوت ئال،
بىر قولۇڭغا سۇ (ئال).

بىر ئوي ئون ئوينى تۇغدۇرار.

بىر ئىت كۆرۈپ قاۋىسا،
مىڭ ئىت كۆرمەي قاۋار.

بىر يىلاننى توغرىسا،
ئۈچ كەسلەنچۈك بولۇر.

بىكار مانتا بەرسە پىيىزى گىچىلداپتۇ.

بىلىمگە بىقىپ دۆرۆت،
ساقالغا بىقىپ بۆرۆت.

## پ

پوستى يوق پىياز بولماس،
دوستى يوق ئادەم (بولماس).

پۇتاقلىق دەستە پۇختا بولار.

## ت

تازنىڭ كۆزى چاچتا،
قىزنىڭ كۆزى قاشتا.

تاش مېۋىلىك دەرەخكە ئېتىلار.

تاشمۇ تاش،
گۆھەرمۇ تاش.

تام ئىچىدە ئېچىلغان گۈل،
تام تېشىنى قىزارتىپتۇ.

تەسۋىنىڭ يىپى بولار،
ھەر ئىشنىڭ ئېپى (بولار).

تەمەخور كىشىدىن ئېشەك ياخشى.

توخۇ ئۆچسا شاخقا قونار،
لاچىن ئۆچسا تاغقا (قونار).

توشقان تېرىسى ئۈچ كۈن چىدار.

توشقاننىڭ تىرنىقى تاشقا مىخ قاقار.

توكۇر ئېشەكتىن بىكار ئېشەك ئوت تىلەر.

تۇخۇم ئوغرىلىغان توخۇنىمۇ ئوغرىلار.

تۇخۇملا بولسا چۈجە چىقىۋېرمەس.

تۈگە ئۇسسۇلغا چۈشسە،
قىيامەت قايىم بولار.

تۈگمەن سۇدا چۆرگۈلەر،
ئويۇن پۇلدا (چۆرگۈلەر).

تۈگمەن سۇدا چۆرگۈلەيدۇ،
سېكىلەك پۇلدا (چۆرگۈلەيدۇ).

تىلىگەندىن ئۆلگەن ياخشى،
يىغلىغاندىن كۈلگەن (ياخشى).

## ج

جان — خۇدانىڭ،
تەن — تۇپراقنىڭ.

جۇۋازچى تۇرقىدىن مەلۇم.

جۇۋان بىلگەننى قىز بىلمەس.

جۇۋاننىڭ قېشىنى كۆرۈڭ،
تاۋۇقنىڭ تېشىنى (كۆرۈڭ).

جىگدە - ياڭاقنىڭ پوستى بار،
ھەممە ئىشنىڭ ئۇستىسى (بار).

## چ

چەت بىنەمنىڭ تۇلكىسى كۆپ،
خۇشامەتچىنىڭ كۇلكىسى (كۆپ).

چىدىغان غالىب،
چىدىمىغان غايىب.

چىراغنى ئۆچۈرۈۋېتىپ كۆزىنى ئالايتىپتۇ.

چىشلىگەندىن سۆز ئال،
ئۇرغاندىن ئۆچ (ئال).

چىن دوست دوستىدىن كەچمەس،
دۈشمەن خۇيىدىن (كەچمەس).

# خ

خاتالىق ئۆتكۈزۈشتىن قورقساڭ، ھېچ ئىش قىلما.

خوتۇن كىشى پىششىق گۆش.

خۇدا دېگەن قۇلىغا،
ئەكېلىپ بېرەر يولىغا.

خىيال كېچىدە ئېچىلار،
گۈل سەھەردە (ئېچىلار).

## د

دان بەرمىگەن يەر ئەمەس،
ئەردىن قالغان ئەر (ئەمەس).

داۋىنى بولمايدىغان تاغ يوق،
ئۆتكىلى بولمايدىغان دەريا (يوق).

دەرەخ يىلتىزى قىرار،
ئادەم يۈرىكى قېرىماس.

دەريا دولقۇنسىز بولماس،
ئادەم نىشانسىز (بولماس).

دوست دوستنىڭ ئەينىكى.

دوستقا خىيانەت ئۆلۈمدىن يامان.

دوستلار ئارازلاشسا،
دۈشمەننىڭ كۆنى تۇغۇلار.

دوستلۇق يوق يۇرتتىن دوستلۇق بار چۆل ياخشى.

دوستنىڭ ھېسابى كۆڭلىدە.

دوستۇڭ تۈز يولغا باشلار،
دۈشمەن زىنىدانغا (باشلار).

دوستۇڭ گۈل بولسا پۈرارسەن،
دوستۇڭ تىكەن بولسا تۇزارسەن.

دوستۇڭنىڭ تىلىغا باقماي دىلىغا باق.

دوستى بارنىڭ دۈشمىنى بار.

دۈشمەن پىتنە تارقىتار،
دوست ھەقنى (تارقىتار).

دۈشمىنىڭنىڭ يېقىنى ساڭا دوست ئەمەس.

ز

زامانى باشقىنىڭ ئامالى باشقا.

زەي تامغا كاكۈل تۈتماس،
سوغۇق تونۇرغا نان (تۈتماس).

## س

ساقال دېگەن تۈك،
سەللە دېگەن يۈك.

سايەڭگە قارىماي،
غايەڭگە قارا.

سەمەرقەنت يىراق بولسىمۇ، پەللىسى يېقىن.

سەۋر ـ تاقەت ــ تېگى راھەت.

سەۋرچان ئاش يەر،
بىتاقەت تاش (يەر).

سەۋرچان تاغنى ئېگەر.

سەۋرنىڭ تېگى سېرىق ئالتۇن.

سۇ ئاقار ئېقىنىدىن،
بالا كېلەر يېقىنىدىن.

سۇغا چۆككەن سامانغا ئېسىلار.

سۇغا چۆككەنگە قىلتىرىق قېيىق كۆرۈنەر.

سۇنايغا بىقىپ داپ ئۇر،
ئىشىكىغا بىقىپ لاپ (ئۇر).

سۇنى كېسىپ لايدا توختاپتۇ.

سۆزلىمىگەن ئېغىزدىن چاپاق باسقان كۆز ياخشى.

سېرىق سۆگەت سوغا بولار،
سېرىق ئادەم ئوغا (بولار).

سېنىڭ تاپىنىڭغا كىرگەن تىكەن مېنىڭ كۆزۈمگە كىرسۇن.

سېۋەت ئېغىزىدىن چۇۋۇلار.

سىنالمىغان دوستتىن يولدىكى تاش ياخشى.

# ش

شەھەر كۆرگەن ئېشەكتىن قورق.

شوتىغا چىقتىم يىقىلدىم،
ئۆگزىگە چىقتىم سىيپىلدىم.

## غ

غايىسىز كىشى ـــ بەرىكەتسىز ئىشى.

## ق

قارارسىز ئىنسان ـــ پايدىسىز بوران.

قاغا كەكلىكنى دورايمەن دەپ، مېڭىشىنى بۇزۇپتۇ.

قانجۇقنى قوغلىساڭ كۈچۈكلىرى قاۋار.

قەلەمگە ئالەم پاتار،
كۆڭۈلگە دۇنيا (پاتار).

قولۇم بېشىڭدىن سەدىقە بولسۇن.

قېرىمۇ كىچىكىدە بالا بولغان.

قېلىپسىز خىش بولماس،
سەۋەبسىز ئىش (بولماس).

قىل يىغساڭ ئارغامچا بولۇر،
تاسما يىغساڭ قامچا (بولۇر).

## ك

كۆپ ئويلىساڭ ئەقىل تاپىسەن.

كۆپ ياشىغان كۆپ بىلمەس،
كۆپنى كۆرگەن كۆپ بىلۇر.

كۆزگە قۇلاق گۇۋاھچى،
ئېغىزغا بۇرۇن (گۇۋاھچى).

كۆزى ئاچ — غەملىك بولۇر،
كۆزى توق — پەملىك بولۇر.

كۆك سۆيگەن دەرەخ ئۆسەر قەلەمچىدىن،
ئەر چىقماس خۇشامەتگۇي تىلەمچىدىن.

كۆڭۈل بىر غۇنان تاي،
چاپىدۇ ھەر يەرگە تىنماي.

كۆڭۈلدىن كۆڭۈلگە يول بار.

كۆڭۈلگە پۈكۈلسە، پۈتمەيدىغان ئىش يوق.

كۆيۈك يارىنىڭ دەردىنى بىرى كۆيگەن، بىرى كۆرگەن بىلەر.

كۈندۈزى ماڭغان يىلاننىڭ ئۆمرى قىسقا،
كېچىسى ماڭغان ئەرنىڭ ئۆمرى (قىسقا).

كېڭەشلىك ئىش بۇزۇلماس،
ئىنچىكە تىكىش سۆكۈلمەس.

كېلە قوغلىسا جاڭگالغا قاچ،
يىلان قوغلىسا تۈز يەرگە (قاچ).

كىشىنى قاقشاتقان قاقشىماي ئۆلمەس.

كىمنىڭ گېپىنى قىلساڭ شۇ كېلەر،
جىننىڭ گېپىنى قىلساڭ جىن كېلەر.

كىيمەككە ئۆتۈك ياخشى،
ماڭماققا چورۇق (ياخشى).

## گ

گۇمان ئەقىلدىن ئازدۇرار.

## ل

لاي سۇ كۆپنى بۇزار،
پالچى يۇرتنى (بۇزار).

لولا قولدىن ئالار،
قاراقچى يولدىن (ئالار).

## م

مەن بارمىغان شەھەر ئەمەس،
پۇل بەرمىسە نان بەرمەس.

مەۋقەسىز يىگىتتىن ياغ چىقمىغان چىگىت ياخشى.

مىنى ئۇرغاننى خۇدا ئۇرسۇن.

## ن

ناچار دوستتىن تاياق ياخشى،
ناچار ئاتتىن ياياق ياخشى.

## ھ

ھارۋاڭ سۇنسا ئوتۇن بولار،
كالاڭ ئۆلسە گۆش (بولار).

ھەر كاللىدا بىر خىيال،
تاز كاللىدا مىڭ خىيال.

ھەر كىشىدە بىر خۇي،
خۇي بولمىسا بىر ئۇي.

ھەر ئوڭۇشسىزلىق بىر ئەقىل ئۆگىتەر.

ھەسەل تاتلىق بولسىمۇ يېمىگۇچە بىلىنمەس.

ھېچ يەردە يوق بۇ غوجا،
نەدىن كەلدى بۇ غوجا.

ھىيلىگەرنىڭ كۆزى قىيسىق.

## ئو

ئوتتەك قىزىپ، پوقتەك سوۋۇپتۇ.

ئوتتۇز كۈن روزا تۇتۇپ،
ئاخىر پوقتا ئىپتار قىپتۇ.

ئوشۇق قىمارىدىن گال قىمارى يامان.

ئوغۇل يىگىت بولسا،
بىر ئارغىماق توقۇقلۇق.

ئويلىمىغان ئىشىڭدا،
كۈندە غوۋغا بېشىڭدا.

ئويناپ ئېيتتى،
كۆڭلىدىكىنى ئېيتتى.

## ئۆ

ئۆتنىگە لاپقۇت،
ئۆتۈككە ئاپقۇت.

ئۆچكە سۇدا ئاقسىمۇ قۇيرۇقى دىك تۇرار.

ئۆزۈمدە يوق كۆچۈلۈك،
كۆڭلۈم تىلەيدۇ ئوردۇلۇق.

ئۆزى قىلالماس،
قىلغاننى كۆرەلمەس.

ئۆزىنى ياخشى كۆرمىگەن ئۆزگىنىمۇ ياخشى كۆرمەس.

ئۆگەنگەن كۆڭۈل ئۇجمە پىشقۇچە.

## ئۇ

ئۇممەتسىز پەيغەمبەر يوق،
مۇرىتسىز پىر (يوق).

ئۇمىد قىلساڭ، گۇمبەز قوپار.

ئۇمىد ئۆلۈمنى يېڭىدۇ،
كۈرەش زۇلۇمنى (يېڭىدۇ).

ئۇمىدسىز ئەر ـــ ئەمەن باسقان يەر.

ئۇمىدلەنگەن ئەرنىڭ دەريا ئوشۇقىغا كەلمەس.

## ۋ

ۋاپا دېگەن مەردنىڭ ئىشى،
ۋاپاسىزلىق خورلۇق تېشى.

ۋىجدانسىزنىڭ گۈلى بولغۇچە،
ۋىجدانلىقنىڭ قۇلى بول.

## ئې

ئېرىنسەڭ ئىشىڭنى كىم قىلۇر،
تارتىنساڭ گېپىڭنى كىم قىلۇر.

ئېشەك دەيدىكەن:
— جېنىم ئامان بولسا، دەريادىن سۇ ئىچەرمەن.

ئېگىز تاغنى يىمىرگەن چۈمۈلىنىڭ ئۇۋىسى.

## ئى

ئىت قاۋىغان يەردە ئادەم بار.

ئىچىمدە ئىش تولا،
قولۇمدىن ئۇسسۇل كەلمەيدۇ.

ئىرادىسى چىڭ ئادەم — ئەل ئىچىدە جىڭ ئادەم.

ئىرادىسىز كىشىگە مەنزىل يىراق.

ئىرادىسىزگە يول يىراق،
دىنسىزغا مەسچىت (يىراق).

ئىمانى يوق موللىدىن ئىنسابى بار ئوغرى ياخشى.

ئىنسان تەخمىن قىلار،
تەڭرىم تەقسىم قىلار.

## ي

ياخشى بىلەن دوست بولساڭ، ئېچىلار چېچەكلىرىڭ،
يامان بىلەن دوست بولساڭ، يېرىلار يۈرەكلىرىڭ.

ياخشى دوست يۈرگەندە ياخشى،
يامان دوست ئۆلگەندە (ياخشى).

ياخشى دوستۇڭ تاشلىماس،
يامان يولغا باشلىماس.

ياخشى ياخشىغا تىنچلىق تىلەر،
يامان ياخشىغا پىچاق (بىلەر).

ياخشى يېرىڭنى دوستۇڭ كۆرەر،
يامان يېرىڭنى دۈشمىنىڭ (كۆرەر).

ياخشىغا يېپەك يېپىلار،
يامانغا تىكەن (يېپىلار).

ياشلىقىڭدا ئۆگەنگەن تاشقا يازغاندەك،
قېرىلىقتا ئۆگەنگەن قۇمغا يازغاندەك.

يامان بولساڭ ئاسىدۇ،
ياۋاش بولساڭ باسىدۇ.

ياماندىن يار بويى قاچ.

يامانغا مىڭ تاياق،
ياخشىغا يانتاياق.

ياماننى كۆرمىگۈچە،
ياخشىنىڭ قەدرىگە يەتمەس.

ياۋاش دېسەڭ قوي باق،
باي بولاي دېسەڭ تورپاق (باق).

يەر تەۋرىسە ئىت قاۋاپ تىنماس،
چاشقان چىرقىراپ (تىنماس).

يۈزنىڭ قارىلىقى ئۈيات ئەمەس،
يۈزى قارىلىق ئۈيات.

يېڭى تۇغۇلغان موزاي يولۋاستىن قورقماس.

يېمەي ـ ئىچمەي بول بېخىل،
باي بولمىساڭ مەن كېپىل.

يىرىك قۇم قولدا تۇرماس.

يىغىسى يوق ماتەم بولماس،
ئازمايدىغان ئادەم (بولماس).

يىلان، چايان ئىزدىسەڭ، غەيۋەتخورنىڭ گۆرىنى ئاچ.





# سەزگۈرلۈك، بىخۇدلۇق ۋە يىراقنى كۆرەلىك توغرىسىدا

# ئا

ئاپتاپ تۇرۇپ يامغۇر ياغقاندىن قورق،
كۇلۇپ تۇرۇپ ئاچچىقلانغاندىن (قورق).

ئاپتاپ چۈشكەن يەرگە قولۇڭنى قاقلا.

ئاپتاپنىڭ چىقىشىغا باق،
سۇنىڭ ئېقىشىغا (باق).

ئات ئالساڭ مىنىپ كۆر،
چىنە ئالساڭ چېكىپ (كۆر).

ئات ئايلىخانغا،
يول سارىخانغا.

ئات ساتساڭ يۈگەننى ساتما.

ئات مىنسەڭ يۈگەن سال.

ئات مىنگەننىڭ،
قىلىچ ئاسقاننىڭ.

ئات ئورۇق بولسىمۇ، يېغىر بولمىسۇن،
گۆش سۆڭەك بولسىمۇ، يېغى بولمىسۇن.

ئاتنى سات، يوگەننى ساتما،
ئېشەكنى سات، نوختىنى ساتما.

ئاتنى سۆرەمگە سالغاندا كۆر،
كېلىننى ئالغاندا (كۆر).

ئاتنىڭ ئاقسىشى تاقىدىن،
كىيىمنىڭ كونىرىشى ياقىدىن.

ئاتنىڭ بېگىسىنى لايدا كۆر،
قېچىرنىڭ بېگىسىنى سايدا (كۆر).

ئادەمنى پەم بىلەن ئۆگەت.

ئاسمان بېسىۋالسا،
تېگىدە يېتىپ مانتا يەپتۇ.

ئاشپەزدىن مانتا يەپ،
ناۋايغا پۇل تۆلەپتۇ.

ئاشپەزلىكتىن زىيان چىقسا،
نىمكارنىڭ نېمە ئىشى.

ئاشىقنى كۆزىدىن،
دەردمەننى يۈزىدىن،
مۇساپىرنى سۆزىدىن بىل.

ئالار ھوسۇل ئەجىر قىلغان ئىشىدىن.

ئالەمنى سۇ باسسا،
مۇغەمبەرنى ئۇيقۇ بېسىپتۇ.

ئالتۇن كولاشتىن،
قوي بورداشتىن.

ئالتىنچى ئايدا قىچقارسا،
يەتتىنچى ئايدا «ھە» دەپتۇ.

ئالدىرىغاننىڭ ئېتى يېتىۋاپتۇ.

ئامالىم يوق دېگۈچە،
ئەقلىم يوق دېگىن.

ئامالىم يوق دېگۈچە،
بىلىم ئالغىن تۈگىمىچە.

ئاھ ئۇرۇپ غەم قىلغۇچە،
ئەقىل ئىشلەت تالغۇچە.

ئاۋۋال قوشنى تۇت،
يېيىنى يۇغداش كېيىنكى ئىش.

ئاۋۋال يول قوي،
كېيىن قول قوي.

ئايغىر قاچسا يىلقىدىن تاپ.

## ئە

ئەتىگىنى قوپۇپ يان - يېنىڭغا باق،
ئەل قاياققا باقسا سەن شۇ ياققا (باق).

ئەتىنىڭ تەقدىرى ئاسماندا.

ئەزمە ئويلانغۇچە، تەۋەككۈلچى مۇرادىغا يېتىپتۇ.

ئەسكىنى ئالداپ ئىشلەت،
تاسىنى مايلاپ (ئىشلەت).

ئەلگەككە چىقىپ ئەرگە تېگىپتۇ.

ئەيسامۇ ئۆز يولىغا ماڭار،
مۇسامۇ ئۆز يولىغا (ماڭار).

## ب

بار - يوقى بىلەن كارىم يوق،
كۆڭلۈم ھەسەل تارتىدۇ.

بارات ئىيىدا قوْيماق يەپ،
سەپەر ئىيىدا كىكىرىپتوْ.

بارماقتەك بىلىق توْتوْش ئوْچوْن،
چىۋنندەك يەم كىرەك.

بازار ئايلانساڭ بوْ دوْنيانى چوْشىنىسەن،
مازار ئايلانساڭ ئوْ دوْنيانى (چوْشىنىسەن).

بازار كوّرگەن مالدىن ئوّزوْڭنى تارت.

بازارغا بىقىپ مال سورا،
چىرايغا بىقىپ هال (سورا).

بازارغا چىق،
بەختىڭنى كوّر.

بازارغا گەپ ئاتما،
مازارغا چالما (ئاتما).

باشتا ئالدىرىمىساڭ،
كىيىن يوْگوْرەيسەن.

باشقا كەلگەندە باتوْر.

باشقىلارنى رەنجىتكەننىڭ يولى توسوْق.

باغ دىسە، تاغ دەپتوْ.

باي بولساڭ بول،
جازانخور بولما.

بايتاللىقا قىز بەرمە.

بايدا توۋلىسا، سايرامدا «ھە» دەپتۇ.

بەتتەم تاۋۇزنىڭ ئۇرۇقى تولا،
ئويلانماي قىلغان ئىشنىڭ سورىقى (تولا).

بەرسەڭ يەيمەن،
ئۇرساڭ ئۆلىمەن.

بەزىدە توپا ياخشى،
بەزىدە ئۇپا (ياخشى).

بەزىدە دەريا كېچىسەن،
بەزىدە تامچىنى تەستە ئىچىسەن.

بوران چوغنى ئۆچۈرەلمەس،
ئادەم قۇدۇقنى كۆتۈرەلمەس.

بوراندا بۇغا ئات،
يامغۇردا دۇم يات.

بوراندا ئۇيقۇ ياخشى،
يامغۇردا شورپا (ياخشى).

بوسۇغىدىن تېيىلساڭ تۆرگە چىقىسەن.

بولسا بولا،
بولمىسا ئىز پۆلى بولا.

بولسا بولاغا تايىن،
بولمىسا خۇداغا تايىن.

بويتاق ئادەم ئەلچىلىككە يارىماس.

بۇزۇق ئادەم بۇزۇپ ئارام تاپار،
تۈزۈك ئادەم تۈزۈپ (ئارام تاپار).

بۇزۇلمايدىغان قىر يوق،
ئېچىلمايدىغان سىر (يوق).

بۇغدىيىڭ بولسا تۈگمەن تېپىلار،
ئوغلۇڭ بولسا چوكان (تېپىلار).

بۇقا ھەيۋە قىلار،
ئۈششۈق غەلۋە قىلار.

بۆرىدىن قورققان تاغقا چىقالماس،
جاپادىن قورققان ھۆرمەت تاپالماس.

بۆرىنىڭ ئالدىغا ئۆتمەڭ،
قېچىرنىڭ كەينىگە (ئۆتمەڭ).

بۆرىنىڭ تۇرقىدىن ئەمەس،
چىشىدىن قورق.

بۆزچى قېشىغا يۇگۇرگۇچە،
يىڭنە قېشىغا يۇگۇر.

بۇركۇتنى تۇلكىگە قوي،
قارچىغىنى ئۆردەككە (قوي).

بېدە تاپساڭ ئاتقا بەر،
قىزىڭ بولسا ياتقا (بەر).

بېشى ئاغرىمىغاننىڭ خۇدا بىلەن كارى يوق.

بېلىق تۇتساڭ سۇغا كىر،
دەرەخ كەسسەڭ ئورمانغا (كىر).

بىر رەھمەت مىڭ بالادىن قۇتقۇزار.

بىردىن يۆتكەۋەرسەڭ،
تېشىڭ تاغدەك بولسىمۇ تۇگەيدۇ.

بىرى خۇدادىن قورق،
يەنە بىرى خۇدادىن قورقمىغاندىن قورق.

بىرىدىن كەچمەي بىرى يوق.

بىكار بولساڭ خىيال سۇر.

بىكار بولساڭ كېپەك تارتىپ يە،
گەپ قىلساڭ توغرىسىنى دە.

بىلەي دىسەڭ قىيىن ئەمەس،
چىقاي دىسەڭ ئىگىز (ئەمەس).

بىلەي يۇمشاق بولسىمۇ، پولاتنى يەيدۇ.

بىنەم يەرگە يامغۇر ياخشى،
ئۆپكە كېسىلىگە چامغۇر (ياخشى).

## پ

پاقىنىڭ تىلىنى بىلمەكچى بولساڭ،
ئاغزىنى ئىچىپ كۆر.

پالتا ھەرىكەتچان بولسا دەرەخ ئاينىماس.

پالتاڭ ئىتتىك بولسا قولۇڭغا كۈچ كەلمەس.

پالتاڭنى ئىلىپ تاغقا چىق،
سېۋىتىڭنى ئىلىپ باغقا (چىق).

پايدىسى يوق مازارنى شەيخ چۆرگۈلىمەس،
يۇندىسى يوق يالاقنى ئىت (چۆرگۈلىمەس).

پايدىنى كۆرسە بۇرگىدەك چاققان،
زىياننى كۆرسە كىرپىدەك ياتقان.

پەس  يەردە ياتما سەلگە كېتىسەن،
دۆڭ يەردە ياتما، يەلگە (كېتىسەن).

پەگاھ بۇزۇلسا تۆر تۈزەر،
تۆر بۇزۇلسا نە تۈزەر؟

پولۇ بولمىسا ئۇماچ ئىچكەن ياخشى،
بىكار تۇرغاندىن جىگدە شۇمۇگەن (ياخشى).

پۈتنى قاپارتقان ئۆتۈكتىن،
يالاڭ ئاياغ ماڭغان ياخشى.

پۇل تاپاي دېسەڭ ئىش تاپ،
تام سالاي دېسەڭ خىش (تاپ).

— پۇل نەگە بارىسەن؟
— گاچىنىڭ تىلىنى ئاچقىلى.

پىچاق ئىتتىك بولسا گۆش كېسىدۇ،
گال بولسا قول (كېسىدۇ).

پىچاقنى ئاۋۋال ئۆزۈڭگە سال،
ئاغرىمىسا كىشىگە (سال).

پىيازنىڭ كۆكىگە قارىماي بېشىغا قارا،
ئۆگەينىڭ گېپىگە قارىماي ئىشىغا قارا.

# ت

تاج كىيسەڭ، ئەسكى تۇمىقىڭنى ئۇنتۇما.

تاز دېمەي تېگىۋال،
ماز دېمەي كىيىۋال.

تاغارنى تاغاردا ياما،
تاۋارنى تاۋاردا ياما.

تاماق يېسەڭ چايناپ يە،
ئەھۋالىڭغا قاراپ يە.

تامغا تايانما ئۆرۈلىدۇ،
ئادەمگە تايانما يىقىلىدۇ.

تاينى باقساڭ ئات بولۇر،
بۆرىنى باقساڭ يات (بولۇر).

تەتۈر كەلگەن يەلدىن قورق،
دەۋرەپ كەلگەن سەلدىن (قورق).

تەۋەككۇل تاش يارار.

تەۋەككۇلنىڭ بىر ناخشىسى ئارتۇق.

تەۋەككۈلنىڭ تېگى تاش.

تەييارلىقسىز جەڭگە كىرمە،
ئارغامچىسىز دەڭگە (كىرمە).

توپا ئالساڭ دەڭدىن ئال،
دۆڭ بولمىسا توختاپ قال.

توپان بالاسى كەلسە ئۇشۇقىغا چىقماپتۇ.

توختام سۇدا سېسىپ ئۆلگۈچە،
ئېقىن سۇدا ئېقىپ ئۆل.

توخۇغا بېقىپ كاتەك سال،
پۇتقا بېقىپ ئۆتۈك ئال.

توخۇنى كۆلچەككە ھەيدەپتۇ،
ئۆردەكنى قونداقىقا (ھەيدەپتۇ).

توشقان بولساڭ سايغا ماڭ،
يولۋاس بولساڭ تاغقا (ماڭ).

تويدىن يامانلىساڭ توي قىپ باق،
ئۆلۈمدىن يامانلىساڭ ئۆلۈپ باق.

توينىڭ ئەلچىسى بولغۇچە،
باينىڭ غالچىسى بول.

تۆرغانغا تۇۋرۇك بول،
ماڭغانغا كۆۋرۈك (بول).

تۇغۇڭنى تۇغۇلغان يەرگە قادا.

تۇغۇۋالمىسا بالا بولماس،
سېتىۋالمىسا كالا (بولماس).

تۆر بىلەن بولۇشقۇچە،
كۆرپە بىلەن بولۇش.

تۆردىكى بىلەن چىقىشقۇچە،
بوسۇغىدىكى بىلەن چىقىش.

تۆگە قومدا ياخشى،
يىپ مومدا (ياخشى).

تۆگە كۆردۈڭمۇ — ياق.

تۆگە يۈزگە يەتمەس،
يۈزگە يەتسە كۆز يەتمەس.

تۆگەڭ مىڭغا يەتكۈچە،
دوستۇڭ مىڭغا يەتسۇن.

تۆگىنىڭ مازار بىلەن كارى يوق.

تۆگىنىڭ مەيلى بولسا يانتاققا بوي ئۇزارتسۇن.

تۆمۈرچى بىلەن مۈشتلاشما،
بوياقچى بىلەن چېلىشما.

تۈلكىنىڭ تۇۋىسىدىن قورق،
ھېيلىگەرنىڭ شۇۋىسىدىن (قورق).

تۈلكىنىڭ چىشلىگىنىدىن قۈيرۇق شىپاڭلاتقىنى يامان.

تۈلكىنىڭ سايىسىغا كىرمە،
يولۋاس سېنى يەپ كەتسىمۇ.

تۈلكىنىڭ نامىغا خۇشتار بولساڭ،
بۆرىنىڭ چاڭگىلىغا چۈشەرسەن.

تۈلكىنىڭ ئۇۋىسىغا ئىشەنمە،
ئوغرىنىڭ تۇۋىسىغا (ئىشەنمە).

تېز ئۆلەي دېسەڭ كونا تام تۈۋىدە يات.

تىكەننى كىرمەس دەپ ئاياغسىز يۈرمە،
ئىتنى چىشلىمەس دەپ تاياقسىز (يۈرمە).

ج

جاپادىن قورقمىساڭ قوي قىل،
چىقىمدىن قورقمىساڭ توي (قىل).

جاڭگالدىن ئوتۇن چىقارماق ئاسان،
بىر ئۆيدىن تۇتۇن چىقارماق تەس.

جان بولسا جاھان،
ئاش بولسا قازان.

جاھاننى سۇ باسسا،
ئۆردەكنىڭ قاپتىلىغا كەلمەپتۇ.

جۇۋازچى بولساڭ چىغدىن ئايرىلما،
دېھقان بولساڭ قىغدىن (ئايرىلما).

## چ

چاپان ياقىدىن،
تۇگمەن پاقىدىن،
ئۇلاغ تاقىدىن تۇزۇلەر.

چاشقاننىڭ جاجىسى مۇشۇك،
بالىنىڭ جاجىسى بۆشۈك.

چەپ قولۇڭدا تاش بەرسەڭ،
ئوڭ قولۇڭدا گۆھەر ئالىسەن.

چەللە بولسىمۇ ئۆيۈڭ بولسۇن،
دەللە بولسىمۇ ئاناڭ (بولسۇن).

چوشقا يۇڭىدا كىگىز بولمايدۇ،
ئوتقا چۆشمەستىن بىگىز (بولمايدۇ).

چوكاننى كۆرسىڭىز قاش ئېتىڭ،
جۇۋاننى كۆرسىڭىز تاش (ئېتىڭ).

چوڭ يەردە مالاي بولغۇچە،
كىچىك يەردە غوجايىن بول.

چوڭغا ھۆرمەت قىلسا،
كىچىككە ئىززەت كېلۇر.

چىشىڭ ئاغرىسا تىلىڭنى تارت،
قورسىقىڭ ئاغرىسا نەپسىڭنى (تارت).

چىشىم چۈشمىسۇن دېسەڭ تىلىڭنى تارت.

چىلىمغا بېقىپ تاماكا سال،
ئەقلىڭگە بېقىپ پاراڭ (سال).

## خ

خۇشاللىق ئاستا كېلىپ تېز كېتەر،
خاپىلىق تېز كېلىپ ئاستا (كېتەر).

خېرىدارغا يېلىنغۇچە،
مېلىڭنى خىللا.

خىزىر يىراقتىكى چاغدا،
يېقىندىكى قاراقچىدىن پەخەس بول.

خىيالنى خام قىلما،
قوم توپىدا تام (قىلما).

## د

دانا بىلەن دوست بولساڭ يولۇڭ گۈل بولۇر،
ناكەس بىلەن دوست بولساڭ كۆڭلۈڭ كۆل (بولۇر).

دەريا بويىدا ياشىساڭمۇ،
بېلىق بىلەن دوست بولالمايسەن.

دەريا تېشىپ كەتسە ئۆردەكنىڭ نېمە كارى.

دەرياغا ئات سالماي تۇرۇپ كېچىكنى تاپ.

دورغا قامچىسىدىن ئايرىلسا،
قولىغا تاش ئالار.

دوغچى ئاپتاپ تىلەر،
ماتاڭچى سوغۇق تىلەر.

دوغچى ئاپتاپ تىلىسە، پادىچىنىڭ ئاچچىقى كېلەر،
مايلامچى يامغۇر تىلىسە، ماتاڭچىنىڭ ئاچچىقى كېلەر.

دولقۇنغا قاراپ تور تاشلا،
سورۇنغا قاراپ گەپ باشلا.

دۇنيا تاپاي دېسەڭ ھەرىكەت ۋە تىجارەت قىل،
ئاخىرەتلىكنى تاپاي دېسەڭ تائەت ۋە ئىبادەت قىل.

دۇنيانى سۇ باسسا،
ئۆردەككە نېمە غەم.

## ر

رەھىم قىلساڭ ھايۋانغا،
چىچىپ قويار ئايۋانغا.

## س

ساپال ئۇچۇن ساق قالغۇچە،
گۆھەر ئۇچۇن كۇكۇم ـ تالقان بول.

سارايدا ياتساڭمۇ،
ساتماڭنى ئەسلەپ قوي.

سازلىقنى يەر بولماس دېمە،
تازنى ئەر بولماس (دېمە).

ساق يېرىمنىڭ ھالى يوق،
ئاغرىق يېرىمنىڭ تايىنى (يوق).

سامان ئارىلاشماي لاي بولماس،
ھارام ئارىلاشماي باي بولماس.

سايە قىلىشقا باراڭ ياخشى،
كۈن ئۆتكۈزۈشكە پاراڭ (ياخشى).

سايە قىلىشقا ئۈزۈم ياخشى،
باشقۇرۇشقا تۈزۈم (ياخشى).

سايغا كىرسەڭ پادىچىدىن سورا،
سۈغا كىرسەڭ كېمىچىدىن (سورا).

سەكرەشتىن ئىلگىرى ئالدىڭغا باق.

سەلكىندە ئۆزۈڭنى يوقاتساڭ، بوراندا قالىسەن.

سەللىسىنى كۆرۈپ موللام دېمە،
ئازراق بەرسە دام ـ دام دېمە.

سەللىنى ساغرائڭغا ئورىما،
سەللە بىلەن ھاجەتكە بارما.

سەن ئەقىلگە باي بولساڭ،
يۇرتۇڭ نانغا باي بولۇر.

سەن تارت، مەن تارت،
بوش تۆتۆپ چىڭ تارت.

سەن تاش سانىساڭ، خەق قوم سانايدۇ.

سەن تاشلىۋەت،
مەن تېپىۋالاي.

سەن تەرتىپنى ئىزدىمە،
تەرتىپ سېنى ئىزدەيدۇ.

سەن ياخشى، مەن ياخشى،
پۇقرا تۈزۈك خان ياخشى.

سەن ياخشى، مەن ياخشى،
تونۇر قىزىق نان ياخشى.

سەھرالىققا ئۆي كۆرسەتمە،
شەھەرلىككە باغ (كۆرسەتمە).

سودىگەر بازارغا ئامراق،
سوپى مازارغا (ئامراق).

سورىمىغانغا گەپ قىلما،
ئۇچرىمىغانغا سالام (قىلما).

سوغۇق كېسەلگە بومبايدىن دورا ئەكەلگۈچە ئۆلگۈرۈپتۇ،
ئىسسىق كېسەلگە ساندۇقتىن دورا ئالغۇچە كېتىپتۇ.

سۈدىن قورقمىغان دەريادىن ئالتۇن سۈزەر.

سۈدىن ئۆتسەڭ كېيىن ئۆت،
چۆككەنلەرنى كۆرەرسەن.

سۈنى ئېرىقتا ياقلا،
لايدىن يىراققا ئاتلا.

سۈنىڭ ئېقىپ تۇرغىنى ياخشى،
گۈلنىڭ پۇراپ تۇرغىنى (ياخشى).

سۆز قوغلىغان بالاغا يولۇقار،
يول قوغلىغان دەۋاغا (يولۇقار).

سۆز قوغلىغان كاشىلىغا يولۇقار،
يول قوغلىغان خەزىنىگە (يولۇقار).

سۈركەلمىسە ئالتۇنمۇ پارقىرىمايدۇ.

سېمىز ئاتنى چاپتۇرۇۋەرسە دېمى كېسىلەر.

## ش

شاپتۇل يېسەڭ سويۇپ يە، كېسەل بولمايسەن،
سەپتە ماڭساڭ بىرخىل ماڭ كېيىن قالمايسەن.

شامال چىققاندا ئوت بىلەن ئويناشما،
ئادەم كۆپ يەردە ئوق بىلەن (ئويناشما).

شەرىئەت ئىزدىسەڭ ئۆلتۈر يىلاننى،
تەرىقەت ئىزدىسەڭ قىينىما جاننى.

## غ

غەلىبە تېز يۈگۈرگەننىڭ ئەمەس، زېرىكمەي يۈگۈرگەننىڭ.

غەلىبە قاچماس كۆڭۈل قويغان كىشىدىن.

غەمسىزنىڭ پەرۋايى پەلەك.

غۇنچىنى ئۈنمىسا پۈتىنى چاتارسەن،
بۇقا ئۈنمىسا نېمىمۇ قىلارسەن.

غىلاپ خەنجىرى بىلەن ياخشى،
ئىت زەنجىرى بىلەن (ياخشى).

## ق

قاپاقنى تۆرگە چىقارساڭ ئەۋرەزگە دومىلايدۇ.

قاپىقى ياماندىن قورققۇچە،
غەرىزى ياماندىن قورق.

قاتار مەھەللىدە توخۇ باقما،
كىشىنىڭ تونۇرىغا نان ياقما.

قاتتىق گەپ قىلسا قېتىۋالىدۇ،
يۇمشاق گەپ قىلسا يېتىۋالىدۇ.

قاراڭغۇ دەپ ھاڭ باقماي،
يورۇقلۇقنى ئىزدەپ تاپ.

قاراڭغۇدا ئاي ياخشى،
قوملۇق يولدا تاي (ياخشى).

قاردا پولۇ، يامغۇردا شورپا،
بوراندا ئۇخلا، خۇدايا توۋا.

قارىغۇنىڭ شەھىرىگە بارساڭ،
بىر كۆزۈڭنى قىسىۋال.

قارىمۇقنىڭ دانىسى بولغۇچە،
بۇغداينىڭ پاخلى بول.

قازان بېشىدا بولساڭ ئاغزىڭ بالدۇر ئاشقا تېگەر.

قازانغا يولۇقساڭ قارىسى يۇقار،
يامانغا يولۇقساڭ يالىسى (يۇقار).

قازىنىڭ قايناپ تۇرسا سېنىڭدىن يۈزلۈك ئادەم يوق.

قاسساپقا پۇل بېرىپ، ناۋايغا قاراپتۇ.

قاسساپنى دوست تۇتساڭ گۆشسىز قالمايسەن.

قامىتىگە ئىشەنگەن قەددى پۈكۈلۈر،
كۆپكە ئىشەنگەن مەقسىتىگە يېتۈر.

قانائەتنىڭ تېگى ئالتۇن.

قاۋىغان ئىتقا سۆڭەك تاشلا.

قورسىقىڭنىڭ ئاغرىقى بولمىسا،
تاۋۇز يېيىشتىن قورقما.

قورۇما قورۇشتىن ئوخشايدۇ،
شورپا سورۇشتىن (ئوخشايدۇ).

قول بىلەن قايماق يېسەڭ قۇستۇرار،
يۈگەنسىز ئات مىنسەڭ چىچتۇرار.

قوي ئالساڭ قۇلاق ئال،
ئۆچكە ئالساڭ چولاق ئال.

قوي ئالساڭ قۇلاقلىقنى ئال،
ئېشەك ئالساڭ تۇياقلىقنى (ئال).

قوي قۇيرۇقىغا يىغار،
بۇقا بوينىغا (يىغار).

قوي ئۆلەمدۇ، قوزىمۇ،
كۆپ سۇنامدۇ ـ كۆزىمۇ.

قوينۇڭدىن تۆكۈلسە قونچۇڭغا چۈشەر.

قوينى قاسساپ سويسۇن،
ئالتۇننى زەرگەر سوقسۇن.

قوينى قىرقىپ ساتسا تاۋار بولۇر،
قىرقىماي ساتسا چاۋار (بولۇر).

قۇدۇق چوڭقۇر،
ئارغامچا قىسقا.

قۇش باقساڭ شۇڭقار بولۇر.

قۇشقاچ بولسىمۇ قاسساپ سويسۇن.

قۇشقاچنى قاردا تۇت،
توكۇرنى ياردا (تۇت).

قۇشنى يەم بىلەن ئۆگەت.

قۇلاققا يەتكەن سوغۇق گەپ،
يۈرەككە تېگىپ مۇز بولۇر.

قۇلاقنى نەدىن چىقىرىش ـــ قازانچىنىڭ ئىختىيارى.

قىچىرنىڭ بىگىسىنى سايدا كۆر،
تاماشىسىنى لايدا (كۆر).

قىز ئال توي قىلغان يەردىن،
ئۆي سال ئۆي قىلغان يەردىن.

قىڭغايغان دەرەخنى يىقىنغا غوْلات،
قورساق ئاچقاندا خام كۆمەچمۇ تاتلىق.

## ك

كاجنى بازار ئوڭشايدۇ،
ساراڭنى مازار (ئوڭشايدۇ).

كالا ئالساڭ ئالا ئال،
ئالا ئالمىساڭ قارا (ئال).

كالاڭ سۈتلۈك بولسا دەرۋازاڭغا قوْلۇپ سال،
داداڭ ئۇرۇشقاق بولسا ئاناڭنىڭ ئاغزىغا قوْلۇپ (سال).

كاللا دېسە، پاقالچاق دەپتۇ.

كاللام كېسىلسۇن دېسەڭ،
نادانغا مەنسەپ بەر.

كاۋاپ زىختا پىشسۇن،
گەپ ئىزىغا چۈشسۇن.

كومموۇنىزمنىڭ ئىشلىرى مىدى، مىدى،
ئالدىرىماڭ ئاداش، سىزنىڭمىدى، مىنىڭمىدى.

كۆپ تۇرغاندىن سورىما،
كۆپ يۈرگەندىن سورا.

كۆپ چاي ئىچكەن ئەر قېرىماس،
كۆپ ئاغدۇرغان يەر (قېرىماس).

كۆرسە كارى يوق،
كۆرمىسە هالى (يوق).

كۆرسە ئويۇن،
كۆرمىسە قۇيۇن.

كۆز قانچىلىك بولسا دېڭىز شۇنچىلىك.

كۆسىيىڭ ئۇزۇن بولسا قولۇڭ كۆيمەس.

كۆيدۈرگىنىڭدىن ئۆلتۈرگىنىڭ ياخشى.

كېلىپ قاپتۇ جاھاننىڭ ئىشى،
نېمە بولدى دېمەيدۇ كىشى.

كېلىپتۇ، كېتىپتۇ، جاھاننىڭ ئىشى،
قورساق تويدۇرغان قوناقنىڭ ئېشى.

كېلىن ھەرقانچە سەت بولسىمۇ،
قېيىنئانىسىغا كۆرۈنۈشى كېرەك.

كېۋەزنىڭ يىپ بىلەن نېمە ئىشى.

كىشى ئىشى — بوسۇغا بېشى.

كىگىزنى ئايىغان بورا،
يېڭىنى ئايىغان كونا.

كېلەر قوغلىسا جاڭگالغا قاچ،
يىلان قوغلىسا تۈز يەرگە (قاچ).

كېلەر قوغلىسا دۆڭگە قاچ،
تۆگە قوغلىسا تاغقا (قاچ).

## گ

گاھىدا خۇدا بىلەن روسۇل،
گاھىدا دۇتار بىلەن ئۇسسۇل.

## م

ماقۇلغا جاۋاب يوق.

مۈزدىن ئۆتسەڭ بۇرۇن ئۆت،
مۈز سۇنغۇچە ئۆتەرسەن.

مېۋىنى ئۇزۇپلا يە،
بېلىقنى سۇزۇپلا يە.

مىنگەن ئېتىڭ غۇنان بولسا،
ماڭغان يولۇڭ راۋان بولماس.

## ن

نېسى گۆشكە بىر قېتىم تويىسەن.

## ھ

ھالىڭغا بېقىپ زىكرى قىل،
ئەلگە بېقىپ پىكىر (قىل).

هالىڭغا بېقىپ هال تارت،
خالتاڭغا بېقىپ ئۇن (تارت).

هامماچاڭدىن سوراپ شۇمشەيگۈچە،
بىمالال ئىشلەپ يە مۇكچەيگىچە.

هايۋانغا ئىغىل كېرەك،
پاتقاقتا شىغىل (كېرەك).

هەرىكەت قىلساڭ بەرىكەت تاپارسەن،
ئىخلاس قىلساڭ مەرىپەت (تاپارسەن).

هەسەتخورلارنى ئازابلاشنىڭ چارىسى — پىسەنت قىلماسلىقتۇر.

هېيتگاهتا ناغرا چالسا، چەرچەندە ساما ساپتۇ.

## ئو

ئوت سىناي دېسەڭ قولۇڭنى ئاچ،
كۆيدۈرەي دېسە نېرى قاچ.

ئوتتۇنچىغا ئوت قالاتماڭ،
سۇچىغا سۇ قۇيدۇرماڭ.

ئوچاقتىن قېچىپ تونۇرغا سەكرەپتۇ.

ئوچىقنىڭ ئۆرۈلسە قولۇڭدىن كۆر،
بېشىڭغا بالا كەلسە تىلىڭدىن كۆر.

ئوخشاشنىڭ پەرقى يوق،
ساراڭنىڭ نەرخى يوق.

ئوق يەتمىگەن يەرگە قىلىچ شىلتىما.

ئويناشمىغىن ئەرباب بىلەن،
ئەرباب سالار ھەر باب بىلەن.

## ئۇ

ئۇرۇق تاپساڭ داڭگالغا تاشلا،
سۆڭەك تاپساڭ جاڭگالغا (تاشلا).

ئۇياقتا تارتسا ئات ئۆلىدۇ،
بۇياقتا تارتسا ھارۋا سۇنىدۇ.

ئۇيان ــ بۇيان بارۇرسىز،
چاق ئېگىرىپ ھارۇرسىز.

# ئۆ

ئۆچكىدىن ساقال سورا،
تۆگىدىن بوي (سورا).

ئۆردەك كۆلگە تارتىدۇ،
يىلان چۆلگە (تارتىدۇ).

ئۆردەككە سۇ كۆرسەتمە،
ئەخمەققە قىز (كۆرسەتمە).

ئۆرۈك يەپ سۇ ئىچمە،
ئالما يەپ چاي (ئىچمە).

ئۆزۈڭنى بىل، ئۆزگىنى قوي،
كۆتۈڭنى قىس، يولۇڭغا ماڭ.

ئۆستەڭ ياقىلاپ ماڭساڭ ئۇسسۇز قالمايسەن.

ئۆكۈزنىڭ ئايىغى بولغۇچە،
موزاينىڭ بېشى بول.

ئۆگزىگە چىقىۋالغان ئىتتىن قورقماپتۇ.

ئۆلگەن بولسا ئىچىكىنى قاتاي،
تىرىك بولسا يارىسىنى تاڭاي.

ئۆلمەيدىغاندەك تىجارەت قىل،
ئەتە ئۆلىدىغاندەك ئىبادەت قىل.

## ئې

ئېتىڭ قېرىسا بىر پىچاق،
ئېشىكىڭ قېرىسا بىر تاۋاق قوناق.

ئېتىڭنىڭ بارىدا يول تونۇ،
ئەقلىڭنىڭ بارىدا ئەل (تونۇ).

ئېسىلساڭ دارنىڭ ئېگىزىگە ئېسىل،
پۇتۇڭ يەرگە تەگمىسۇن.

ئېسىلساڭ نارغا ئېسىل،
يىقىلساڭ ناردىن يىقىل.

ئېسىلنى ئالساڭ خاتا يوق،
ئەسكىنى ئالساڭ ۋاپا (يوق).

ئېشەك باينىڭ، تاغار باينىڭ،
ئۆرۈلسە يۆلىمەيمەن، ئۆلسە تۆلىمەيمەن.

ئېشەك ھاڭرىغان، داپ تاراڭلىغان يەردە يورۇپتۇ.

ئېشەككە نان بېرىپلا ساغرىسىنى تۇتما.

ئېگىز تاغمۇ غۇلاپ چۈشەر بىر كۈنى،
زېرىكمەستىن كولاۋەرسەڭ ھەر كۈنى.

ئېگىز قىرنى يىمىرگەن چۇمۇلىنىڭ ئۇۋىسى.

ئېگىزگە چىقساڭ كۆزۈڭ ئېچىلار،
ياخشىلار بىلەن سۆزلەشسەڭ كۆڭلۈڭ ئېچىلار.

## ئى

ئىت يېنىدا سۆڭەك تۇرماس،
سۆڭەك ياتسا بىكار تۇرماس.

ئىتنىڭ قاۋاپ بەرگىنىگە،
دۈشمەننىڭ كۈلۈپ بەرگىنىگە گول بولما.

ئىتنىڭ قۇيرۇقىغا ئېسىلىپ دەرياغا كىرمە.

ئىز دىسەڭ تاپارسەن،
تېرىساڭ ئالارسەن.

ئىساي دېسەڭ مەش ئال،
مانتا يەي دېسەڭ پەش (ئال).

ئىش قىلساڭ پەسىلگە باق،
ئادەم تاللىساڭ ئەسلىگە (باق).

ئىشنى ئىشلە، سەۋەب قىل،
بولالمىساڭ تەلەپ قىل.

## ي

يا بېشىدىن ئال،
يا ياندىن ئال.

ياخشىغا بەرسەڭ كېتەر،
يامانغا بەرسەڭ كۆنەر.

ياخشىغا بەرسەڭ نەپ تېگىدۇ،
يامانغا بەرسەڭ گەپ (تېگىدۇ).

ياخشىغا ئويۇن قىلساڭ بېلىقتەك سويلايدۇ،
يامانغا ئويۇن قىلساڭ توڭگۇزدەك ھۆۋلايدۇ.

ياغاچنى توختىتاي دېسەڭ مىخلا،
ھۆرۈننى قوپقۇزاي دېسەڭ زىخلا.

يامغۇردىن قاچقان ئازمىغا سەكرەپتۇ.

يەتكۈزەي دېسەڭ ئۇماچ ئەت،
تۇگىتەي دېسەڭ كۆمەچ (ئەت).

يەكچەشمىنىڭ شەھىرىگە بارساڭ بىر كۆزۈڭنى قىسىۋال.

يورغا ئاتقا قامچا سالما.

يولۋاسنىڭ قۇيرۇقى بولغۇچە،
مۈشۈكنىڭ بېشى بول.

يۇمشاق بولساڭ ئۈپرىمايسەن.

يۇمشاق يەردە ئۈچكە چاققىلى بولماس.

يۇمشاق يىلان جاننى ئالار،
قاتتىق ئاياغ قاننى (ئالار).

يۆگىمەچ ئۈنىدۇ تېرىمىسىمۇ،
كۆڭلى بار كېلىدۇ، چىللىمىسىمۇ.

يۆلەنچۈكى كۈچلۈك بولسا،
لاتا قوزۇقمۇ يەرگە كىرىدۇ.

يۈگۈرۈپ ئىش قىلساڭ، ئولتۇرۇپ يەيسەن.

يېنى ئاغرىغان يەردە كىشى ياتماس.

يىرتىلغانغا ياماق بول،
ئاچقانغا تاماق (بول).

يىغلاپ يۈرۈپ چۆل كەزسەڭ،
كۈلۈپ تۇرۇپ راھەت كۆرىسەن.

يىغلاپ يۈرۈپ قىر تۇت،
ئويناپ يۈرۈپ سۇ (تۇت).

يىغلاپ يۈرۈپ ئېرىق چاپ،
ئويناپ يۈرۈپ سۇ تۇت.

يىغلىغاندىن سورىماي،
كۈلگەندىن سورا.

يىقىلسا يۆلىمەيمەن،
بۇزۇلسا تۆلىمەيمەن.

يىلاندىن قورقۇپ ئوت ئورۇمىساڭ،
قىشتا ئاغزىڭ قۇرۇپ قالار.

يىلاننى قوينۇڭغا سالساڭ چېقىپ ئۆلتۈرەر،
دۈشمەنگە سىر بەرسەڭ بوغۇپ (ئۆلتۈرەر).

يىلاننىڭ زەھىرى بېشىدا،
بىپەرۋانىڭ دۈشمىنى قېشىدا.



# مۇھەببەت، گۈزەللىك ۋە سەتلىك توغرىسىدا

# ئا

ئات مىنسەڭ تاي مىنمە، تاغدا قالىسەن،
يار تۇتساڭ كۆپ تۇتما، داغدا قالىسەن.

ئادەم زىنىنىتى كىيىم،
يەرنىڭ زىنىنىتى جىرىم.

ئادەم كىيىمى بىلەن چىرايلىق،
ئات ئېگىرى بىلەن (چىرايلىق).

ئادەمدە سۈپەت ئوندۇر،
بىرى ئۆزىدە بولسا، قالغىنى توندۇر.

ئادەمگە كىيىم كېرەك،
ئېرىق بويىغا جىرىم (كېرەك).

ئادەمنىڭ سۆلىتىگە قارىما،
ئەمگىكىگە قارا.

ئازازۇل خوتۇنىنىڭ زىبالىقى كۆرۈنمەس.

ئاشىق بولساڭ تارتىنچاق بولما.

ئاشىق چوكانغا ئېشەك تېزىكى ئالتۇن كۆرۈنۈپتۇ.

ئاشىق چىدىغانغا قەلەندەر چىدىماپتۇ.

ئاشىق كۇندە مىڭ قېتىم ئۆزىنى تۇزەيدۇ،
دەردمەن مىڭ كۇندە بىر قېتىم (ئۆزىنى تۇزەيدۇ).

ئاشىقچىلىقتا ئۆلۈم هېچ گەپ ئەمەس.

ئاشىققا باغدادمۇ يېقىن.

ئاشىققا جەندە ئەتىۋار،
قەلەندەرگە ساپايە (ئەتىۋار).

ئاشىقلىق ئاسان، جۇدالىق تەس.

ئاشىقلىق يىغلىتار، دەرد سۆزلىتەر.

ئاشىقنىڭ ئاشنىسى بولماس.

ئاشىقنىڭ دەردىنى دىلبەر بىلىدۇ.

ئاشىقنىڭ نۇقسانى كۆزگە كۆرۈنمەس.

ئاشىقنىڭ ئۆيى مەشۇقنىڭ كۆڭلى،
يېتىمنىڭ كۆڭلى — خۇدانىڭ ئۆيى.

ئاشىقنىڭ يۈرىكى ئۆز يېغىدا قورۇلار.

ئاغزى يوغاننىڭ ئۆزى يوق،
كۆزى يوغاننىڭ سەتى (يوق).

ئاغزىدا بار، كۆڭلىدە يوق.

ئاقنىڭ سەتلىكى بىلىنمەس،
قارىنىڭ چىرايلىقى (بىلىنمەس).

ئاقنىڭ قارا بولمىقى ئاسان،
قارىنىڭ ئاق بولمىقى تەس.

ئالەمچە بەدەن، تىرناقچە كۆڭۈل.

ئالەمدە مىڭ كىشى،
كۆڭۈلدە بىر كىشى.

ئالتۇننىڭ دېتى يوق،
قىز بالىنىڭ يېتى (يوق).

ئالدىدا تۇرسا ئۇرۇشقۇسى كەپتۇ،
نېرى تۇرسا سۆيۈشكۈسى (كەپتۇ).

ئاي دېسە ئاغزى بار،
كۈن دېسە كۆزى (بار).

ئايدا كۆرسە ئايدەك، كۈندە كۆرسە كۈندەك.

ئايرىلغانغا ئۆلمەيمەن،
ئەقىدەمگە يىغلايمەن.

ئايمۇ ئۆزىدىكى داغنى خال دەر.

ئاينىڭ زىننىتى يۇلتۇز،
ئالەمنىڭ زىننىتى كۇندۇز.

# ئە

ئەر ئارسىز بولماس،
يىگىت يارسىز (بولماس).

ئەر بولسا قۇشلىغۇدەك،
ئەتىسى قوپۇپ مۇشتلىغۇدەك.

# ب

بازاردا مىڭ كىشى،
كۆڭۈلدە بىر كىشى.

باشتا ئوتتەك قىزىپتۇ،
ئاخىرىدا پوقتەك سوۋۇپتۇ.

بۇرۇتتىن يامانلىسام، ساقال چىقتى.

بۇلبۇل گۈلسىز سايرىماس،
ناخشا ئىشقسىز ياڭرىماس.

بۇلبۇلنىڭ ناۋاسىنى ئۆردەك بىلمەس.

بۆرە قېرىسىمۇ قويلۇقى بار،
چوكان قېرىسىمۇ تويلۇقى بار.

بېشىڭنى كىم سىيلىسا ماشايىقىڭ شۇ،
كۆڭلۈڭدە كىم بولسا چىرايلىقىڭ شۇ.

بىر قىز ئەرگە تەگسە،
قىرىق قىز چۈش كۆرۈپتۇ.

بىر قىزى بار بەگزادە،
ئىككى قىزى بار خانزادە.

بىر كەپتەردە قىرىق قىزنىڭ ئىشقى بار.

بىر كۆڭۈل ئاغرىقى مىڭ كالتەكتىن يامان.

بىر كۈلكە مىڭ غەمنى يېڭەر.

بىر ماڭغانغا يولداش بولما،
بىر سۆيگەنگە يار (بولما).

بىر يۈرەككە ئىككى يار سىغماس،
بىر يىلدا ئىككى ياز بولماس.

بىلمەي ئاپتۇ دەللىنى،
چۈۋۈپ قالاپتۇ چەللىنى.

## پ

پەرداز زىننى چىللايدۇ.

پەرداز — گۈزەللىكنىڭ دۈشمىنى.

## ت

تاراقسىز چاچنىڭ زىننىتى بولماس.

تاغ كۆركى قورام تاش،
ئادەم كۆركى ئۇستىباش.

تاغنىڭ كۆركى قاش بىلەن،
ئادەم كۆركى قاش بىلەن.

تالالىقى بار، ئۆيچىلىكى يوق.

تاماق تەم بىلەن،
كۆڭۈل پەم بىلەن.

توي نەغمە ـ ناۋا بىلەن،
ئۆلۈم يىغا ـ زار بىلەن.

«توي» دېسە قورۇق كاللا ھەڭگىيىپتۇ.

توي نەغمىسىدە قىزىيدۇ،
مەشرەپ ئاللا ـ ئاللىسىدا.

توي ـ تۆكۈندە زەللە (كېرەك).

تويدا ناغرا ياخشى،
قېتىقتا زاغرا (ياخشى).

تويىنى بولغاندا كۆرۈڭ،
چارباغنى سالغاندا (كۆرۈڭ).

تويىنىڭ بولغىنىدىن «بولىدۇ» سى قىزىق.

تويىنىڭ غەلۋىسى بار،
ئۆلۈمنىڭ سەۋرىسى (بار).

ج

جاپانى چەكمىگەن ئاشىق ۋاپانىڭ قەدرىنى بىلمەس.

جانان دېسەڭ جاندىن كەچ.

جاندىن كەچمىگۈچە جانانغا يەتكىلى بولماس.

## چ

چېچىدا ئۈلىقى يوق،
يۈزىدە يامىقى (يوق).

چىراي تاللىماي مىجەز تاللا.

چىراي تويدا كېرەك،
مۇھەببەت كۈندە (كېرەك).

چىراي كۆر ھال سورا،
موللا كۆر سوئال (سورا).

چىراي كۆيدۈرەر،
خۇلق سۆيدۈرەر.

چىرايغا قاراپ ھال سوراپتۇ.

چىرايلىق چىرايلىق ئەمەس،
سۆيگەن چىرايلىق.

چىرايلىق قاراشقا ياخشى،
سەت ھەمراھلىققا (ياخشى).

چىرايلىق قىز يۇرتنىڭ چىرىغى.

چىرايلىق كىيىم ياغاچ قورچاققىمۇ يارىشىدۇ.

چىرايلىق كىيىنسە ئاق كۆڭۈل دېمە،
يىرتىق كىيىنسە قارا كۆڭۈل (دېمە).

چىرايلىق يۈزدە ئەمەس، سۆزدە.

چىرايلىقتا ۋاپا يوق.

چىرايلىققا كىيىم يارىشار.

چىرايلىقنى تاشلىساڭمۇ قەدىناسنى تاشلىما.

چىرايلىقنى خۇش قىلغان چوقۇرنىڭ يۈزى.

چىرايلىقنىڭ چاپارمىنى تولا.

چىرايلىقنىڭ چىقىمى تولا.

چىرايلىقنىڭ دەردىنى دەيمۇ،
سەتنىڭ ھالىنى (دەيمۇ).

چىرايلىقنىڭ قېشىغا قارىماي،
ئەتكەن ئىشىغا قارا.

چىرايلىقنىڭ قىلىقى سەت.

چىرايلىقنىڭ ئوتى يامان،
سەتنىڭ ھالى (يامان).

چىرايى چىرايلىق كۆيدۈرىدۇ،
قىلىقى چىرايلىق سۆيدۈرىدۇ.

چىرايىدىن قار ياغىدۇ،
لەۋزىدىن تۇز (ياغىدۇ).

چىرايىغا چاي قۇيۇپ ئىچكىلى بولماس.

چىرايىڭنىڭ سەتلىكىگە ئەينەك گۇناھكار ئەمەس.

چىرايىنى دەپ كۆيمىگىن،
دەرد ـ ئەلەمگە قالمىغىن.

# خ

خۇش چىراي ئادەمدىن ھاجەت سورا،
بەتچىراي ئادەمدىن ئۆزۈڭنى تورا.

خىرىدارىڭ بولمىسا زىبالىقىڭ نە كېرەك.

خىرىدارىڭ بولمىسا، زىبالىقىڭ نە ئەتىۋار.

## د

دۇتارچى دۇتارچىنى كۆرسە قولى تىترەر.

دۇتار بىلەن مەشرەپ بولماس،
توپا ساماندا ھەلەپ (بولماس).

دۇتاردا بار قۇلاق ساتاردا يوق،
ئۆيلەنمىگەن يىگىت قاتاردا (يوق).

دۇتارنىڭ كارامىتى تارىدا،
تېۋىپنىڭ كارامىتى دارىدا.

دۇنيادا بارى تېپىلۇر، يارى تېپىلماس،
يارى تېپىلسا، ۋاپادارى تېپىلماس.

## ز

زاھىتلىققا سەللە كېرەك.

# س

ساداقەت ـــ مۇھەببەتنىڭ تۈۋرۈكى،
ۋىجدان ـــ مۇھەببەتنىڭ يۈرىكى.

سەت چىراي پەردازغا موھتاج.

سەت گىرىم بىلەن،
چىرايلىق كىيىم بىلەن.

سەتلىكنى بىلىندۈرمىگەن خۇشخۇيلۇقى.

سوقۇر بولسىمۇ توز چىرايلىق،
چوقۇر بولسىمۇ، قىز (چىرايلىق).

سۇغا سالسام سۇ كۆتۈرمەس مىسقال تۆمۈرنى،
ئالتۇن بېرىپ ئېلىپ بولماس سۇنغان كۆڭۈلنى.

سۇنايىنىڭ ئۈنى يىراقتىن ياخشى.

سۆزىدىن بىلىنمىسە،
كۆزىدىن بىلىنەر.

سۆگەتنىڭ تۈزى يوق،
يىگىتنىڭ سەتى (يوق).

سۆيدۈرگەنمۇ تىل،
بەزدۈرگەنمۇ تىل.

سۆيگەن كىشىنىڭ ئەيىبى كۆرۈنمەس.

سۆيگەن ئوتتەك قىزىق،
سۆيمىگەن پوقتەك سوغۇق.

سۆيگەن يارىم سەن بولساڭ،
كۆرگەن كۈنۈم نە بولغاي.

سۆيگەن يارىم قوينۇمدا،
قوڭغۇرىقى بوينۇمدا.

سۆيگەننىڭ لەززىتى سۆيسەم دېگەنچە يوق.

سۆيگۈ بار يەردە رەشك بار.

سۆيگۈ پۇلغا سېتىلماس،
كۆڭۈل پۇلغا تېپىلماس.

سۆيگىن خەلق ئىشىنى،
مەھكەم تۇتۇپ پېشىنى.

سۆيگىنىڭگە يۇمشىقىڭنى بەرگۈچە،
تۇمشۇقۇڭنى بەر.

سۆيمەك ئاسان، كۆيمەك تەس،
كۆيمەك ئاسان، ئۆلمەك تەس.

سۆيمەككە سىمىز ياخشى،
چايناشقا سىغىز (ياخشى).

سۆيمىگەنگە سۈركەلمە.

سۆيۈشكىلى يات ياخشى،
ئويناشقىلى ئات (ياخشى).

سىرىق سۆيدۈرەر،
قارا كۆيدۈرەر.

سىغىنىشقا يول يىراقلىقى كار قىلماس.

سىغىنىشنى مۇھەببەت ئۆلچەر،
راھەتنى مۇشەققەت (ئۆلچەر).

سىردىشىشقا ئۆز ياخشى،
سۆيۈشۈشكە يات (ياخشى).

# ش

شاخ ئىگىز، قولۇم يەتمەس،
يارسىز ئۆمۈر ئۆتمەس.

## ق

قارا بولسىمۇ پاك بولسۇن.

قاش بىلەن كۆزى جايىدا بولسا، باشقىسى بازاردا.

قايغۇ سۆزدىن بىلىنەر،
مۇھەببەت كۆزدىن (بىلىنەر).

قەلبى ئۆلۈك دوزاخقا كىرەر.

قويغا پىچاق، قىزغا قۇچاق.

قۇلاق كۆزدىن ئاۋۋال ئاشىق بوپتۇ.

قۇلىقى يوق قىزغا ئالتۇن ھالقا تويلۇق سايتۇ.

قىزدىن ئارتۇق جۇۋان بار،
ئاتتىن ئارتۇق غۇنان (بار).

قىزىل ئالما سارغايماس.

قىزىلگۈل تىكەنسىز بولماس،
مۇھەببەت رەقىبسىز (بولماس).

قىزىلگۈلگە ئىنتىلگەن كىشى،
تىكىنىدىن قورقماس.

قىزىلگۈلنى كۆرۈپ قىز بېرىپتۇ.

قىزىلگۈلنىڭ تىكىنى بار،
چىرايلىقنىڭ سەپكۈنى (بار).

قىشتا ئوچاق ئۆزىگە تارتىدۇ.

## ك

كۆرمەي تۇرۇپ ئاشىق بوپتۇ،
سۆيمەي تۇرۇپ مەشۇق (بوپتۇ).

كۆرۈپ ئاشىق بولغاندىن،
ئاڭلاپ ئاشىق بولغان يامان.

كۆرۈپ ئەسلىمەي، ئەسلەپ كۆر.

كۆز ئەينەننى كۆرەر،
قەلب پىنھاننى (كۆرەر).

كۆز تارازا، كۆڭۈل قازى.

كۆز كۆردى، كۆڭۈل سۆيدى.

كۆز كۆرسە، كۆڭۈل تىلەپتۇ.

كۆز كۆرگەنگە مايىل.

كۆز كۆرگىنىنى ئۇنتۇماس،
يۈرەك سۆيگىنىنى (ئۇنتۇماس).

كۆز كۆرمەي، كۆڭۈل سۆيمەس.

كۆز كۆرىدۇ، ئەقىل تونۇيدۇ.

كۆز كۆڭۈلنىڭ كۆزنىكى.

كۆز مىڭنى كۆرەر،
كۆڭۈل بىرنى (كۆرەر).

كۆز نەدە، كۆڭۈل شۇ يەردە،
كۆز نەدە، مېھىر شۇ يەردە.

كۆز نېرۋىنىڭ ئۇۋىسى،
كۆڭۈل سىرنىڭ ئۇۋىسى.

كۆز ئىسسىق يۈز تونۇماس،
چىش سوغۇق ئېغىز كۆيمەس.

كۆز يېشى — ئىشق ئوتىنى ئۆچۈرەلمەس.

كۆزگە سىغقان كۆڭۈلگە سىغار.

كۆزگە سىغقان كۆڭۈلگە سىغماپتۇ.

كۆزىدە مېڭى بار كۆيدۇرەر،
لېۋىدە مېڭى بار سۆيدۇرەر.

كۆڭلۈڭ تىنچ، قايناق سۇ ئىچ.

كۆڭلۈڭ رەنجىسە كۆلۈپ ئوينا.

كۆڭلۈڭ رۇس بولسا،
ساتمىمۇ ساراي بولىدۇ.

كۆڭلى بارغا مايىل بول.

كۆڭلى بۇزۇق باشقىلاردىن ئەيىب ئىزدەر.

كۆڭلى تۇراقسىز — بەختى تۇراقسىز.

كۆڭلى تۈزنىڭ گېپى تۈز.

كۆڭلى خۇش ناخشىنى ئەتىگەندە ئېيتىدۇ،
دەردمەن چۈشتە ئېيتىدۇ، ئاشىق كەچتە ئېيتىدۇ.

كۆڭلى ئۆسسە بوي ئۆسەر.

كۆڭلىدە يوقنىڭ كۆزىدە يوق.

كۆڭۈل تارتقان ئاش ھالال.

كۆكۈل تىنچىمىسا جاھان تىنچىماس.

كۆكۈل چۈشكەن ئىشنىڭ ئېغىرى يوق.

كۆكۈل دېگەن پادىشا،
كۆيۈپ قالساڭ تاتىشا.

كۆكۈل دېگەن ساراڭ نېمە.

كۆكۈل دېگەن ئۇچار قۇش.

كۆكۈل دېگەن ئىت كۆزى،
ھەر نەرسىگە كۆز سالار.

كۆكۈل دېگەننىڭ ئىشىك ـ دېرىزىسى ئوچۇق.

كۆكۈل رەنجىتكەن چاقچاق ئەمەس.

كۆكۈل شادلىقنى تىلەر،
ئېغىز تاتلىقنى (تىلەر).

كۆكۈل قاچقانغا چۈشىدۇ.

كۆكۈل قۇش، ئەقىل ئۇۋا.

كۆكۈل كۆرمىسە كۆز دېگەن تام تۆشۈكى.

كۆكۈل كۆكۈلدىن سۇ ئىچمىسە مۇز قاتار.

كۆڭۈل كىمنى سۆيسە شۇ چىرايلىق.

كۆڭۈل ئوخشىمىسا، كۆز ئوخشىماس.

كۆڭۈل ئېرىسە كۆزدىن چىقار.

كۆڭۈل ياتقان يەردە ئىت ياتماپتۇ.

كۆڭۈل يىغلىمىسا ياش چىقماس.

كۆڭۈلچەكنىڭ كۆتى ئوچۇق.

كۆڭۈلچەكنىڭ كۆڭلى تىنماس.

كۆڭۈلدە بولمىسا مېھىر - مۇھەببەت،
ئەقىدە زورىدىن نىشان تېپىلماس.

كۆڭۈلدە گۇمان بولسا،
ئارىدىن داۋان چىقار.

كۆڭۈلدە نېمە بولسا،
ئېغىزدىن شۇ چىقىدۇ.

كۆڭۈلدىكى ئاغرىقنى يۇلۇۋەتكىلى بولماس.

كۆڭۈلدىكى گۇمان،
ئايدىكى تۇمان.

كۆڭۈلدىن - كۆڭۈلگە يول بار.

كۆڭۈلسىزدىن كۆلكە چىقماس.

كۆڭۈلسىزگە كۆڭلەك كىيدۈرمەپتۇ.

كۆڭۈلگە پۈتۈلسە، پۈتمەيدىغان ئىش يوق.

كۆڭۈلگە ياقسا كۆزۈڭگە سىغماس.

كۆڭۈلگە ياقمىسا، كۆزگە ياقماس.

كۆڭۈلنى سېتىۋالغىلى بولماس.

كۆڭۈلنىڭ ئالىسى دىلنى ئاغرىتار،
ئاشنىڭ ئالىسى قورساق (ئاغرىتار).

كۆڭۈلنىڭ ئالىسى ئىچىدە.

كۆڭۈلنىڭ تۈۋرۈكى سەۋر.

كۆڭۈلنىڭ دەرۋازىسى يوق.

كۆڭۈلنىڭ سىرىنى كۆز بىلەر.

كۆڭۈلنىڭ كەينىگە كىرگەن ئۆزىنى چۆلدە كۆرەر.

كۆنگەن خۇي كۆڭۈلدىن قالماپتۇ.

كۆنگەن يامانمۇ، كۆيگەنمۇ.

كۆيدۈرگىنىڭدىن ئۆلتۈرگىنىڭ ياخشى.

كۆيگەندىن كۆنگەن يامان.

كۆيگىنى يارىدا قالدى،
سۆيگىنى ئارىدا (قالدى).

كۆيمىگەننىڭ كۆلى بولغۇچە،
كۆيگەننىڭ گۆلى بول.

كۆيۈك كۆيگۈچە،
ئىشق ئۆلگۈچە.

كۈچ - قۇدرەت بىلەكتە،
مۇھەببەت يۈرەكتە.

كۆلگەنگە قاراپ ھىجاي.

كۈيمىگۈچە سۆيەلمەيدۇ.

كېيىك ئوۋلاپ تاغقا چىق،
يارنى ئىزدەپ باغقا (چىق).

كىمنى سۆيسەڭ شۇ چىرايلىق.

كېيىم سېنىڭ سۆلىتىڭ،
مېھمان مېنىڭ دۆلىتىم.

كىيىمىڭگە قاراپ قارشى ئالىدۇ،
بىلىمىڭگە قاراپ ئۇزىتىدۇ.

كىيىمىڭنى ئۆتنە بەرمە،
قىمارۋازغا قەرز (بەرمە).

## گ

گەپ قىلماس غەزەلگە ئۇستا،
يول ماڭماس سەنەمگە (ئۇستا).

گۆر ئازابىنى ئۆلگەن بىلۇر،
يار ئازابىنى كۆيگەن (بىلۇر).

گۈزەل يولدا تاشلايدۇ.

گۈزەل يولدا قويۇپتۇ،
قاراقچى چۆلدە (قويۇپتۇ).

گۈزەلگە بېرىلسەڭ گۆرگە باشلايدۇ،
كۆڭۈلگە بېرىلسەڭ چۆلگە تاشلايدۇ.

گۈزەللىك ئوندۇر، توققۇزى توندۇر.

گۈزەللىك ئاددىيلىقتا.

گۆزەلنىڭ ئەيىبىمۇ گۆزەل.

گۈل ئەخلەتكە چۈشسە گۈلى گۈل،
قۇل بەختكە چىقسا قۇلى قۇل.

گۈل بولسا پۈرىغۈڭ كېلۈر،
بۇلبۇلدىن قورىغۇڭ كېلۈر.

گۈل تىكەنسىز بولماس.

گۈل چىرايلىق بولسا كېپىنەك قونىدۇ.

گۈلدەك چىرايىڭ بولغۇچە،
تىرناقچىلىق ئەقلىڭ بولسىچۇ.

گۈلنى سۆيگەن تىكىنىنىمۇ سۆيەر.

گۈلنى ئۈزسەڭ تاۋار ياغلىقىقا ئورا.

گۈلنى ئۈزسەڭ چېكەڭگە قىس.

گۈلنىڭ تىكىنى بولىدۇ،
يارنىڭ ئېۋىنى (بولىدۇ).

گۈلنىڭ تىكىنىدىن قورققان گۈل قىسالماس.

گۈلنىڭ رەڭگىگە قارىماي، پۇرىقىغا قارا،
ئادىشىڭنىڭ تۇرقىغا قارىماي، خۇلقىغا قارا.

گۈلنىڭ گۈزەللىكى ھۆسنىدە،
ئادەمنىڭ گۈزەللىكى قەلبىدە.

گۈلنىڭ ئۈزلۈقىغا باقماي، پۇرىقىغا باق.

گۈل — ئەۋرەزدە ئۈنسىمۇ گۈل،
ئەۋرەزگە چۈشسىمۇ گۈل.

## م

ماڭا كۆيگۈچە، بالاڭغا كۆي،
مېنى سۆيگۈچە ئېرىڭنى سۆي.

مەن بارمايمەن ھال تارتىپ،
يار كەلمەيدۇ ماي تارتىپ.

مۇزلىغان كۆڭۈلنى قۇياشمۇ ئىسسىتالماس.

مۇڭسىز ناۋادىن كالىنىڭ مۆرىشى ياخشى.

مۇھەببەت پۇلغا سېتىلماس،
كۆڭۈل ئالتۇنغا تېپىلماس.

مۇھەببەت چىراي تاللىماس،
ئۇيقۇ جاي تاللىماس.

مۇھەببەت نەدە، ئىككى كۆزدە.

مۇھەببەت ئۆلۈمنى يېڭەر.

مۇھەببەت ۋاپاسى بىلەن،
ھالاۋەت جاپاسى (بىلەن).

مۇھەببەتسىز ياشلىق — سايىدىكى تاشلىق.

مۇھەببەتسىز يۈرەكتىن قۇرۇپ قالغان تېرەك ياخشى.

مۇھەببەتسىز يۈرەك — كۆيۈپ ئۆچكەن تېزەك.

مۇھەببەتكە مەسلىھەتنىڭ كېرىكى يوق.

مۇھەببەتلىك كىشىنىڭ كۆڭلى يازدۇر، قىشى ئاز،
مۇھەببەتسىز كىشىنىڭ كۆڭلى قىشتۇر، يېزى ئاز.

مۇھەببەتنى بىلمەكچى بولساڭ كۆزىگە قارا.

مۇھەببەتنىڭ دەسمايىسى — مېھىر.

مۇھەببەتنىڭ ئۇستازى يوق.

مۈشۈكتەك يالىشىپتۇ،
ئىتتەك تالىشىپتۇ.

مىڭ پىراقىڭدىن،
بىر ئەلىمىڭ يامان.

مىڭنى تونۇغۇچە،
بىرنى پىششىق بىل.

مىڭنىڭ چىرايىنى تونۇغۇچە،
بىرنىڭ ئىسمىنى بىل.

ن

ناخشا يۈرەكتىن چىقىدۇ.

ناخشىغا ئامراق دولان ئال،
بالىغا ئامراق جۇۋان (ئال).

ناخشىنى بىر دەردمەن ئېيتىدۇ،
بىر زوقمەن ئېيتىدۇ.

ناز قىزغا يارىشار،
غاز كۆلگە (يارىشار).

ناغرا ـ سۇناي ئاۋازى يىراقتىن ياخشى.

نەغمىگە ئۇسسۇل كېرەك،
دېھقانغا هوسۇل (كېرەك).

## ھ

ھەركىمنىڭ ئۆزىگە،
ئاي كۆرۈنەر كۆزىگە.

ھەۋەس قىرىمايدۇ،
ئىشق ئۆلمەيدۇ.

ھۆسنى بارنىڭ دۈشمىنى كۆپ.

## ئو

ئوت دەردىنى كۆيگەن بىلەر،
يار قەدرىنى سۆيگەن (بىلەر).

ئوت قەدرىنى كۆيسەڭ بىلەرسەن،
يار قەدرىنى سۆيسەڭ (بىلەرسەن).

ئوچۇق چىراي — قايناق چاي.

ئوچۇق چىراي — سۈزۈك سۇ.

ئوچۇق كۆڭۈل — نېمەت ئۈستىگە نېمەت.

ئوخشاشنىڭ پەرقى بار،
قارا قاشنىڭ سەتى (بار).

ئوغلاق ئات بىلەن ياخشى،
توي يات بىلەن (ياخشى).

ئويمان دۆڭدىن ياخشى،
كۆرۈمسىزدىن ئۈز ياخشى.

ئويۇن ـ چاقچاق تەنگە داۋا،
قايغۇ ـ ھەسرەت تەنگە جازا.

## ئۇ

ئۇسسۇلچى داپقا ئامراق،
يالغانچى لاپقا (ئامراق).

ئۇسسۇلنى باشلىغان داپچى،
جېدەلنى باشلىغان لاپچى.

## ئۆ

ئۆرۈك ئوتۇنىنىڭ چوغى يامان،
قارا قىزنىڭ ئوتى يامان.

ئۆزۈڭ سۆيگەننى ئالما،
ئۆزى سۆيگەننى ئال.

ئۆزى پۈزۈر، ئىچى قوتۇر.

ئۆزى سەتنىڭ سۆزى سەت.

ئۆزى سوغۇقنىڭ گېپىمۇ سوغۇق.

ئۆزى كۆرمىگەننى كۆڭۈل سۆيمەس،
كۆڭۈل سۆيمىگەندىن كۆزنى ئۈزەلمەس.

ئۆزى مۇزلۇقنىڭ گېپى تۇزلۇق.

ئۆلۈمدىن قورققان ئاشىق تاپالماس.

ئۆي يىراقى بولسا بولسۇن،
كۆڭۈل يىراقى بولمىسۇن.

ئۆيۈڭدە بولغانغا ئەمەس،
قوينۇڭدا بولغانغا سۆيۈن.

ئې

ئېشىككە يارىشا توقۇمى.

ئېگىز تاغقا قورام تاش كېرەك،
قىز بالىغا ئۇستىباش (كېرەك).

## ئى

ئىچى كۆيمىگەننىڭ كۆتى قىچىشماس.

ئىشان سوپىسى بىلەن،
چوكان ئۇچىسى بىلەن.

ئىشەنمەڭ چىرايلىققا،
يىغلايسىز داۋاملىققا.

ئىشقىسىز مەشرەپكە بارماڭ،
پۇلسىز بازارغا (بارماڭ).

ئىشقى ئوتى پۇۋلىگەنگە يانمايدۇ.

ئىشقى يوق ياردىن،
ئىسسىق ئوچاق ياخشى.

ئىشقى يوق يۈرەك،
دەردى يوق كېسەك.

ئىشق باشقا، ھەۋەس باشقا.

ئىشق ئوتى «پۇۋ» دېگەنگە ئۆچمەيدۇ.

## ي

يات يەرنى شامال قاقىدۇ،
چىرايلىققا ھەركىم باقىدۇ.

ياخشى رۇخسار يېرىم دۆلەت.

ياخشى يارغا ئەلچى كېرەك ئەمەس.

يار كېلەر يارىنى دەپ،
كېتىپ قالار بارىنى دەپ.

يار ئوتىنىڭ يارىسى يوق.

يار ئۈچۈن يېگەن تاياقنىڭ يارىسى يوق.

ياردىن ئايرىلغان يەتتە يىل يىغلار،
ئەلدىن ئايرىلغان ئۆلگۈچە (يىغلار).

ياردىن ئايرىلغانمۇ يامان،
جاندىن ئايرىلغانمۇ يامان.

يارسىز ئۆمۈر — ئۆچكەن ئوت.

يارلىق بولساڭ ياسىداق بول.

يارنى تاپسام گەپ يوق،
گەپنى تاپسام يار (يوق).

يارنى گۈل ئارىسىدىن ئىزدە،
ئەرنى ئەل ئارىسىدىن (ئىزدە).

يارنى ئويلىسا ئۆيقۇ قاچار،
جاھاننى ئويلىسا غەمگە پاتار.

يارنىڭ تۇرقىغا قارىماي، خۇلقىغا قارا.

يارنىڭ سۈرتىگە قارىماي، تۇرقىغا قارا.

يارنىڭ يامىنى يوق.

يارىسا يارىغا بولۇر،
يارىمىسا خانىمغا (بولۇر).

يارىم چىقتى تالاغا،
مېنى قويدى بالاغا.

يارىم قېرىتمايدۇ،
ۋايىم قېرىتىدۇ.

يارىم مېهرى بىلەن سۆيدۈرىدۇ،
ئىشقى بىلەن كۆيدۈرىدۇ.

يارىم مېھرى بىلەن سۆيدۈردۈ،
نازى بىلەن ئۆلتۈردۈ.

يارىم مېھرى بىلەن كۈلدۈردۈ،
ئىشقى بىلەن كۆيدۈردۈ.

يارىم يامانلىغانغا خۇش،
مەن قۇتۇلغانغا (خۇش).

يارىمنىڭ تىللىغىنى ــ چىللىغىنى.

ياسانچۇق مۈزلىمايدۇ، تىترەيدۇ.

ياش كۆزدىن بىكار ئاقماس،
ناخشا يۈرەكتىن بىكار چىقماس.

يالغۇزلۇققا يار ياخشى.

يامان ھەۋەس قىيامەتكە ئېلىپ بارىدۇ،
ياخشى ھەۋەس ھىدايەتكە (ئېلىپ بارىدۇ).

يامانىنىڭ ئوتى يامان.

يامغۇردىن چىمەن يايرار،
ناخشىدىن كۆڭۈل (يايرار).

يۈز يۈزگە چۈشىدۇ،
مېھىر كۆزگە (چۈشىدۇ).

يىگىت ئاشىق بولسا كۆككە باقار،
قىز ئاشىق بولسا يەرگە (باقار).

يىگىت بولسا قەرزى بولمىسا،
چىنە بولسا دەزى بولمىسا.

يىگىت سۆيسە ئالار،
قىز سۆيسە قالار.

يىگىت قېرىسىمۇ كۆڭلى قېرىماس.





# ھەرخىل جىسمانىي ئەيىبلەر توغرىسىدا

## ئە

ئەما چامغۇرنى تۇخۇم دەيدۇ،
توكۇر «ھەممىنى قىلغان پۇتۇم» دەيدۇ.

ئەماغا جاھاننىڭ كەڭلىكى بىلىنمەس.

ئەماغا چىراغ لازىم ئەمەس،
تەرساغا مەسلىھەت (لازىم ئەمەس).

ئەماغا ناۋات بەرسەڭ «نېمە بۇ» دەيدۇ.

ئەمانىڭ قولى ھاسىغا پىششىق،
پۇتى يولغا (پىششىق).

## ب

بېشى تازنىڭ كۆڭلى نازۇك.

## پ

پاكار ئىشەككە ھەركىم مىنەر.

## ت

تاز ئات مىنسە چىقمىغان دۆڭ قالماپتۇ.

تاز بولساڭ گەدەنگىچە بول.

تاز بولساڭمۇ مەرتىۋەڭ بولسۇن.

تاز بولسىمۇ قىز ياخشى.

تاز بېشىنى تىللا تارغاقتا تاراپتۇ.

تاز خۇشخۇي كېلۇر،
گومۇش بەتخۇي كېلۇر.

تاز دېگەن ھەييار،
گەپ ـ سۆزى تەييار.

تاز دېگۈچە، قوتۇر دېۋالاي.

تاز قىزغا ئەر تاپماق تەس،
سىيدام كەكىگە ساپ تاپماق (تەس).

تاز كارامەتچى كېلۇر،
پوقاق دارامەتچى (كېلۇر).

تاز گۇل تاپسا، قىسقىلى يەر تاپالماپتۇ.

تازغا ئەمەل تەگسە،
چۇش ۋاقتىدا چىراغ يېقىپتۇ.

تازغا تارغاق بەرسە يېلىم تىلەپتۇ.

تازغا تارغاق ياراشماس.

تازغا تاڭ ئاتماس،
قارىغۇغا كۈن چىقماس.

تازغا تەلپەك،
چۆگۈنگە چەپچەك.

تازغا تۇمارنىڭ نېمە ئىشى،
پوچوقا ناسۋالنىڭ نېمە ئىشى.

تازغا تۇمارنىڭ نېمە ئىشى،
مۇشۇككە خومارنىڭ نېمە ئىشى.

تازغا چاچ ياراشماپتۇ،
ئوسۇرغاققا يۆتەل (ياراشماپتۇ).

تازغا كەمچەت تۇماق ياراشماس.

تازغا مەنسەپ تەگسە چەللىدە ئات چاپار.

تازلار تانىغا چىقتى،
ئۇيلار مومىغا چىقتى.

تازنى ئاپتاپتا قىستاپتۇ،
قارىغۇنى تاردا (قىستاپتۇ).

تازنى ئەر بولمايدۇ دېمە،
سازلىقنى يەر بولمايدۇ دېمە.

تازنى تاز دېسە ئۆلگۈسى كېلەر،
ساقنى تاز دېسە كۈلگۈسى (كېلەر).

تازنى تاز كۆرسە بېشى قىچىشار،
باجا باجىنى كۆرسە كۆتى قىچىشار.

تازنى غوجام دەپتۇ،
پاخشەكنى خېنىم (دەپتۇ).

تازنىڭ ئەقلى چۈشتىن كېيىن.

تازنىڭ بېشى تارىشا،
تۇلكە تۇماق يارىشا.

تازنىڭ بېشى تىرىڭ - تىرىڭ،
لېكىن ئەقلى جىرىڭ - جىرىڭ.

تازنىڭ بېشىدا ئالتۇن تاج.

تازنىڭ بېشىدا ئالتۇن تارغاق.

تازنىڭ پېتى ساناقلىق.

تازنىڭ تاپقىنى — تېرە بۆك.

تازنىڭ قولى ئېرىغ تۇرماس،
كونا تاغاردا تېرىق (تۇرماس).

تازنىڭ كۆزى چاچتا،
ئاچنىڭ كۆزى ئاشتا.

تازنىڭ كۆزى چاچتا،
قىزنىڭ كۆزى قاشتا.

تازنىڭ كۆزى چاچتا،
يېتىمنىڭ كۆزى ئاشتا.

تازنىڭ كۆڭلى مەلىكىگە چۈشۈپتۇ.

تازنىڭ نېمىسى بار؟ تۆمۈر تاغىقى،
گادايىنىڭ نېمىسى بار؟ بەش پۇڭ يارمىقى.

توكۇر چوكاننىڭ مايماق ئاشنىسى بار،
قارىغۇ يىگىتنىڭ جىرتاق ئادىشى بار.

توكۇر ھاسا غېمىدە،
كوسا ساقال (غېمىدە).

توكۇر ئۇسسۇلچى،
كېكەچ غەزەلچى.

توكۇر يىگىت مايماق قىزغا كۆيۈپتۇ.

توكۇر يىگىت مايماق قىزغا كۇلۇپتۇ.

توكۇرغا ئۇسسۇلنىڭ نېمە ئىشى.

توكۇرنى ئۇسسۇلغا سالسا،
بىر تاختا قوغۇننى بۇزۇپتۇ.

تۇغما قارىغۇغا تۇخۇمىمۇ قارا.

ج

جىرتاق خوتۇنغا چاپاق ئەر.

ق

قارا خوتۇننىڭ مېھرى ئىسسىق.

قارىغۇ بەتگۇمان كېلىدۇ،
گاس زۇۋاندار كېلىدۇ.

قارىغۇ بىلەن قارىغۇ قاراڭغۇدا تېپىشىپتۇ.

قارىغۇ تايىقىدىن ئايرىلماس.

قارىغۇ تۇتقۇۋالغانىنى قويۇپ بەرمەس،
گاس ئاڭلىغانىنى (قويۇپ بەرمەس).

قارىغۇ ساقىقا يول كۆرسىتىپتۇ.

قارىغۇ قاراڭغۇدىن قورقماپتۇ.

قارىغۇ ھاسىسىنى بىر قېتىم يوقىتىدۇ.

قارىغۇ ئېشەككە تۇزلۇق سۇ،
قاتتىق نانغا مۇزلۇق سۇ.

قارىغۇ ئىنەككە چولاق بۇقا،
توكۇر ئېشەككە كۇمۇش تاقا.

قارىغۇغا ئەگەشسەڭ،
ئازگالغا يىقىلىسەن.

قارىغۇغا ئەينەك بەرسەڭ، رەھمىتى يوق.

قارىغۇغا چوڭ يول تا كېلەر.

قارىغۇغا كۈنمۇ ئوخشاش،
تۈنمۇ ئوخشاش.

قارىغۇغا ئوق بەرمە،
بىلىمسىزگە ھوقۇق (بەرمە).

قارىغۇغا يول كۆرسەتسە،
«ئۆزۈم تاپقان يول» دەپتۇ.

قارىغۇغا يول كۆرسەتمەڭ،
نادانغا ئەقىل (كۆرسەتمەڭ).

قارىغۇنى تار يەردە قىستاپتۇ.

قارىغۇنى قارىغۇ يېتىلىسە ئويمانغا چۈشەر.

قارىغۇنى كۆزدىن ئايرىغان بىلەن ھاسىسىدىن ئايرىماپتۇ.

قارىغۇنى ھاسىسىدىن،
قىزنى ئانىسىدىن ئايرىمىسۇن.

قارىغۇنى يارغا قىستاپتۇ.

قارىغۇنىڭ ئارقىسىدىن ماڭساڭ، گوداڭغا چۈشىسەن.

قارىغۇنىڭ بارغىنىنى سورىماي، يانغىنىنى سورا.

قارىغۇنىڭ تىلىكى ئىككى كۆز،
گاچىنىڭ تىلىكى بىر ئېغىز سۆز.

قارىغۇنىڭ چاپاق ئادىشى بار.

قارىغۇنىڭ قويغىنىنى قارىغۇ تاپالماپتۇ.

قارىغۇنىڭ كەينىگە كىرگەننىڭ يولى قاراڭغۇ.

قارىغۇنىڭ كۆزى كۆرمىگەن بىلەن ئەقلى كۆرىدۇ.

قۇيۇلغان كۆز ئەسلىگە كەلمەس.

## ك

كورغا بازارنىڭ نىمە ئىشى،
تۆگىگە مازارنىڭ نىمە ئىشى.

كۆزى كۆرمىگەن قارىغۇ ئەمەس،
خەت تونۇمىغان قارىغۇ.

كېكەچ بولسىمۇ باينىڭ بالىسى سۆزلىسۇن.

كېكەچ سۆزلىسە،
ئېغىز ئاچۇرماس.

كېكەچ قىزنىڭ دەردىنى ئانىسى بىلەر.

# گ

گاچا چۆچۈرە يېسە ئېچىدە ساناپ يەر.

گاچا ئۆزىنى داملار،
لولا نېمىسىنى (داملار).

گاچىنى سۆزلەتكەن ئۇنىڭ ئانىسى.

گاچىنى سۆزلەتكەن ئۇنىڭ پۇلى.

گاچىنىڭ ھوشيارلىقى — ئىشارىتىدە.

گاچىنىڭمۇ ئۆزىگە تۇشلۇق كۆڭلى بار.

گاس بولغاندىن گاچا بولغان ياخشى.

گاس سازغا قارىماس،
نائىنساپ ئازغا (قارىماس).

گاس گەپكە ئارىلاشسا، قارىغۇ پال سالار.

گاس گۇمانخور كېلەر،
ئوغرى قەسەمخور (كېلەر).

گاسنىڭ قۇلىقى بولمىغان بىلەن كۆزى بار.

گاسنىڭ قۇلىقى يامان گەپنى تېز ئاڭلايدۇ.

گاسنىڭ كۆزى ئۆتكۈر،
قارىغۇنىڭ قۇلىقى (ئۆتكۈر).

گۇل قەدرىنى قارىغۇ بىلمەس،
ساز قەدرىنى گاس (بىلمەس).

## م

مايماق توكۇرنى دوراپتۇ.

مايماق ئېشەككە گۇللۇك توقام.

مايماقنىڭ مېڭىشى تولا،
كېكەچنىڭ گېپى (تولا).

## ئو

ئون تازنىڭ توققۇزى ھەييار،
ئون كورنىڭ توققۇزى مەككار.

# ئې

ئېرى تارتۇقنىڭ خوتۇنى پۇچۇق.



# پەند - نەسىھەت، مەسلىھەت - مۇلاھىزىلەر توغرىسىدا

# ئا

ئات بېشىغا ئۇرغۇچە،
ئاتاڭنىڭ بېشىغا ئۇر.

ئات تاپقۇچە ئېشەك مىن.

ئات چاپتۇرساڭ ئالدىڭغا قارا،
گەپ قىلساڭ ئاغزىڭغا (قارا).

ئاتاڭ نەدە ئۆلسە،
يىغاڭنى شۇ يەردە يىغلا.

ئاتقا مىنگەندە،
پىيادە ماڭغىنىڭنى ئۇنتۇما.

ئاتقا مىنمىگىنىڭ ياخشى،
مىنگەندىكىن كۆتۈم ئاغرىدى دېمىگىنىڭ ياخشى.

ئاتلىق يالغۇز ماڭغۇچە،
پىيادە بىللە ماڭ.

ئاتنى توختىتىپ چىچارغا ئۆگەتمە.

ئاتنى مىنىپ ئال،
مىلتىقنى ئېتىپ ئال.

ئاتنى ھەيدە يەم بىلەن،
ئىشنى قىلغىن پەم بىلەن.

ئاتنى ئوغلاقتا سىنا،
كېمىنى دەريادا (سىنا).

ئاتنى ئوقۇردا باق،
ناننى تونۇرغا ياق.

ئاتنىڭ خۇيىنى كۆزىدىن بىل،
يىگىتنىڭ خۇيىنى سۆزىدىن (بىل).

ئاتنىڭ كەينىگە ئۆتمە،
يۇرتنىڭ ئالدىغا (ئۆتمە).

ئاتىسىغا بېقىپ دوست تۇت.

ئاجرىشىپ پۇل تاپقۇچە،
بولۇشۇپ بالا تاپ.

ئاجىزغا ئاتا بول،
يېتىمغا يۆلەك (بول).

ئاجىزغا ئېشىكنى بەر.

ئاجىزلارغا كىرىلمە،
كاتتىلارغا ئېگىلمە.

ئاچ قورساققا قىلىنغان نەسىھەت،
كالىغا دەرس ئۆتۈشتىن ئىبارەت.

ئاچچىق بولساڭ تۇزدەك بول،
تاتلىق بولساڭ قەنتتەك بول.

ئاچچىقى يامانىنىڭ پۇشايمىنى كېيىن كېلۇر.

ئاچچىقىڭ كۈن بىلەن بىللە پاتسۇن.

ئاچچىقىڭنى ئەقلىڭ باسسۇن.

ئاچچىقىم كەلدى دەپ تاشنى تەپمە.

ئاخۇنلۇقنى دەپ مەزىنلىكنى تاشلىما.

ئادەم كىرمىگەن ئۆيدىن قورق.

ئادەمگە ئىشەنمە،
ۋىجدانىغا ئىشەن.

ئادەمنى ساۋاق بىلەن باشقۇر،
ھايۋاننى تاياق بىلەن (باشقۇر).

ئادەمنى سىناپ بىل،
تاۋۇزنى چېكىپ (بىل).

ئادەمنىڭ رەڭگى سېرىق،
قىزىتما جانغا قېرىق.

ئادەمنىڭ يۈزىگە باقماي،
سۆزىگە باق.

ئارسلاندەك كۈچۈڭ بولسۇن،
تايغاندەك ھوشۇڭ (بولسۇن).

ئاز يەپ، كۆپ چاينىغىن،
ئاز سۆزلەپ، كۆپ ئاڭلىغىن.

ئاز يۈرتقا ھاكىم بولماڭ،
ئاز ئاشقا بۆكەل (بولماڭ).

ئازغاننىڭ يولىنى تۇتما،
نامەردنىڭ قولىنى (تۇتما).

ئازغىنىڭدا تۈز يولمۇ ئازدۇرىدۇ.

ئاسماندىكى كەكلىك گۆشىدىن،
قاچاڭدىكى ئۆچكە پاتىڭى ئەۋزەل.

ئاسمانغا باقماي يەرگە باق.

ئاسمانغا تۈكۈرسەڭ، يۈزۈڭگە چۈشەر.

ئاش بەرگەن قازاننى چاقما.

ئاش كەلدى ئاغزىڭنى ئاچ،
غەيۋەتتىن نېرى قاچ.

ئاشناڭغا ئىشەنگۈچە، ئاغىچاڭغا ئىشەن،
ئاغىچاڭغا ئىشەنگۈچە، ئەقلىڭگە ئىشەن.

ئاشنام بار دەپ ئەرسىز قالما،
ئۈنۈمسىز دەپ يەرسىز (قالما).

ئاغزىڭ ئەپچىل بولغۇچە،
قولۇڭ ئەپچىل بولسۇن.

ئاغزىڭ ئەمەس،
قۇلىقىڭ ئۇزۇن بولسۇن.

ئاغزىڭ چاققان بولغۇچە،
قولۇڭ چاققان بولسۇن.

ئاغزىڭ گەپتە بولسىمۇ قولۇڭ ئىشتا بولسۇن.

ئاغزىڭغا قاراپ ئوزۇق ئال،
تانۇققا قاراپ، يازۇت (ئال).

ئاغزىڭغا كەلگەننى بوغۇزۇڭغا يۇتما.

ئاغزىڭنى ئۆگەتمە كوت - كوتقا،
ئىتىڭنى ئۆگەتمە سوك - سوكقا.

ئاغزىم تەگدى ئىشىڭغا،
تەنەڭ تەگدى بېشىمغا.

ئاق يەردە توگمەن تالاشماڭ.

ئاقساق سۈنىك ئۇلۇغىدا ئاق.

ئاكاڭنىڭ ئىززىتىنى قىل،
ئاتا ـ ئاناڭنىڭ خىزمىتىنى (قىل).

ئاڭلىغۇچىغا قاراپ ساز چال.

ئالا كۆڭۈلنىڭ كۆزىگە باق،
ئاق كۆڭۈلنىڭ سۆزىگە (باق).

ئالتۇن ئالماي،
دۇئا ئال.

ئالتۇن ئالماي،
رەھمەت ئال.

ئالتۇن بەرسەڭمۇ ماختاپ بەر.

ئالتۇن بېشىڭ ئامان بولسا،
ئالتۇن ئاياقتا سۇ ئىچەرسەن.

ئالتۇن تاۋاقتا شاراب ئىچكۈچە،
ياغاچ تاۋاقتا قېتىق ئىچ.

ئالتۇنباش ئاتاڭ بىلەن قالغۇچە،
پاخىرباش ئاناڭ بىلەن قال.

ئالدىدا ماختىما،
كەينىدە داتلىما.

ئالدىراش ئىشىك ئاچما،
ئاچقاندىن كېيىن قاچما.

ئالما يەپ سۇ ئىچسەڭ ئاغرىپ قالىسەن،
جىگدە يەپ سۇ ئىچسەڭ سەمرىپ قالىسەن.

ئالمىنى دەپ ئاناڭدىن قۇرۇق قالما.

ئالۋاڭنى باردىن ئېلىڭ،
قوشقاچنى ياردىن (ئېلىڭ).

ئالۋاننى باردىن ئال،
قوشقاچنى ياردىن (ئال).

ئالمەن دېسەڭ ئاۋۋال بەر.

ئامانەتنى تۇتماڭ، يوقالسا تۆلەرسىز،
تام تۈۋىدە ياتماڭ، يىقىلسا ئۆلەرسىز.

ئامەت كەلگەندە هوشيار بول،
ئامەت كەتكەندە قەيسەر بول.

ئاناڭنى ئۇرما ئۇۋالى بار،
ئاخىرەتتە سوئالى (بار).

ئاۋۋال تام ئەت،
ئاندىن باغ (ئەت).

ئاۋۋال داڭلىما،
كېيىن دادلىما.

ئاۋۋال ئويلا،
ئاندىن ئىشلە.

ئاۋۋال ئۆزۈڭگە باق،
ئاندىن ناغراڭنى قاق.

ئاۋۋال ئۆزۈڭنى تۈزە،
ئاندىن ئۆزگىنى (تۈزە).

ئاۋۋال ئىشلە،
ئاندىن چىشلە.

ئاۋۋال يول قوي،
كېيىن قول (قوي).

ئايەتنىڭ بېشى بىسمىللا،
گۇۋاھچى بول ھەق ـ لىللا.

ئايغا قاراپ ئېزىقساڭ،
يەر ـ زېمىنغا سىنچىلا.

ئايلانساڭمۇ بىلگەن يولدا ماڭ.

ئاينىڭ بېشىدىن قورقماي،
بەشىدىن قورق.

ئايىغىڭ تېز بولسا سۇلتان بولسەن،
تىلىڭ تېز بولسا، ئۆلتان (بولسەن).

ئايىغىڭ ئىتتىكلىسە يولۇڭ قىسقىرار،
تىلىڭ ئىتتىكلىسە ئۆمرۈڭ (قىسقىرار).

## ئە

ئەتلەس كىيگەندە بۆز كىيگىنىڭنى ئۇنتۇما.

ئەتىگەنكى مۇشتتىن يانما.

ئەتىگەنلىك ناشتىدىن قالساڭ كەچكىچە پۇشايمان يەيسەن،
دەسلەپكى سودىدىن يانساڭ چۈشكىچە پۇشايمان يەيسەن.

ئەتىۋارسىز تۇرغىنىڭدىن،
ئەتىۋارلىق ئۆلگىنىڭ ياخشى.

ئەتىياز ئاپتىپىدىن قاچ،
كۈز ئاپتىپىدا يات.

ئەتىيازدا بالدۇر قوپ، كۈزدە كېيىن يات.

پارنىڭ گۈلى بولغۇچە،
مۇز چوققىدا لەيلى بول.

ئەتىيازنىڭ ئاپتىپىغا ئىشەنمە،
خۇشامەتچىنىڭ ماختىشىغا (ئىشەنمە).

ئەخمەققە ھاسا بولغۇچە،
ئىتىمزغا مايسا بول.

ئەخمەقنىڭ پالتىسى بولغۇچە،
ئەلنىڭ بالىسى بول.

ئەسكى بىلەن تەڭ بولما ئىت بولسەن،
كىيىمىڭنى كىر قىلما پىت بولسەن.

ئەقلىڭگە قول سۇنساڭ نىجات تاپىسەن،
نەپسىڭگە قول سۇنساڭ ھالاكەت (تاپىسەن).

ئەقىل ئىزدىسەڭ كىتاب كۆر،
كۆڭۈل ئىزدىسەڭ بىتاپ (كۆر).

ئەقىللىككە بەر قۇيماق،
ئەقىلسىزغا بەر توقماق.

ئەقىللىككە ئېيتما، ئۆزى ئېيتىدۇ،
مەردتىن سورىما ئۆزى بېرىدۇ.

ئەقىللىكنى دوست تۇتساڭ مۇرادىڭغا يېتەرسەن،
بەڭباشنى دوست تۇتساڭ بەڭباش بولۇپ ئۆتەرسەن.

ئەگەشكەندىن قاچ،
قاچقاننى قوغلاش.

ئەگرىنى تۈزلەيمەن دېسەڭ چېكىدىن ئاشۇرۇۋەت.

ئەل ئاياغ باسمىغان جايدا كۆپ يۈرمە.

ئەل بارمىغان يەردە كۆپ يۈرمە.

ئەلنىڭ رىزقىنى يېگۈچە،
كالىنىڭ تېزىكىنى يە.

ئەيىب بىلەن كىشىنىڭ ئەيىبىنى ئاچما.

ئەيىبىڭنى كۆرسەتكەننى ئاتا بىل.

ئەيىبىڭنى كىشىدىن سورا،
جامالىڭنى ئەينەكتىن (سورا).

## ب

باتۇرنى خار قىلما،
يۈگۈرۈك ئاتنى يېغىر (قىلما).

بار بولسا تۈزەت،
يوق بولسا ئىبرەت.

بار دەپ تۆكمە،
يوق دەپ كەتمە.

بارغا رازى بول،
يوقۇقا سەۋر قىل.

بازارغا بارىڭنى سالساڭمۇ،
ئارىڭنى سالما.

باش ئاغرىقى تاپاي دېسەڭ دەللال بول.

باش كەتسە كەتسۇن،
سىر كەتمىسۇن.

باش ئېگىپ ئالدىڭغا كەلسە،
ئاتاڭنى ئۆلتۈرگەندىن كەچ.

باشتا سۆزبولسا،
ئاياغدا ئۇن بولماس.

باشقا بېقىپ سەللە ئال،
دوستقا بېقىپ زەللە (ئال).

باشقا جايىنى قىلمىغىن ئارزۇ،
باردۇر ئوخشاشلا تاشۇ تارازۇ.

باشقىلاردىن ئاغرىنغۇچە،
ئۆزۈڭدىن سورا.

باشقىلاردىن ئەقىل سورا.

باشقىلارنى ھۆرمەتلىگىنىڭ،
ئۆزۈڭنى ئىززەتلىگىنىڭ.

باشقىلارنىڭ ئالتۇن مەپسىدە ئولتۇرغۇچە،
ئۆزۈڭنىڭ كالا ھارۋىسىدا ئولتۇر.

باشقىلارنىڭ ئەقلى بىلەن يول تاپقۇچە،
ئۆزۈڭنىڭ ئەقلى بىلەن گۆر تاپ.

باشقىلارنىڭ تەڭنىسىگە كۆز سالما.

باشلىغان ئىشىڭنىڭ ئاقىۋىتىنى ئويلا.

باغ قىلساڭ يېتىپ يەيسەن،
مال قىلساڭ بېقىپ (يەيسەن).

باغقا بېقىپ ئۆرۈك قوي،
ياغاچقا بېقىپ تۈۋرۈك (قوي).

باغقا كىرگەن ئوغرىنى تامدىن يۆلەپ چىقىرىۋەت.

باغنى ساقلا چىت بىلەن،
ئىشىك ساقلا ئىت بىلەن.

باغۋەن بولاي دېسەڭ ئۇلاقچى بول.

باي بولاي دېسەڭ بورداقچى بول،
ئەمەلدار بولاي دېسەڭ پورداقچى (بول).

باي بىلەن ئەمەس،
ئەقىللىك بىلەن دوست بول.

باي بىلەن دوست بولما،
سودىگەر بىلەن شېرىك (بولما).

باي دادىڭ بىلەن قالغۇچە،
چاقچى ئاناڭ بىلەن قال.

بايغا يالۋۇرما،
ئۆزۈڭگە يالۋۇر.

بايقاپ سۆزلە،
ئاۋايلاپ دە.

باينى ئىت باسار،
ھۇرۇننى پىت (باسار).

بەدىنىڭدە پىلىنىڭ كۈچى،
چۈمۈلىنىڭ غەيرىتى بولسۇن.

بەرمەس ئاشتىن تەمە قىلما.

بەرمىگەندىن سورىما،
كەلمىگەننى چاقىرما.

بەرمىگەنگە بېرىپ ئۈيالدۇر.

بەگ بوپتۇ دېسە ئىشەن،
خۇيى ئۆزگىرىپتۇ دېسە ئىشەنمە.

بەگ بىلەن چىقىشقۇچە،
قورۇقچى بىلەن چىقىش.

بەگ قوينىدا تۇگۇلۇپ ياتقۇچە،
قۇلنىڭ يېنىدا بەھۇزۇر يات.

بەگگە بىلەن ئۇرۇشقۇچە سارائ بىلەن ئۇرۇش.

بەل باغلىمىغان ئوغۇل بالا بىلەن چېلىشما.

بەيگىدە ئات چاپتۇرساڭ دېگى چىقار،
تۆگە چاپتۇرساڭ چېگى چىقار.

بوزەكنى بوزەك ئەتسەڭ ئۇۋالىغا قالىسەن.

بوزەكنى بوزەك ئەتمىسەڭ،
قىيامەتتە سورىقى بار.

بولغاندا بۇزۇلمىغايسەن،
تولغاندا تۇزۇمىغايسەن.

بويىنىنى ئىشلەتمەي قولىنى ئىشلەت.

بويۇڭ بىلەن ماختانماي،
ئىشىڭ بىلەن ماختان.

بويۇڭ تاغ بولسا،
خۇيۇڭ باغ بولسۇن.

بويۇڭ ئۆسكۈچە،
ئەقلىڭ ئۆسسۇن.

بويۇڭ يەتمىگەنگە قول ئۇزاتما.

بويۇڭغا قاراپ تون پىچ،
كىسىلىڭگە قاراپ دورا ئىچ.

بۇيرۇغان ئاشتىن بۇرلىپ ئۆتمە.

بۆلۈنۈپ ئاققان سۇنى ئاز دېمە.

بۈگۈنكى ئاچچىقنى ئەتىگە قوي.
بۈگۈنكى ئىشنى ئەتىگە قويما.

بۈگۈنلۈكنى قىلمىساڭ،
ئەتىلىككە دورايسەن.

بېخىلنىڭ قىرىق يەردە ھويلىسى بار، قىزىنى ئال.

بېرىپ يامان بولغۇچە،
بەرمەي يامان بول.

بېشىڭ قىچىشسا،
تامغا ئۇس.

بېشىڭ كەتسىمۇ ئىشىڭ كەتمىسۇن.

بېشىڭ كۆككە تاقاشسىمۇ،
خەلقىڭنى يۇلتۇز بىل.

بېشىڭ نەدىن كېتەر — تىلىڭدىن.

بېشىڭدا ئالتۇن تاجىڭ بولسىمۇ،
ئەلدىن ئايرىلما.

بېشىڭغا قاراپ تۇماق،
هالىڭغا بېقىپ دىماق بولسۇن.

بېشىڭغا قىلىچ تەڭلەنسىمۇ راست سۆزلە.

بېشىڭغا كەلگەن بالانى خۇي - پەيلىڭدىن كۆر.

بېشىڭغا ھەربالا كەلسە،
ئۇنى تارتماسلىقتا چارەڭ يوق.

بېشىڭنى تاتىلىغۇچە،
ئېتىڭنى تاتىلا.

بېشىڭنى سالقىن تۇت،
پۇتۇڭنى ئىسسىق (تۇت).

بېغىنى سورىماي،
ئۈزۈمىنى يە.

بىر تۈلكە تۈتۈپ باي بولدۇم دېمەي،
مىڭ تۈلكىگە ساي بول.

بىر چوڭنىڭ گېپىگە كىر،
بىر كىچىكنىڭ گېپىگە (كىر).

بىر خىل تۇرساڭ يۈز يىل ئۆمۈر كۆرسەن.

بىر كۈن يولداش بولغانغا قىرىق كۈن سالام قىل.

بىر ئۆي سېلىش ئۈچۈن ئون ئۆي كۆر.

بىر ئىشتىن سەسكەنسەڭ،
ئىككىنچى قېتىم قىلماس بول.

بىر ياماق بىلەن ئالىقىنىڭنى ياپالمايسەن.

بىراۋنىڭ بەختى ئۈچۈن ھەسەت قىلما.

بىرنى ئەسكى دېسەڭ،
مىڭى ئالدىڭدىدۇر.

بىرى بۇدۇشقاقتىن قورق،
بىرى ئۇرۇشقاقتىن (قورق).

بىرى پەستىن قورق،
بىرى مۆرىمەستىن (قورق).

بىرى ياغاق يۇزدىن قورق،
بىرى پورداق يۇزدىن (قورق).

بىرىگە ئۆلۈم تىلىمەي،
ئۆزۈڭگە ئۆمۈر تىلە.

بىرىنىڭ سىرىنى بىلمەكچى بولساڭ بالىلىرىدىن سورا.

بىزار بولغاندا جۇدا بول.

بىكارغا بەرسىمۇ چايناپ يە،
ئالدى ـ ئارقاڭغا قاراپ يە.

بىكارغا بەرسىمۇ ساناپ ئال.

بىكارغا ماڭما يولۇڭنى،
پۇلسىز قويما قولۇڭنى.

بىڭسىڭ بولسا گۇلۇڭنى قىس،
بولمىسا كۆتۈڭنى (قىس).

بىلەرمەنگە يولۇقما،
گەر يولۇقساڭ ھولۇقما.

بىلەرمەنلىك ئۆزۈڭگە دۇشمەن.

بىلەككە قارىماي يۈرەككە قارا.

بىلەي دېسەڭ قېرىدىن سورا،
كارامىتىنى پىرىدىن (سورا).

بىلەي دېسەڭ ئېرىنمە،
ئارتۇق ئۇخلاپ كېرىلمە.

بىلەي دېسەڭ ئېرىنمە،
ئازراق بىلىپ كېرىلمە.

بىلسەڭ بىلگىنىڭنى ئىشلە،
بىلمىسەڭ بارمىقىڭنى چىشلە.

بىلگەننى ئەلدىن ئايىما،
بىلمىگەنگە كايىما.

بىلگىنىڭنى يوشۇرساڭ پۇشايمانغا قالۇرسەن.

بىلمەي ئىشلىگۈچە ئۆلگۈدەك،
بىلىپ ئىشلە كۈلگۈدەك.

بىلمىسەڭ كۆپتىن سورا.

بىلمىگەنگە بولۇشما.

بىلمىگەنگە قىلغان ياخشىلىقىڭ زايە كېتەر.

بىلمىگەنگە ياخشىلىق قىلما،
تىڭشىمىغانغا سۆز (قىلما).

بىلمىگەننى بىلەي دېسەڭ،
بىلمىگەنلىرىڭگە ئىقرار بول.

بىلمىگەننى قىلما،
بىلگىنىڭنى ئايىما.

بىلمىگەننى قىلما،
بىلگىنىڭنى پەملە.

بىلىكىڭ تالغۇچە ئۇرغاق بىلىسەڭ،
يۈرىكىڭ قانغۇچە ئورما ئورىسەن.

بىلىكىڭ توم بولسا دۈشمىنىڭ سالامغا كېلىدۇ.

بىلىم ئىشقىدا كۆيسەڭ،
ئالتۇن شوتىدا ئۆرلەيسەن.

بىلىمەن دەپ غادايما،
ئەل ئالدىدا ماختانما.

بىمارغا قاراپ كۈلسەڭ،
كېيىن ئۆزۈڭ يىغلايسەن.

بىهايا كۈلكىچى بولما،
بىھېساب ئۇيغۇچى (بولما).

## پ

پاتمانلاپ ئىشلە،
مىسقاللاپ چىشلە.

پاراڭدىن قورقمىساڭ مەشرەپ قىل.

پاسىقتىن هايا تىلىمە،
زالىمدىن ۋاپا (تىلىمە).

پالتاڭ كەسمىسە ئوتتۇندىن كۆرمە.

پاهىشىنى زاڭلىق قىلساڭ قىل،
نامراتنى زاڭلىق قىلما.

پايلاقچى بىلەن دوست بولما،
نامەردكە قەرزدار (بولما).

پەس قىلغاننى نەس قىل.

پەگاهقا بېقىپ ئۇسسۇل ئوينا.

پور ئېتىپ قىش قىلغۇچە،
گۇس - گۇس مېڭىپ ئىش قىل.

پوستەكچىدىن ئۈن ئالما،
يالغانچىدىن سۆز (ئالما).

پوقتا ئۆلگۈچە،
ئوقتا ئۆل.

پۆتلاشساڭ داڭگالدىن كۆرمە،
ئوتۇنۇڭ تۈگىسە جاڭگالدىن (كۆرمە).

پۆتۈڭنى ئۆي قىلىپ ئىشلەت.

پۆتۈڭنىڭ توغرىلىقىغا قارىماي،
يولۇڭنىڭ توغرىلىقىغا قارا.

پۆچۈق بولسىمۇ خوتۇنۇڭ بولسۇن،
ئاقساق بولسىمۇ ئۇلىغىڭ (بولسۇن).

پۇقرا ئالدىڭغا كەلسە ئەمىلىڭنى پەش قىلما.

پۇل ئالدىدا ئېزىقما،

پۇل تاپساڭ ساناپ ئال،
خوتۇن ئالساڭ سىناپ (ئال).

پۇل تاپقۇچە ھېساب تاپ،
ھېسابتىن ئىلگىرى ئىنساب (تاپ).

پۇل ۋە كۈچۈڭنى پىنھان تۇت.

پۇلسىز بازارغا بارما،
جورىسىز مەشرەپكە (بارما).

پۇلسىز باينى ماختىما،
نانسىز چاينى (ماختىما).

پۇللۇققا خوتۇن كەممۇ،
پالتىلىققا ئوتۇن (كەممۇ).

پۇلنىڭ كەتكىنىگە قارىماي،
ئىشىڭنىڭ پۈتكىنىگە قارا.

پۇلۇڭ ئاز بولسىمۇ سۆزۈڭ ساز بولسۇن.

پۇلۇڭ ئونغا يەتكۈچە،
دوستۇڭ يۈزگە يەتسۇن.

پۇلۇڭغا ئىشەنگۈچە ئەقلىڭگە ئىشەن.

پۇلۇڭنىڭ بارىدا يول تاپ.

پۇلى بار قىز ئالغۇچە،
شۇدى بار جۇۋان ئال.

پېشىڭ ئۇزارسا پۇتلاشقىنىڭ شۇ،
گېپىڭ ئۇزارسا دۆتلەشكىنىڭ شۇ.

پېشىڭنى ئاق تىكەن ئىلىۋالسا توختا.

پىچاقنى ئاۋۋال ئۆزۈڭگە سال،
ئاغرىمىسا كىشىگە (سال).

پىلەككە ئالدىنىپ خەمەكسىز قالما،
جۇۋانغا ئالدىنىپ بالىسىز قالما.

ت

تاپتىن چىقما،
خاندىن قورقما.

تاپماي تۇرۇپ يېمە،
بىلمەي تۇرۇپ دېمە.

تاغنى كۆتۈرگۈدەك كۈچۈڭ بولغۇچە،
قىلنى يارغۇدەك دىتىڭ بولسۇن.

تالا ـ تۈزگە چىقىپ قوي، يېتىشۈرمەي،
دۈشمىنىڭنى بىلىپ قوي كېتىشۈرمەي.

تالادا قاپاق تۇرسەڭمۇ،
ئۆيگە كىرگەندە چىراي ئاچ.

تالاغا چىققاندا ئۆزۈڭنى تۈز،
ئۆيگە كىرگەندە ئۆيۈڭنى (تۈز).

تالىلغان تازغا قالار،
يامانلىغان ئازغا (قالار).

تاياق تەگكۈچە بېشىڭنى تارت.

تەرەتسىز مازارغا بارما،
پۇلسىز بازارغا (بارما).

تەقدىرگە تايىنىپ ياشىماي،
تەدبىرگە تايىنىپ ياشا.

توپ ئىچىگە تاش ئاتما،
قارىغۇ جۇۋانغا قاش (ئاتما).

توغرا بولساڭ كېلەر ئامىتىڭ،
ئەگرى بولساڭ سۇنار قامىتىڭ.

توق قورساققا زورلىما،
قاملاشار دەپ دورىما.

توۋا قىلغانغا تۆگە بەر.

توينى چوڭ قىلغۇچە،
ئۆينى چوڭ قىل.

تويۇڭنى چوڭ قىلغۇچە،
غېمىڭنى چوڭ قىل.

توخۇمۇڭنى بويىغۇچە،
مېكىيىنىڭغا باق.

تۇرغانلارغا تۇۋرۇك بول،
ماڭغانلارغا كۆۋرۈك بول.

تۇزسىز گەپنى گەپ دېمە.

تۇغماس خوتۇن ئالغۇچە،
بويتاق يۈرگىن ئۆلگۈچە.

تۇل بولساڭمۇ قۇل بولما.

تۈلكىنى دورىساڭ دۇمبادا ئۆلىسەن.

تېرەك تۇتقان يەردىن ئۆي تۇت.

تېرەكتىن شاپتۇل تەمە قىلما.

تېرىقچىلىق ئىلتىپاتقا،
تۆگىدەك شاپائەت كۆرسەت.

تېرىككەكنىڭ جېنىنى ئال.

تېشى قارىدىن قورقما،
ئىچى قارىدىن قورق.

تېگىرقىساڭ تاڭغا يېتەر،
ئەتە قوپساڭ ساڭا يېتەر.

تىزلەشكەننىڭ تىزىنى پۈك،
بەللەشكەننىڭ بېلىنى (پۈك).

تىغنى ئوينىماڭ،
كۆڭۈلنى قوغلاشماڭ.

تىلەمچىدىن پۇل سورىما،
ئەسكىدىن يول (سورىما).

تىلىڭ تېز بولغۇچە قولۇڭ تېز بولسۇن.

تىلىڭ قىچىشسا ئاغزىڭنى يۇم.

تىلىڭ كەلمىسە دورىما،
خۇشۇڭ كەلمىسە سورىما.

تىلىڭ كەلمىسە دورىما،
لازىم بولمىسا سورىما.

تىلىڭ ئوقۇشقا كەلمىسە،
قولۇڭ ھۈنەرگە كەلسۇن.

تىلىڭ ئۆتكۈر بولغۇچە،
قولۇڭ ئۆتكۈر بولسۇن.

تىلىڭنى تاتلىق،
چىرايىڭنى ئىللىق قىل.

تىلىڭنى تارت،
چىشىڭ سۇنمىسۇن.

تىلىڭنى توغرا تۇتالمىساڭمۇ،
دىلىڭنى توغرا تۇت.

تىلىڭنى چىشلىگەن چىشىڭنى يۇلما.

تىلىڭنى چىقىرىشتىن ئاۋۋال،
دىلىڭنى چىقار.

تىنچ ياتقان يىلاننىڭ قۇيرۇقىغا دەسسىمە.

تىيىن يىغساڭ تىلىڭ قىسقا بولماس.

## ج

جاراستاندا پىچاق چىقارما.

جاڭگال يېقىن دەپ ئوتۇننى بۇزما،
كۆل يېقىن دەپ سۇنى (بۇزما).

جاھان ساڭا باقمىسا،
سەن جاھانغا باق.

جەڭگە بارساڭ ياراغ ئال،
سوغا بارساڭ قاپاق (ئال).

جەننەتنى بېرەي دېسىمۇ،
شەيتانغا ئىشەنمە.

جېنىڭدىن تويغان بولساڭ پادىشاھقا نەسىھەت قىل.

جېنىڭنى كېپەككە ساتساڭ سات،
ئايرۇيۇڭنى ئالتۇنغا ساتما.

جىڭ تۇتساڭ چىڭ تۇت.

جىم ياتقان يىلاننى ئويغاتما.

جىمغۇرنىڭ قولتۇقىدا چىشى بار.

## چ

چايناشقا چىشىڭنى ئىشلەت،
ئويلاشقا بېشىڭنى ئىشلەت.

چەمىڭ بولمىسىمۇ،
پەمىڭ بولسۇن.

چوڭ گەپ قىلغۇچە،
چوڭ ئىش قىل.

چوڭنىڭ گېپىگە كىرمىسەڭ ئېشەكتەك ھاڭرايسەن.

چويلىچىنىڭ تۇۋىدە تۇرساڭ چىۋىق يەيسەن،
موزدۇزنىڭ قېشىدا تۇرساڭ مۇشت (يەيسەن).

چۈمۈلىنىڭ پۇتىدىن ئۆگەنسەڭ ئۆگەن،
قۇشقاچنىڭ تىلىدىن ئۆگەنمە.

چېكەڭگە چەكسە چىكىلدىما،
مۈرەڭنى تارتسا لىكىلدىما.

چىشىڭنىڭ ئاقلىقىنى كۆرسەتمەي،
دىلىڭنىڭ ئاقلىقىنى كۆرسەت.

چىقىشتىن ئاۋۋال چۈشۈشنى ئويلا.

چىللىغاندىن قالما،
چىللىمىغانغا بارما.

## خ

خاتايىڭنى ئېيتقۇچىنى ئاتام دەپ بىل.

خام ياڭاق بىلەن قوينۇڭنى تولدۇرما.

خان ئوغلىغا ئوشۇق ئاتما.

خانىنىڭ ئەلچىسى بولغۇچە،
مەردنىڭ قىلىچى بول.

خائىن ئۆز ئەجىلىدە ئۆلمەس.

خوتۇن كىشىنىڭ بېدىكى بولغۇچە،
قېتىقچىنىڭ ئىنىكى بول.

خوتۇنۇڭ ئوبدان بولسا قازىنىڭ ئاشقا تولۇر.

خوتۇنۇڭنى دەپ ئاناڭنى ئۇنتۇما.

خوتۇنى ئۆلگەنگە قىز بەرمە،
ئىنسابسىزغا سۆز (بەرمە).

خۇشياقماسقا ئۆگەتمە،
گېپىڭ زايە كېتەر.

خۇيىنى بىلمەي ئات مىنسەڭ بۇرنۇڭ قانايدۇ.

خىجالەت بولماي دېسەڭ ماختانچاق بولما.

خىيالچان بولغۇچە،
تىرىشچان بول.

## د

داداڭنىڭ بارىدا بېقىۋال،
ئېتىڭنىڭ بارىدا مىنىۋال.

داڭ كۆتۈرسەڭ ياخشى بىلەن كۆتۈر.

دانا بار يەردە تىلىڭنى تارت،
ئۇستا بار يەردە قولۇڭنى (تارت).

دەۋانى قازى سورىسۇن.

دەرد كېلەر جۈپ،
دۆلەت كېلەر تاق.

دەردىڭ بولسا بولسۇن،
قەرزىڭ بولمىسۇن.

دۆلەت كەلسە ـ كەلمىسۇن،
ئاتا ـ ئاناڭنى باق.

دۆلەتمەن بولساڭمۇ سۆلەتمەن بولما.

## ر

رەمچىگە بەرگەن پۇلۇڭنى بالاڭغا بەر،
تىلەمچىگە بەرگەن ئۇنۇڭنى كالاڭغا بەر.

## ز

زارلانماي ئىشلىسەڭ،
خارلانماي چىشلەيسەن.

زامان ياخشى راسا ئىشلەپ،
يوقنى بار قىل.

زاماندىن كۆرمەي ئۆزۈڭدىن كۆر.

## س

ساقىلىغا قاراپ چوڭ دېمە،
سۆزىگە قاراپ توڭ دېمە.

سالاغا كىرمىگەن مۇسۇلمان ئەمەس.

سەندىن قاچقاندىن سەنمۇ قاچ.

سەھرانىڭ بېگى بولغۇچە،
شەھەرنىڭ سەگى بول.

سەيلىگە چاقىرساڭ مەيلىگە قويۇپ بەر.

سوزا ئۆيۈڭ تارتمىسا شوتا كالاڭنى ئۇر،
موزىيىڭ يامانلىق قىلسا ئىنىكىڭنى ئۇر.

سوك ـ سوك ئاتنى مىنگۈچە،
پىيادە ماڭغىن هارغۇچە.

سۇ ئىچكەن بۇلاققا تۇكۇرمە.

سۇ ئىچكەندە قۇدۇق قازغاننى ئۇنتۇما.

سۇنى كۆرمەي ئۆتۈك سالما.

سۇنى كېچىپ چالدۇرما،
ئاتنى ئالداپ هاردۇرما.

سۆزۈڭ تاتلىق بولسىمۇ تەكرار سۆزلىمە.

سۆزۈڭنى كۆزەتكىن، بېشىڭ كەتمىسۇن،
تىلىڭنى كۆزەتكىن، چىشىڭ (كەتمىسۇن).

سۆڭەكنىڭ سۇنىسىمۇ،
دۈشمىنىڭگە سىر بەرمە.

سېنى بىر پىيالە چاي بىلەن كۈتكەن ئادەمنى،
قىرىق يىل ئېسىڭدە تۇت.

سېنىڭ ئەيىبىڭنىمۇ كىشىگە دەر.

سىرداشمىغۇچە سىرىڭنى ئېيتما.

سىرنى بىلمىگەن ئاتنىڭ يېنىدىن ئۆتمە.

سىرنى بىلىپ دوست بول.

سىڭمىگەن ئاشنى يېمە،
يەپ كېسەل بولدۇم دېمە.

سىنالمىغان ئاتقا يۈك ئارتما.

سىنالمىغان ئۇلاغنىڭ بېشىنى تۇتما.

## ش

شاپتۇلنى نەۋرەڭگە قوي،
نەشپۈتنى چەۋرەڭگە (قوي).

شاتراق لايغا تاش ئاتما،
گىرى قىزغا قاش (ئاتما).

شەھەر كۆرگەن ئىتتىن قورق.

شەيتىنىڭغا هاي بەر.

شوخ بولۇپ قالساڭ مازارغا چىق،
بىكار بولۇپ قالساڭ بازارغا (چىق).

شۈك تۇرسا ياۋاش دېمە،
كۆلۈپ تۇرسا ئاداش (دېمە).

شېرىن دۈشمەن يېنىڭدا بولسا،
يولۋاستەك چاققان بولغىن.

# غ

غەلىبە قىلساڭ ئىشىڭدىن،
قىزلار كەتمەس قېشىڭدىن.

غورا يەپ دەرد تارتقۇچە،
ئالما يەپ ئۆلۈۋال.

# ق

قاتتىق نەرسىنى چىشلىمە،
يولسىز بىرىپ ئىشلىمە.

قاچقاندا بەختىڭ،
ئاتا ـ ئاناڭنى باق.

قاچىسىز سوْغا بارما.

قارا باشنىڭ بارى ياخشى.

قارا قىسمەت كەلمىگوْچە،
قاراڭغوْ جىلغىدىن ئوْتمە.

قاراپ توْرغاندىن قورقماي،
ماراپ توْرغاندىن قورق.

قاراڭغوْدا موْشت ئاتما،
يامانغا سوْز قاتما.

قارىغوْغا ئوق ئاتما،
يامانغا سوْز قاتما.

قازان ئالساڭ چىكىپ ئال،
خوتوْن ئالساڭ بىقىپ (ئال).

قازان تاشسا ئوتنى ئۆچۈر.

قازان تاڭلىسا قاچاڭنى يىغ،
قورسىقىڭ ئاغرىسا نەپسىڭنى (يىغ).

قاسساپ بىلەن ئاغىنە بولاي دېسەڭ،
ئىتىڭغا سۆڭەك تاشلا.

قاملاشار دەپ دورىما،
توق قورساققا زورلىما.

قانچىلىك ئۆخلىساڭ شۇنچىلىك ئاچ قالىسەن.

قايتا كىرىدىغان ئىشىكنى قاتتىق ياپما.

قايسى تاغقا بارساڭ،
شۇ تاغنىڭ ناخشىسىنى ئېيت.

قايغۇلۇق خەۋەر راست بولسىمۇ، دوستۇڭغا دېمە.

قەدەم جايدىن ئايرىلما چەت بولسىمۇ،
قەدىناستىن ئايرىلما سەت بولسىمۇ.

قەرەلىگىچە تۇرۇۋال،
ئايرىلغۇچە سۆيۈۋال.

قەرزدار بولاي دېسەڭ، نەق ئېلىپ نېسى سات،
بالدۇر ئۆلەي دېسەڭ، كونا تامنىڭ تۈۋىدە يات.

قەرزىڭ بولسا تۆلەپ قوْتوْل،
كېسەل بولساڭ ئۆلوْپ (قوْتوْل).

قەست قىلغاننى پەس قىل.

قەغەزنى لاتا دېمە،
دوْشمەننى ئاكا (دېمە).

قوتان سالماي مال ئەتمە،
قاشا قىلماي باغ (ئەتمە).

قوتانسىز مالدىن ئوْمىد كوْتمە.

قوشناڭنى ئاشقا ئۆگەتمە،
قوڭاڭنى ئوسوْروْققا (ئۆگەتمە).

قوغلاپ توْتالمىساڭ ئالداپ توْت.

قوغلىغاندىن قاچ،
قاچقاننى قوغلا.

قولوْڭ ياغ بولسا قونچوْڭغا سوْركە.

قولوْڭدا قارچىغا توْتوْپ، «قوْ ـ قوْ»نىڭ نېمە ئىشى،
دىلىڭدا ئاللا توْروْپ، «هوْ ـ هوْ» نىڭ نېمە ئىشى.

قولوْڭدىن كەلسە ئەلدىن ئايىما.

قولۇڭدىن كەلسە، بېغىڭغا گۈل تېرى،
قولۇڭدىن كەلمىسە كەت نېرى.

قولۇڭدىن كەلمىگەن ئىشنى مىنۇت كېچىكتۈرمە.

قولۇڭنى يۇيۇپ تۇر،
غېمىڭنى قىلىپ (تۇر).

قوي باقساڭ يىغىپ باق،
ئىنەك باقساڭ سېغىپ (باق).

قوي ـ ئۆچكە دېمەي مال ئەت،
ئۆرۈك ـ شاپتۇل دېمەي باغ (ئەت).

قۇشقاچنىڭ تىلىدىن ئۆگەنمەي،
چۇمۇلىنىڭ ئىشىدىن ئۆگەن.

قۇشقاچتەك ۋىچىرلىغۇچە،
چۇمۇلىدەك مىدىرلىغىن.

قېتىقنى ساتساڭمۇ قاچاڭنى ساتما.

قېچىرنىڭ كەينىگە ئۆتمە،
كادىرنىڭ ئالدىغا (ئۆتمە).

قېرىشقاننىڭ ئانىسىنى ئال.

قېرىنى قاپقا سولا،
سۆرەپ يۇرۇپ گەپ سورا.

قىرائەت ئاڭلىساڭ يۈكۈن،
مەستنى كۆرسەڭ مۆكۈن.

قىزىڭنى بىر ئالدىرىغانغا بەر،
بىر ئالدىرىمىغانغا (بەر).

## ك

كاچكۈلغا چاغلاپ چېلەك سال.

كەكرىنى ئاشقا سالما،
كەتمەننى تاشقا سالما.

كەڭ ئېرىقتىن ئاتلىما،
پۈتۈڭ ئاغرىسا دادلىما.

كەلسە ـ كەلمەس كىشىگە ئىچ سىرىڭنى ئېيتما.

كەلمىگەن تەلەينى قوغلاشما.

كونا تامنىڭ چالمىسىدىن قورق،
خوتۇن كىشىنىڭ لالمىسىدىن (قورق).

كونا سامانىنى سورۇما.

كوننىنى ياماپ كىي،
يېڭىنى ئاياپ كىي.

كۆپ بىلەي دېسەڭ قېرىدىن سورا.

كۆپ كۈتكەندىن ھەزەر قىل،
كۆرمەسكە نەزەر (قىل).

كۆپ كۈلمەي،
كۆپ بىل.

كۆپ نەرسە بىلەي دېسەڭ قېرىدىن سورا،
شاگىرتنىڭ ھۈنىرىنى پىرىدىن سورا.

كۆپ ئىشەنسەڭ پۈلۈڭغا،
سالۋا قونار دولاڭغا.

كۆپ يۈرگەندىن سورىماي،
كۆپ كۆرگەندىن سورا.

كۆپ يۈرگەنگە ئەگەشمەي،
كۆپ بىلگەنگە ئەگەش.

كۆپكە ئاشىق بولغۇچە،
بىرىگە مەشۇق بول.

كۆپكە كەلگەندە كۆكسۈڭنى كەرمە.

كۆچەتنى سۇندۇرغۇچە،
قولۇڭنى قايرىپ كۆر.

كۆرەڭلىسەڭ زالىم بولىسەن،
قىيامەتكە تايىن (بولىسەن).

كۆرگەنگە ئاشىق بولماي،
بىرىگە ئاشىق بول.

كۆرگەنگە كۆيمەي،
كۆنگەنگە كۆي.

كۆرمەي تۇتۇپ ئاق دېمە،
سىنىماي تۇرۇپ ساق (دېمە).

كۆرۈپ بىلمىسەڭ،
قىلىپ بىل.

كۆرۈپ يۈرگەن ئۈزنى ئالماي،
كۆرۈپ بىلگەن سەتنى ئال.

كۆرۈنمىگەن كېيىككە ئوق ئاتما،
قىلالمىغان ئىشقا پو ئاتما.

كۆزۈڭ ئاغرىسا قولۇڭنى تارت،
چىشىڭ ئاغرىسا تىلىڭنى (تارت).

كۆزۈڭ يەتسە قىلىپ باق،
ئەقلىڭ يەتسە بىلىپ باق.

كۆزۈڭنى ئاچقانغا گۆر قازما.

كۆزۈڭنى ئاچمىساڭ جانان كۆرۈنمەس.

كۆسەينى ئۈزۈن قىل،
گەپنى قىسقا (قىل).

كۆك مايسىغا كۆكسۈڭنى كەرمە.

كۆك ياڭاق بىلەن قويۇن تولدۇرما.

كۆڭلۈڭ تارتمىغان سەپەرگە چىقما.

كۆڭلۈڭ رەنجىسە كۈلۈپ ئوينا.

كۆڭلۈڭ سۇنسىمۇ دۈشمىنىڭگە سىر بەرمە.

كۆڭلۈڭ قالغان يەرگە بارما.

كۆڭلۈڭ يۈگەنلىك بولسۇن،
ئەقلىڭ يۈگۈرۈك بولسۇن.

كۆڭلۈڭ يۈگۈرگەن يەرگە،
پۇتۇڭ يۈگۈرمىسۇن.

كۆڭلۈڭگە گۇمان چۈشسە،
قەلبىڭگە داغ چۈشەر.

كۆڭلۈڭگە ياقمىسا،
كۆزۈڭگە ياقماس.

كۆڭلۈڭنى كەڭ تۇت،
بارچىغا يېتىسەن.

كۆڭلۈم خۇش بولسۇن دېسەڭ،
باشقىلارنى خۇش قىل.

كۆڭلى سۇنۇققا گۇل تۇت.

كۆڭۈل ئاغرىقىنى كۆڭۈل بېرىپ ئال.

كۆڭۈلدە شەك بولمىسا،
قۇرۇق گەپتىن قورقما.

كۆڭۈلسىزگە كۆڭلەك كىيدۈرمە.

كۆڭۈلنىڭ لەززىتىنى ئىزدەپ،
بىۋاپا بىلەن يۈرمە.

كۆل چاپقۇچە ئۆستەڭ چاپ.

كۆلدىن چىقىپ قوقاسقا دەسسىمە.

كۆلنى قۇرۇتۇپ بېلىق تۇتما.

كۆۋرۈك سىپتا بولسا دەسسىمەي ئۆت.

كۆۋرۈكسىز دەريادىن ئۆتمە،
نامەردتىن ۋاپا كۈتمە.

كۆيۈمى يوققا بېشىم ئاغرىيدۇ دېمە.

كۈچۈڭنى يەرگە ئىشلەت،
بىلىمىڭنى ئەلگە (ئىشلەت).

كۈل پۈۋلىگۈچە،
چوغ پۈۋلە.

كۈلمە كىشىنىڭ دەردىگە،
ساڭىمۇ كېلەر ئەتىگە.

كۈلمە كىشىنىڭ ئىشىغا،
كېلەر ھەممە بېشىغا.

كۈلنى سۇغا چىلاپ ئىشلەت،
نادانىنى شىيلاپ ئىشلەت.

كۈلۈپ تۇرۇپ يىغلىغان خوتۇندىن قورق،
ھاۋا ئوچۇق تۇرۇپ چىققان بوراندىن (قورق).

كۈلۈپ يۈرسەڭ ياشىرىسەن،
خاپا يۈرسەڭ قېرىيسەن.

كۈن كۆرمەن دېسەڭ،
سەھەر تۇر.

كۈن ئۆرلىسە، سايەڭ قىسقىرار،
يىل ئۆرلىسە ئۆمرۈڭ (قىسقىرار).

كۆندە ئالما يېسەڭ،
تېۋىپ چالما يەيدۇ.

كۆنلۈك ئۆمرۈڭ بولسا،
ئايلىق ئوزۇق يىغ.

كۆنلۈك ئىش قىلساڭ سەھەردىن باشلا،
يىللىق ئىش قىلساڭ باھاردىن (باشلا).

كۆنۈڭ كەچ بولمىسا بازار چۆرگۈلە.

كېتىمەن دەپ ئوتۇننى تۈگەتمە،
يېتىمەن دەپ ئوزۇقنى (تۈگەتمە).

كېمىدە تۇرۇپ كېمىچىگە دوق قىلما.

كىچىك دېمەڭ بالىنى،
ئەقىل تاپار ھامىنى.

كىچىككىنىڭ گېپىگە كىرمىسەڭ ئىتتەك ھۇۋلايسەن.

كىرسەڭ بەڭباش كەينىگە بەڭباش بولۇپ كېتەرسەن،
بولۇپ ئۆتسەڭ لاي سۇدەك، كېيىن پۇشمان قىلارسەن.

كىرىشتىن ئاۋۋال چىقىشنى ئويلا،
بېرىشتىن ئاۋۋال كېلىشنى ئويلا.

كىشى ئاڭلىمىسۇن دېسەڭ دېمە،
كىشى بىلمىسۇن دېسەڭ قىلما.

كىشى ئۇچۇن ئۇرۇشما،
خوتۇن ئۇچۇن تالاشما.

كىشىدىن مەسلىھەت ئال،
ئۆزۈڭنىڭ بىلگىنىنى قىل.

كىشىدىن مۇشت يېمەي دېسەڭ مۇشتۇڭغا هاي بەر.

كىشىدىن ئون مەدەت ئالغۇچە،
ئۆزۈڭ بىر غەيرەت قىل.

كىشىدىن ئۇيالغۇچە،
ئۆزۈڭدىن ئۇيال.

كىشىگە سالماڭ زۇلۇم،
سىزگىمۇ بار قىزىل تۇلۇم.

كىشىگە سۆز قويما،
ئۆزۈڭگە يانار.

كىشىگە قىلساڭ يامانلىق،
ئۆزۈڭدە بولماس ئامانلىق.

كىشىگە نەرسە بەرسەڭ،
مىننەت قىلما.

كىشىگە ئورا كولىساڭ ئۆزۈڭ چۈشىسەن.

كىشىگە ئىشەنگىچە،
بىلەكىڭگە ئىشەن.

كىشىگە يېلىنساڭ ئۆزۈڭنى خار قىلىسەن.

كىشىنى ئاچچىقى كەلگەندە سىنا،
دوستنى زىيان تارتقاندا (سىنا).

كىشىنى ئالدايمەن دېگىنىڭ ـــ ئۆزۈڭنى ئالدىغىنىڭ.

كىشىنى بىلەي دېسەڭ،
ئاۋۋال دوستىنى بىل.

كىشىنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى كىشىگە دە،
كەمچىلىكىنى ئۆزىگە (دە).

كىشىنىڭ ئەقلى بىلەن باي بولغۇچە،
ئۆز ئەقلىڭ بىلەن گاداي بول.

كىشىنىڭ ئەيىبىنى سۆزلىمەي،
ياخشىلىقىنى سۆزلە.

كىشىنىڭ ئەيىبىنى كولىغۇچە،
ئۆزۈڭنىڭ بۇرنىنى كولا.

كىشىنىڭ ئەيىبى تۆگىدەك بولسىمۇ،
كۆرمەسكە سال.

كىشىنىڭ ئەيىبىنى ساڭا دېگەن كىشى،
سېنىڭ ئەيىبىڭنىمۇ كىشىگە دەر.

كىشىنىڭ ئەيىبىنى ئۆزىگە دە، ياتقا دېمە،
كىشىنىڭ ياخشىلىقىنى كىشىگە دە، ئۆزىگە دېمە.

كىشىنىڭ بىكار سۆزىگە باقما،
ئاتا ـ ئاناڭغا بوينۇڭنى قاقما.

كىشىنىڭ پۇلىدا بولساڭ باي،
ئاخىرى بولۇر ھالىڭ ۋاي.

كىشىنىڭ كۆزىگە قارىماي،
سۆزىگە قارا.

كىشىنىڭ كىيىمىگە قارىماي،
قەلبىگە قارا.

كىشىنىڭ ئون «ھە ـ ھۇ» سىدىن،
ئۆزۈڭنىڭ بىر غەيرىتى ئەلا.

كىشىنىڭ ئۆزىگە قارىماي،
سۆزىگە قارا.

كىمگە تەگسەڭ شۇنىڭ پېشىنى تۇت.

كىيىم پىچساڭ بويىغا قارا،
كىيىۋالغان تونىغا (قارا).

كىيىمنى تازىلىقتا ساقلا،
ئابرۇينى ياشلىقتا (ساقلا).

كىيىمنى كەڭ كىيسەڭ راھەتتە جېنىڭ،
كىيىمنى تار كىيسەڭ قىيىنىلار جېنىڭ.

كىيىمگە ئوت تۇتاشسا ئۆزۈڭنى سۇغا تاشلا.

كىيىمىڭنى ئۆتنىگە بەرمە،
گادايغا قەرز (بەرمە).

## گ

گاداي بولاي دېسەڭ كۈندە توي قىل.

گادايلىقتا بايلىقىڭنى ئېيتما،
قېرىغاندا باتۇرلۇقۇڭنى (ئېيتما).

گادايلىقىڭدا بايلىقىڭنى ئېيتما،
قېرىغاندا ياشلىقىڭنى (ئېيتما).

گەپ سېتىپ يۈزۈڭنى تۆكمە،
ھالۋىغا تۇزۇڭنى (تۆكمە).

گەپ قىلماق مەخسۇم غوجام بار،
چالما ئاتماق مازار غوجام بار.

گەپتىن قالساڭ قال،
ئىشتىن قالما.

گەپكە گەپ كەلگەندە ئاتاڭدىن يانما.

گەپنى قىل سىغار يەرگە،
سۆنى سەپ سىڭەر يەرگە.

گەپنى قىلساڭ بېقىپ قىل.
ئېغىزنى قۇلاققا يېقىپ قىل.

گەپنى قىلغىن ئۇققانغا،
مىجەزىگە ياققانغا.

گەپنى كۆپ بىلسەڭمۇ ئاز سۆزلە.

گۇگۇمدا قىز كۆرمە،
قاش - كۆزىنى ئۇز كۆرمە.

گۇناھسىزغا شىلتىغان تايىقىڭ ئۆزۈڭگە تېگەر.

گۇناھكار بولۇپ كەلسەڭمۇ،
قەرزدار بولۇپ كەلمە.

گۇناھنى يۇغىلى ئاش قىلغۇچە،
پاش قىل.

گۇناھىڭدىن غەم قىلما،
ھەممە گۇناھ شەيتاندا.

گۇناھىڭنى گۇناھسىزدىن سورا.

گۆش ئالساڭ قوي گۆشى ئال سۆڭەك بولسىمۇ،
ئوتۇن ئالساڭ قۇرۇقىنى ئال كۆتەك بولسىمۇ.

گۆش يەيمەن دېسەڭ چارۋا قىل،
باي بولاي دېسەڭ ھارۋا (قىل).

گۆشنى داڭقاندا پىشۇر،
مانتىنى قاسقاندا (پىشۇر).

گۆشى يوق ئۇستىخاننى دەپ چىشىڭنى چاقما.

گۆھەرنى تاشقا ئۇرما.

گۈل تېرىساڭ بىغىڭغا،
ھەسەل تامار تىلىڭغا.

گۈل تېرىغاندا پەرقىنى بىل،
ئادەملەرنىڭ قەدرىنى (بىل).

گۈل چىبىغىڭدا گۈل قىس،
قىرىغاندا غىت (قىس).

گۈلباغنىڭ باغۋىنى بول،
خەلقنىڭ غەمخانى (بول).

گېپى ياماندىن قورقماي،
دىلى ياماندىن قورق.

كېپىڭ ھەق بولسا خانغا قورقماي ئېيت.

كېپىم بار دەپ دەۋەرمە،
ئېشىم بار دەپ يەۋەرمە.

كېلىڭغا قولۇپ سالغۇچە،
تىلىڭغا قولۇپ سال.

## ل

لايدانغا ئۇرۇق چاچماي،
پايداڭغا ئۇرۇق چاچ.

لايدىن ئۆتسەڭ بۇرۇن ئۆت، پاتماس پۇتۇڭ لۆم ـ لۆمگە،
جەڭگە كىرسەڭ كېيىن كىر، ئۇچرىمايسەن ئۆلۈمگە.

لەگلەكنىڭ كېتىشىنى سورىما،
كېلىشىنى سورا.

لىڭشىغان كۆتەكنى يارماڭ.

لىڭشىغان كۆتەكنىڭ قېشىغا بارماڭ،
ھىجايغان خوتۇننىڭ قېشىغا بارماڭ.

لىڭگىلچاقنىڭ قەيىرىگە دەسسەسەڭ يىقىلىسەن.

لويىنىڭ ئىتمنى سوغار،
پولىنى ئال.

## م

ماتانى ئەسكى دەپ،
شاينى نەدىن تاپىسەن؟

ماختانچاقنىڭ ئۆيگە بارما،
كېرىلگەننىڭ تويىغا (بارما).

ماختانما غاز،
ھۈنىرىڭ ئاز.

مازار كۆرگەن موللىدىن قورق.

مازاردىن ئامەت تىلىگۈچە،
توغراقتىن ئامۇت تىلە.

مازاردىن پۈتۈكنى يىغ،
پادىشاھتىن تىلىكنى (يىغ).

مازاردىن تىلىمەي،
بازاردىن تىلە.

ماڭغان يولۇڭدىن قايتما،
ئاش بەرگەن قازاننى چاقما.

ماشماس ئۇلاغ مىنگۈچە،
يۈگۈرۈپ ماڭغىن ھارغۇچە.

ماشماس ئۇلاغ مىنگۈچە،
يۈگۈرۈپ ماڭغىن ھارغۇچە.

مال ـ دۇنيا ساقلىغۇچە،
ئار ـ نومۇس ساقلا.

مال ـ ۋارانىنىڭ ئايىنىشىغا باق،
قازىنىڭنىڭ قايىنىشىغا (باق).

مالغا كۆزۈڭ چۈشسە قوينۇڭنى سىلا.

مالنى باققانغا باقتۇر،
نانىنى ياققانغا ياقتۇر.

مالنى ساتساڭ نەق سات،
راست گېپىڭنى دەپ (سات).

مەجرۇھتىن پىچاق سورىماڭ،
قېرىدىن چوماق (سورىماڭ).

مەدداھنىڭ ۋەزىگە ئىشەنمە،
رەممالنىڭ سۆزىگە (ئىشەنمە).

مەست بىلەن ماڭساڭمۇ ماڭ،
پەس بىلەن ماڭما.

مەسچىتكە كىرسىلا موللا دېمە،
ماختاپ قويسىلا دوستۇم (دېمە).

مەسلىھەت ئالساڭ چوڭدىن،
ئىشىڭ كېلەر ئوڭدىن.

مەسلىھەتنى دوستۇڭغا سال،
كېڭەشنى ئۆزۈڭ قىل.

مەنزىلگە يېتەي دېسەڭ داۋان ئاش.

مەنسەپ تالاشقۇچە،
بىلىم تالاش.

مەنسەپ دېسە قىزىقما.

موللىنى كاپىر دېمەڭلار، موللا كاپىردىن يامان،
موللىنى كاپىر دېگەنلەر ھەممە كاپىردىن يامان.

مۇزغا يۆلەنمە،
ياۋغا ئىشەنمە.

مۇزلىغانغا ئوت ياقتۇرما،
ئوچىقىغا قازان ئاستۇرما.

مۇساپىرغا نېنىڭنى بەر.

مۇساپىرغا ياخشىلىق قىل.

مۈشتتىن قورقۇپ قاچقاننى مىلتىق بىلەن ئېتىۋەت.

مۈشتى قاتتىقتىن قاچما،
باغرى قاتتىقتىن قاچ.

مۈنارغا تاش ئاتما،
ساراڭغا سۆز قاتما.

مۈشۈككە ئىچ ئاغرىتساڭ كەپتەرگە كۈن يوق،
چاشقانغا ئىچ ئاغرىتساڭ تاغارغا كۈن (يوق).

مۈشۈكنى ئەركە باقساڭ كەپتەرگە كۈن يوق.

مېلى يوق دەپ ئەردىن قاچما،
سۈيى يوق دەپ يەردىن (قاچما).

مېلىڭغا قەست قىلغان،
جېنىڭغا قەست قىلار.

مېلىڭنى ئايىغۇچە،
جېنىڭنى ئايا.

مېلىڭنى تىرىك سات،
ئېشىڭنى يىرىك سات.

مېھنەت قىلساڭ پۇل تاپىسەن،
پىكىر قىلساڭ يول (تاپىسەن).

مېۋىسىز دەرەخنى قاقما،
گۇمانلىق يەردە ياتما.

مېۋىسىنى يە،
ئۆرۈكىنى تىك.

مېۋىسىنى يېسەڭ شېخىنى سۇندۇرما،
سۈيىنى ئىچسەڭ، قۇدۇقىنى تىندۇرما.

مېيىپكە سۆز قويماڭ،
غايىبقا گۇل (قويماڭ).

مىخنى ئايساڭ،
تاقىدىن ئايرىلىسەن.

مىراستىن مۇشت تەگسىمۇ ئال.

مىڭ يىل ياشايدىغاندەك تىجارەت قىل،
ئەتە ئۆلىدىغاندەك ئىبادەت قىل.

ن

ناشتىلىقىڭ نېمە بولسا،
كەچلىكىڭ شۇ بولۇر.

نامىم چىقسۇن دېسەڭ ئاناڭنى كۈت،
ئۆز يۇرتۇڭنىڭ يۈكىنى يۈد.

نان بېرىپ چوڭ قىل،
تاياق بېرىپ ئوڭ (قىل).

ناننى تونۇرنىڭ قىزىقىدا ياق.

ناننى ئۇرما،
ئۇۋالى بار.

ناننى يە، سۇغا چىلاپ،
ئىشنى قىل بوخچىلاپ.

نەپتە قىيىنچىلىق بولسا ئۆزۈڭ ھەل قىل،
ئەپتە قىيىنچىلىق بولسا مېنى ئىزدە.

نەپسىڭنىڭ تىزگىنى ئەقلىڭنىڭ قولىدا.

نەپسىڭنىڭ قۇلى بولماي،
ھۈنەرنىڭ گۇلى بول.

نەدە يىقىلساڭ شۇ يەردە ئورنۇڭدىن تۇر.

نەسىھەت ئاچچىق،
مېۋىسى تاتلىق.

نومۇسۇڭنى بەرگۈچە،
جېنىڭنى بەر.

نېمىدىن قورقساڭ شۇنىڭغا يولۇقىسەن.

نېمىنى خارلىساڭ شۇنىڭ قەدرى ئۆتۈلەر.

نېنى يوق چايدىن قاچ،
پۇلى يوق بايدىن قاچ.

ھ

ھارغاندىن ھال سورا،
گەپ سورىما.

ھارغۇچە ئىشلە،
قانغۇچە ئۇخلا.

ھاشارغا بارساڭ ساز ئېلىۋال ناغرا بولسىمۇ،
خۇرجۇنۇڭنى توشقۇزۇۋال زاغرا بولسىمۇ.

ھالىڭغا يەتكەن ئادەم ئۈچۈن جېنىڭنى ئايىما.

ھاۋا ئوچۇق تۇرۇپ ياغقان يامغۇردىن قورق،
يىغلاپ تۇرۇپ سۆزلىگەن خوتۇندىن (قورق).

ھايات چېغىدا تىللىما،
ئۆلگىنىدە يىغلىما.

ھەر ئۈچ قەدەمدە ئارقاڭغا باق،
شۇندىلا بولىدۇ بېشىڭ ساق.

ھەرىكەتتە دادىل بول،
گەپ ـ سۆزدە ئادىل (بول).

ھەسەتخوردىن بەختىڭنى يوشۇر،
سۆزمەندىن دەردىڭنى (يوشۇر).

ھەسىلىگە باقما،
نەسىلىگە باق.

ھەق بولسا قەسەم قىلما.

ھەق! دېسەڭمۇ ھالال ئال پۇلنى،
تىرىكتاپ بولۇۋېلىپ سۇندۇرما قولنى.

ھەقتىن ئايرىلما،
ئۆلۈمدىن قورقما.

ھەقىقەت دېسەڭ بارلىقىنى ئىزدە،
جان باقاي دېسەڭ جالىقنى ئىزدە.

ھەقىقەت ئىزدىسەڭ ئۆلتۈر يىلاننى،
تەرىقەت ئىزدىسەڭ قىينىما جاننى.

ھەمراھىڭ ئىت بولسا قولۇڭدىن كالتەك چۈشمىسۇن.

ھۆرمەت تاپاي دېسەڭ ئىززەت قىل.

ھۆسنۈڭ بولسا گۈل قىس،
ھۆسنۈڭ بولمىسا كۆتۈڭنى (قىس).

ھۆسنۇڭگە باقماي،
بىڭسىڭغا باق.

ھېساب قىلساڭ ساق تۇرسەن.

ھېيتتا قەرزىڭنى قىستىما،
هازىدا ئەرزىڭنى (قىستىما).

ھىممىتىڭگە كۆي،
مىللىتىڭنى سۆي.

ھىيلە بىلەن تۇلكە تۇت،
ھىممەت بىلەن بۆرە (تۇت).

ھىيلىگەر بۆكۈڭگە جىگدە سالار.

## ئو

ئوت بىلەن ئويناشما،
دەريا بىلەن بويلاشما.

ئوتنى سەل چاغلىما، كۆيدۈرىدۇ،
دۈشمەننى كىچىك چاغلىما، ئۆلتۈرىدۇ.

ئوچاقتا بېقىپ ئوتۇن ئال،
ھالىڭغا بېقىپ خوتۇن (ئال).

ئوغۇت يىغساڭ كۆندە يىغ ئاز بولسىمۇ،
مەدىكار ئالساڭ كىچىكىنى ئال تاز بولسىمۇ.

ئوقەت قىلساڭ ئوپۇرۇپ قىل،
تومۇرنى قوپۇرۇپ (قىل).

ئوقۇدۇم دېگۈچە بىلدىم دېگىن.

ئوقۇرنى ئېگىز قىلساڭ ئاتتىن قۇرۇق قالىسەن،
كۆلنى تېيىز چاپساڭ سۇدىن قۇرۇق قالىسەن.

ئوقۇرۇڭ بولسا ئېتىڭدىن غەم قىلما.

ئوقىتىڭنى يوقاتساڭ يوقات، لەۋزىڭنى يوقاتما.

ئوڭ قولۇڭ سەدىقە بەرسە،
سول قولۇڭ تۇيمىسۇن.

ئوڭ قولۇڭدا بەر،
سول قولۇڭدا ئال.

ئوڭ قولۇڭنىڭ ئاچچىقى كەلسە،
سول قولۇڭ بىلەن تۇتۇۋال.

ئوڭ كۆزۈڭ بىلەن ئۆزۈڭنىڭكىنى كۆر.

ئولتۇرغان ئورنۇڭدىن تايىنىپ قوپما.

ئولتۇرۇپ ئىش قىلساڭ،
ئۆرە تۇرۇپ دەم ئال.

ئولتۇرۇپ ياش تۆككۇچە،
دەس تۇرۇپ مۇشت تۈگ.

ئولتۇرۇقۇڭ كەڭ بولغۇچە،
كۆڭۈل - كۆكسۈڭ كەڭ بولسۇن.

ئون ئاچچىقنى بىر پۇلغا ئالما،
پىتنىڭ ئاچچىقىدا چاپاننى ئوتقا سالما.

ئوۋنى ئوۋلا ئوۋچى بىلەن،
توينى ئوينا تويچى بىلەن.

ئويلاپ سۆزلىسەڭ ئىناۋەتلىك بولىسەن.

ئويناپ ئىشلىسەڭمۇ،
ئويلاپ چىشلە.

ئويۇننى قەيەردە ئوينىساڭ،
يىغاڭنى شۇ يەردە يىغلا.

## ئۇ

ئۇچرىغانغا سالام قىل،
سورىمىغانغا سۈكۈت قىل.

ئۆچۈشنى ئويلىساڭ،
چۈشۈشنى ئۇنتۇما.

ئۇخلىغان ئىتقا تاش ئاتما،
ناتونۇشقا گەپ (قاتما).

ئۇرۇقنى بېشى بىلەن ساقلا،
جىڭنى تېشى بىلەن (ساقلا).

ئۇزاق ئولتۇراي دېسەڭ ئۆيۈڭنى ئولدات،
بەختلىك بولاي دېسەڭ دوستۇڭنى غولدات.

ئۇسسۇلنى تۇزدە ئوينا،
توينى كۈزدە (ئوينا).

ئۇسسىغانغا بۇلاق بول،
يىرتىلغانغا ياماق (بول).

ئۈگىسىز سۆڭەككە پىچاق ئۇرما.

ئۇلۇغ سۇدىن ئۇزۇپ ئۆت،
توختام سۇدىن كېچىپ (ئۆت).

ئۇلىغىڭنى مال قىل،
پىچىقىڭنى گال (قىل).

ئۇلىغىڭ يېغىر بولسا لىڭگىرچاقنى تۇزە.

ئۇماچ ئىچسەڭمۇ شۈكۈر قىل.

ئۇنىغانىنىڭ قېشىغا بار،
چاقىرغانىنىڭ ئىشىغا بار.

## ئۆ

ئۆتسۇن ـ ئۆتمىسۇن بىلەن باق،
بەرسۇن ـ بەرمىسۇن سوراپ باق.

ئۆتكەلدىن ئۆتسەڭ ئاۋۋال ئۆت،
كېيىن ئۆتسەڭ يول تايغاق.

ئۆتكەن كۇنۇڭنى ئۇنۇتما،
شىرە چورۇقۇڭنى قۇرۇتما.

ئۆتكەن ئىشنى باشلىما،
پىشقان ئاشنى تاشلىما.

ئۆتكەننى ئويلىما، ئۆمرۇڭ خورايدۇ،
قاچقاننى قوغلىما، ئېتىڭ چارچايدۇ.

ئۆتكۇنچى بۇلۇتتىن يامغۇر تىلىمە.

ئۆتۈك قونچىنى تار قىلما،
بەندىنى بەندىگە خار (قىلما).

ئۆچەكەشنىڭ ئانىسىنى ئال.

ئۆز بالاڭدىن ئەيىب ئۆتسە ياتقا شىكايەت قىلما.

ئۆز قايغۇسىنى يېگەندىن ۋاپا تىلىمە،
ئۆزگىنى دەپ، ئۆزدىن ئايرىلما.

ئۆز ماكانىڭ — گۈلىستانىڭ.

ئۆز ئىچىڭگە سىغمىغان سىر،
ئۆزگىنىڭ ئىچىگە سىغماس.

ئۆز ئىشىڭغا ئادىل بول،
خان ئالدىدا دادىل (بول).

ئۆز ئىشىڭنى پۈتكۈزەي دېسەڭ باشلىقىڭنىڭ دېگىنىنى قىل.

ئۆز يولۇڭدىن قالما،
كىشىنىڭ غەيۋىتىنى قىلما.

ئۆزگىنى ئالدىساڭ ھۆرمەتسىز قالىسەن.

ئۆزگىنى ئىززەتلىگىنىڭ
ئۆزۈڭنى ئىززەتلىگىنىڭ.

ئۆزگىنىڭ سۆزىگە ئىشەنگۈچە،
ئۆزۈڭنىڭ كۆزىگە ئىشەن.

ئۆزۈڭ ئەگرى بولساڭمۇ،
گېپىڭ تۈز بولسۇن.

ئۆزۈڭ بىلگەن يولنى ئاتاڭغا بەرمە.

ئۆزۈڭ بىلمىگەننى كىشىدىن سورا،
كىشى بىلمىسە كىچىكتىن سورا.

ئۆزۈڭ خەسچە بولساڭمۇ،
ئەقلىڭ تاغچە بولسۇن.

ئۆزۈڭ سەت بولساڭ ئەينەكتىن يامانلىما.

ئۆزۈڭ قىلمىساڭ غېمىڭنى،
قاغا چوقۇر تېنىڭنى.

ئۆزۈڭ نېمە يېسەڭ مېھمانغا شونى قوي.

ئۆزۈڭدە بولسا يېتىپ يەيسەن،
كىشىدە بولسا تىلەپ (يەيسەن).

ئۆزۈڭدىن ئۆزگىنى خىزىر دەپ بىل.

ئۆزۈڭدىن يۇقىرىغا قاراپ پىكىر قىل،
ئۆزۈڭدىن تۆۋەنگە قاراپ شۈكۈر قىل.

ئۆزۈڭگە راۋا كۆرمىگەننى ئۆزگىگىمۇ راۋا كۆرمە.

ئۆزۈڭگە قوشۇقتا ئېلىپ،
كىشىگە چۆمۈچتە بەر.

ئۆزۈڭگە ئىشەن،
بولسۇن كۆڭلۈڭ روشەن.

ئۆزۈڭگە ياخشى بولسا بىر نانىنى ئىككى توقاچ ئەت.

ئۆزۈڭگە ياخشىلىق تىلىسەڭ،
كىشىگە ئامانلىق تىلە.

ئۆزۈڭگە ياقمىغاننى كىشىگە تاڭما.

ئۆزۈڭنى ئاتما داستىخانغا،
ھاجەت چۈشمەس لوقمانغا.

ئۆزۈڭنى ئەر چاغلىساڭ،
ئۆزگىنى شىر چاغلا.

ئۆزۈڭنى ئەزىز قىلاي دېسەڭ كۆچۈڭنى خار قىل.

ئۆزۈڭنى باي بىلسەڭ،
ئۆزگىنى ئاي بىل.

ئۆزۈڭنى چاغلا،
بىلىكىڭنى باغلا.

ئۆزۈڭنى چۈشەنمىسەڭ باشقىلارنى چۈشىنەلمەيسەن.

ئۆزۈڭنى قۇل قىلما،
ئاناڭنى تۇل (قىلما).

ئۆزۈڭنى ئۆزۈڭ ئايىمىساڭ ئۆزگە سېنى ئايىماس.

ئۆزۈڭنى ئۆزۈڭ ماختىما.

ئۆزۈڭنى ئۆلچەپ كۆر،
جاھاننى جىڭلاپ (كۆر).

ئۆزۈڭنىڭ يامىنىدىن قالما،
كىشىنىڭ ئارزۇسىنى يېمە.

ئۆزۈمنىڭ دەپ يېزىپ،
كىشىنىڭ دەپ تۈزەت.

ئۆزى بىلمىگەننىڭ ئاغزىغا قارىما.

ئۆستەڭ ئاتلاپ خوتۇن ئالساڭ،
كەشىڭنىڭ چەمى تېشىلەر.

ئۆستەڭگە بېقىپ تاش باس.

ئۆگىنىشنى ئاز كۆرمە،
بىلىملىكنى خار (كۆرمە).

ئۆلتۈرمەن دېگەن يەردە،
ئۆلمەسلىكنى ئويلىما.

ئۆلۈمدىن قورققۇچە،
ئۇياتتىن قورق.

ئۆمىلەپ تۇرۇپ ياشىغۇچە،
ئۆرە تۇرۇپ ئۆل.

ئۆي تۇتمىغاننى ئۆيگە يولاتما.

ئۆي تۆرىدىن ئورۇن ئالغۇچە،
كۆڭۈل تۆرىدىن ئورۇن ئال.

ئۆيلەنمەي قېرىغاندىن ئەقىل سورىما.

ئۆيۈڭ ئورماندا بولسا ئوتۇندىن غەم قىلما.

ئۆيۈڭ ئۆستەڭ بويىدا بولسا سۇدىن غەم قىلما.

ئۆيۈڭدە بولغاندا ئەمەس،
قوينۇڭدا بولغانغا سۆيۈن.

ئۆيۈڭنىڭ كەينىدە سۆزلىمە.

ئۆيى يوققا ئۆي كۆرسەتمەڭ،
ئۆچكىگە باغ (كۆرسەتمەڭ).

ئۆيىنىڭ تۆرىگە قارىماي،
ساھىبخانىنىڭ يۈزىگە قارا.

# ئۈ

ئۈزۈشنى بىلمىسەڭ سۇغا چۈشمە،
تەييارلىقسىز جەڭگە (چۈشمە).

ئۈزۈم قىلساڭ بېدىش قىل،
تۇز چىلىساڭ ئىدىش قىل.

ئۈزۈمگە يانتاق، قاپاقا چالما،
بالىسى بار خوتۇننى ئالما.

ئۈستۈن قارىساڭ كۆككە باق،
تۆۋەن قارىساڭ كۆپكە (باق).

ئۈلپەت تاپ — قۇدرەت تاپ.

# ۋ

ۋاقتىڭنى غەنىيمەت بىل،
تەڭنەڭگە ئىشەنمە.

ۋەجىڭگە بېقىپ خەج قىل.

# ئې

ئېتى يوققا ئات بەرسەڭ چېپىپ ئۆلتۈرەر.

ئېتىڭ چاپار ئوغلاققا،
ھوشيار تۇرغىن موللاققا.

ئېتىڭ ھارسا ئابرۇيۇڭ كېتەر،
قارنىڭ ئاچسا ماغدۇرۇڭ (كېتەر).

ئېتىڭ ھارسا دۆڭگە چاپ.

ئېتىڭ ھارسا ھارسۇن،
ئۇلپىتىڭ ھارمىسۇن.

ئېتىڭ يامان بولسىمۇ خوتۇنۇڭ ياخشى بولسۇن.

ئېتىڭنى قامچا بىلەن ھەيدىمەي،
يەم بىلەن ھەيدە.

ئېتىڭنى كۈزدە سۇدىن تارت،
ئەتىيازدا ئوتتىن (تارت).

ئېتىلغان يولۋاستىن قورقما،
ماراپ چىشلىگەن ئىتتىن قورق.

ئىرىڭگە ئىشەنگۈچە ئىشىكىڭنىڭ ئىلغۇچىغا ئىشەن.

ئىرىنچەك بولساڭمۇ،
كۆڭۈلچەك بولما.

ئىرىنچەككە تىرىكمە،
ئەقىل كۆرسەت، زىرىكمە.

ئىرىنمەي ئىشلىسەڭ،
يىغلىماي چىشلەيسەن.

ئىسىڭنىڭ بارىدا ئەل تونۇ،
كۈچۈڭنىڭ بارىدا يەر (تونۇ).

ئىسىڭنىڭ بارىدا ئىتىكىڭنى ياپ.

ئىسىل نەرسەڭنى ئىزھار قىلما.

ئىسىلنى ئالساڭ خاتا يوق،
ئەسكىنى ئالساڭ ۋاپا (يوق).

ئىشەك ئالساڭ توقۇمى بىلەن ئال.

ئىشەك ئالساڭ چىشىغا قارا،
خوتۇن ئالساڭ ئىشىغا (قارا).

ئىشەكتىن يىقىلغۇچە،
تۆگىدىن يىقىل.

ئېشەككە باش بولساڭمۇ،
دۈشمەنگە تاش بول.

ئېشەككە قامچا كېرەك،
قويغا هەيۋە (كېرەك).

ئېشەكنىڭ قوڭغا ئاپتاپ چۈشسە،
قولۇڭنى قاقلا.

ئېشى يارىسا قاچىسىغا قارىما،
قىزى يارىسا ئانىسىغا قارىما.

ئېشىغا قاراپ ئىشىنى قىل،
سۆزىگە قاراپ دىلىنى بىل.

ئېشىك بولسا ئەلدىن ئايىما،
ئېتىڭ بولسا ئەردىن (ئايىما).

ئېشىڭدىن بۇرۇن ئىشىڭنى ئويلا.

ئېشىڭغا بېقىپ يە،
ئاغزىڭغا بېقىپ دە.

ئېشىڭنى ئەل بىلەن يە،
كىيىمىڭنى ئۆزۈڭ كىي.

ئېشىڭنى سادىققا بەر،
قىزىڭنى ئاشىققا بەر.

ئېغىر بولساڭ ئامبال بولۇرسەن،
يېنىك بولساڭ تامبال (بولۇرسەن).

ئېغىزنى ئاشقا ئۆگەتمە،
ۋاقىتنى ئويناپ توگەتمە.

ئېغىزنى گەپكە ئۆگەتمەڭ،
قوڭنى ئوسۇرۇققا (ئۆگەتمەڭ).

ئېغىزنى گەپكە ئۆگەتمەڭ،
كۆڭۈلنى نەپكە (ئۆگەتمەڭ).

ئېقىن سۇغا تۈكۈرمە.

ئېگىز شاخقا ئېسىپ قويغۇچە بويۇڭنى،
يېتەر جايغا ئۇزاتساڭچۇ قولۇڭنى.

ئېگىلمىگەن شاخقا ئېسىلما.

ئېگىلمىگەنگە ئېڭىشمە.

ئېلىپ قاچقۇچە، تېرىپ قاچ.

ئېلىپ — بەر.

ئېيتقان تويغا بار،
ئاڭلىغان ئۆلۈمگە (بار).

ئېيتقان يەردىن قالما،
ئېيتمىغان يەرگە بارما.

ئېيىق بىلەن دوست بولساڭ،
يېنىڭدىن پالتاڭنى ئاجراتما.

## ئى

ئىت بىلەن سايە تالاشما،
مۆشۈك بىلەن تۆر (تالاشما).

ئىت بىلەن يولداش بولساڭ قولۇڭدىن تاياق چۈشمىسۇن.

ئىت قوغلىسا سۇغا قاچ،
تۆگە قوغلىسا تاغقا (قاچ).

ئىت ئۆرساڭ ئىگىسىگە باق.

ئىتتىن سۆڭەك تالاشما،
ئەسكى بىلەن گەپ (تالاشما).

ئىچ كۆيەرىڭ بولمىسا،
ئىچىم كۆيىدۇ دېمە.

ئىچ مايماقنى ئېلىپ قاچ،
تاش مايماقنى تاشلاپ (قاچ).

ئىچكەن سۈيۈڭنى تۈزلۈق دېمە،
ياتقان يېرىڭنى مۈزلۈق دېمە.

ئىچىدىن ئۆرۈپ ئۆپكىسىنى قاق.

ئىرغاتقان چوماقتىن قاچ.

ئىش قىل ئېپى بىلەن،
نەغمە قىل دېپى بىلەن.

ئىشەندۈرەي دېسەڭ خەقنى،
سۆزلە ئايىماي ھەقنى.

ئىشەنسەڭ كۆپ پۇلۇڭغا،
دومىلارسەن بۇلۇڭغا.

ئىشىغا قاراپ ئىشتىيىنى بىل،
سۆزىگە قاراپ نىيىتىنى (بىل).

ئىشىك پاكار بولسا ئېگىشىپ كىر.

ئىشىك كۆرگەننى ئالماي،
بۆشۈك كۆرگەننى ئال.

ئىشىك ئوچۇق بولسىمۇ سوراپ كىر.

ئىشىكتىن چىقساڭ ھاۋاغا باق،
كىشىگە يولۇقساڭ چىرايىغا (باق).

ئىشىكنى ئاچ،
ئىنچىقتىن قاچ.

ئىشىك تۈزەلمىگۈچە چۈشۈك تۈزەلمەس.

ئىشىك يامان بولسا مېھنىتىڭ كېتەر،
خوتۇنۇڭ يامان بولسا مېھمىنىڭ (كېتەر).

ئىشىكنى قىل پەم بىلەن،
ئىشىك تاقا دەم بىلەن.

ئىككى بولساڭ ھەمراھىڭ بىلەن كېڭەش،
بىر بولساڭ بۆكۈڭ بىلەن (كېڭەش).

ئىمامىنىڭ ئۆمرىنى تىلە،
مەزىنىنىڭ ئۆلۈمىنى (تىلە).

ئىمانىڭ بولمىسىمۇ ئىنسابىڭ بولسۇن.

ئىنتىقامنى ئۆزۈڭ ئالساڭ ھالاك بولۇرسەن،
ئىنتىقامنى خۇداغا قويساڭ ئامان قالۇرسەن.

ي

يات كۆتىگە پالچىق ئۇر،
يېنىپ چۈشسە يەنە ئۇر.

يات كىشىگە سىر بەرمە،
قىمارۋازغا پۇل (بەرمە).

ياتقا بەر قىزىڭنى،
ياتتىن ئال سۆزۈڭنى.

ياتقان ئىتقا چالما ئاتما،
ناتونۇش ئايالغا گەپ ئاتما.

ياتقان يېرىڭدىن تايىنىپ قوپما.

ياتقان يېرىڭنى قاتتىق دېمە،
ئىچكەن سۈيۈڭنى ئاچچىق (دېمە).

ياتقان يىلاننىڭ بېشىنى تەۋرەتمە.

ياتنى ياتنىڭ قولىدا ئەپلە.

ياتنى يېنىڭغا تارتساڭ تارت،
ئېشىڭغا تارتما.

يار تۇۋىگە ئۆي سالساڭ،
يار بېسىپ ئۆلەرسەن.

ياز دەپ قىشلىقىڭنى تاشلىما،
قىش دەپ يازلىقىڭنى (تاشلىما).

ياش قوشقاندىن قورقما،
باش قوشقاندىن قورق.

ياخشىلىقتىن قىز ئالما،
قىز ئالساڭ تېز ئالما.

يالغانچىغا قوشۇلما،
راست گېپىڭنى يوشۇرما.

يالىساڭ تويىسەن،
يامىساڭ پۈتىسەن.

يامان بىلەن تەڭ بولما، ئىت بولىسەن،
كىيىمىڭنى كىر قىلما، پىت بولىسەن.

يامانغا كېپىل بولما،
ياخشىغا ئۇۋال قىلما.

يامانغا ياخشىلىق قىلغۇچە،
قاپىقىنى چاق.

يامانىنى ئېشىكىغا يولاتساڭ يولات،
قېشىڭغا يولاتما.

يامانىنىڭ بالىسىنى باققۇچە،
ياخشىنىڭ پادىسىنى باق.

يامغۇردا يەپ يات،
بوراندا دۈم يات.

يانچۇقۇڭدىكى پۇلۇڭنى سانىماي،
ئورمىنىڭنى سانا.

ياندashسالڭ يامانغا،
رەڭگىلىك ئوخشار سامانغا.

يانغاق بولساڭمۇ بول،
تانغاق بولما.

يانغاق ئىشىكنى قاتتىق ياپما.

ياۋاش بولسا، بوش دېمەڭ،
يۇمشاق بولسا، گۆش (دېمەڭ).

يەردە بولساڭ شىر بول،
كۆكتە بولساڭ بۈركۈت (بول).

يېنىڭدىكى ئوۋنى قويۇپ،
يىراقتىكى ياۋنى كۆر.

يوق دېسە،
چېلىپ ئىچ.

يوق گۆشنىڭ شورپىسىغا تەلمۈرمەي،
ئۆيۈڭدىكى چامغۇرنى يە.

يول ماڭساڭ تۈز بىلەن ماڭ يىراق بولسىمۇ،
قەدىناسنى تاشلىما قېرى بولسىمۇ.

يول ماڭساڭ تۈز ماڭغىن ئۇزۇن بولسىمۇ،
ئات ئالساڭ تاي ئالغىن سوك ـ سوك بولسىمۇ.

يولدا ماڭساڭ تىنچ ماڭ،
كىشى بىلەن نە ئىشىڭ.

يولۋاس بالىسىنى تۇتمەن دېسەڭ،
يولۋاس ئۇۋىسىغا كىر.

يولۋاس ھىجايسا كۈلدى دېمە،
يىلان جىم ياتسا ئۆلدى (دېمە).

يولۋاستەك ئىشىغا قارىماي،
مىسقالچە دىتىغا قارا.

يونۇماسنى يۆلىمە.

يۈزۈڭ قارا بولسا ئەينەكتىن كۆرمە.

يۈزۈڭ قارا بولسىمۇ،
دىلىڭ قارا بولمىسۇن.

يۈزۈڭ قىڭغىر بولسا ئەينەك گۇناھكار ئەمەس.

يۈزۈڭ مەينەت بولسا ئەينەكنى چاقما،
سۆزۈڭ مەينەت بولسا، ئېڭەكنى (چاقما).

يۈزۈڭدە كىر بولسىمۇ،
سۆزۈڭدە كىر بولمىسۇن.

يۈزۈڭنى كۈندىن ئۆرۈسەڭ سارغايغىنىڭ شۇ.

يۈزۈم ئاق بولسۇن دېسەڭ،
ئىشىڭنى توغرا قىل.

يۈگەنسىز ئات،
بەگباش دەريادىن ھەزەر ئەيلە.

يۈگەنسىز ئاتقا مىنمە.

يېپىشقاندىن قاچ،
قاچقانغا يېپىش.

يېتىپ ئۆلگۈچە، ئېتىپ ئۆل.

يېتىم قىز ـــ كۆتۈكنى قىس.

يېشىڭغا قارىماي ئىشىڭغا قارا.

يېقىندىن خوتۇن ئالما،
يىراقتىن ئېشەك (ئالما).

يېكەن ئوتۇن بولماس،
ۋاپاسىز خوتۇن (بولماس).

يېگىسىنى كۆرۈپ كونىسىنى تاشلىما.

يېگىلسەڭ ئەردىن كۆرمە،
يىقىلساڭ يەردىن (كۆرمە).

يېلىنىپ ياغ يېگۈچە،
يېلىنماي شاپاق يە.

يېمىسەڭمۇ ھەسەلنىڭ گېپىنى قىل.

يېنى ئاغرىمىغاننىڭ نان يېيىشىگە باق.

يېنىشلىق سۆزنى ئېيتما،
تېگىشلىك سۆزدىن قالما.

يېنىڭدا تۆگە بولسا،
يۈك كۆتۈرۈشتىن قورقما.

يېڭۈەتكۈدەك تاتلىق بولما،
تۈكۈرۈۋەتكۈدەك ئاچچىق (بولما).

يىراقتىكىنى ئارزۇلاپ،
يېقىندىكىدىن قۇرۇق قالما.

يىراقتىن ئالتۇن ئىزدىگۈچە،
يېقىندىن تېزەك تەر.

يىراقنى كۆرەي دېسەڭ يۇقىرى ئۆرلە.

يىغلىغاندىن قورقماي،
كۈلگەندىن قورق.

يىغلىغاندىن ھال سورا،
كۈلگەندىن پۇل سورا.

يىقىلساڭ زوردىن يىقىل.

يىقىلغانغا يۆلەك بول،
يىرتىلغانغا ياماق بول.

يىقىلىپ چۈشۈپ يولنى ئەيىبلىمە.

يىكتە يىپ كۆرمە،
ئايدىڭدا خوتۇن (كۆرمە).

يىلان قوغلىسا تۇزگە قاچ،
بۆرە قوغلىسا قومۇشلۇققا (قاچ).

يىلاننى ئۇرساڭ بېشىغا ئۇر،
ئىتنى ئۇرساڭ تۇمشۇقىغا (ئۇر).

يىلاننى ئېگىزگە قوغلا،
سۇغۇرنى پەسكە (قوغلا).

يىلاننىڭ بېشىغا ئۇر،
بالاڭنىڭ كاسىسىغا (ئۇر).

يىلاننىڭ بېشىغا ئۇر،
ئىتنىڭ پۇتىغا (ئۇر).

## قوشۇمچە (2):



# «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»تىكى ماقال - تەمسىللەر

# ئا

ئالىمچى ئارسلان، بەرىمچى سىچغان.
(ئېلىمچى ئارسلان، بېرىمچى چاشقان).

ئالىم كەچ قالسا ئاداقلا نۇر.
(ئېلىم كېچىكىپ قالسا ئاياغلىنۇر.)

ئاغىز يەسە كۆز ئۇيادۇر.
(ئېغىز يېسە كۆز ئۇيىلار.)

ئاغىلدا ئوغلاق تۇغسا، ئارىقدا ئوتى ئۇنەر.
(ئېغىلدا ئوغلاق تۇغۇلسا، ئېرىقتا ئوتى ئۇنەر.)

ئالىن ئارسلان تۇتار، كۇچىن سىچغان تۇتماس.
(ھىيلە بىلەن ئارسلان تۇتۇلار،
كۇچ بىلەن چاشقانمۇ تۇتۇلماس.)

ئالىن ئارسلان تۇتار، كۇچىن ئۇيۇق تۇتماس.

(ھىيلە بىلەن ئارسلان تۇتۇلار،
كۇچ بىلەن قارانچۇقمۇ تۇتۇلماس.)

ئالىپ ئەرىگ ياۋرىتما، ئىقىلاچ ئارقاسىن ياغرىتما.
(باتۇرلارنى خار قىلما،
يۈگۈرۈك ئاتنىڭ دۈمبىسىنى يېغىر قىلما.)

ئالپ چەرىكدە، بىلگە تەرىكدە.
(باتۇر سەپتە سىنىلار،
دانا مۇنازىرىدە سىنىلار.)

ئالپ ياغىدا، ئالچاق چوغىدا.
(باتۇر يېغىدا بىلىنەر،
خائىن جاڭجالدا بىلىنەر.)

ئالپلار بىرلە ئۇرۇشما،
بەگلەر بىرلە تۇرۇشما.
(باتۇرلار بىلەن ئۇرۇشما،
بەگلەر بىلەن تۇتۇشما.)

ئاناسى تەۋلۈگ يۇۋقا ياپار،
ئوغلى تەتىك قوشا قاپار.
(ئانىسى ھىيلىگەر يۇپقا ياپار،
ئوغلى زېرەك قوشلاپ ئالار.)

ئانوق ئۇترۇ تۇتسا، يوققا سانماس.
(بارى ئالدىغا قويۇلسا، يوققا سانالماس.)

ئاچ ئەۋەك، توق تۆلەك.
(ئاچ ئالدىراڭغۇ، توق تەمكىن.)

ئاچىغلىغ ئەر شابۇك قارىماس.
(توق تۇرمۇشلۇق ئادەم تېز قېرىماس.)

ئارى قافچىتسا ئىسرۇر.
(ھەرىنىڭ چىشىغا تەگسە چاقۇر.)

ئارپاسىز ئات ئاشۇماس،
ئارقاسىز ئالپ چەرىك سىيۇماس.
(ئارپىسىز ئات قىر ئاشالماس،
ياردەمچىسىز باتۇر سەپنى يىمىرەلمەس.)

ئارسلان قارىسا، سىچغان ئۆتىن كۆدەزۇر.
(ئارسلان قېرىسا، چاشقاننىڭ ئۇۋىسىنى پايلار.)

ئارسلان كۆكرەسە ئات ئاداقى تۇشالىر.
(ئارسلان ھۆركىرىسە، ئات ئايىغى چۇشۇلەر.)

ئات تەكۈزلىكى ئاي بولماس.
(ئات قاشقىسى ئاي بولماس.)

ئاتا ئوغلى ئاتاچ تۇغار.
(ئاتا ئوغلى ئاتىسىدەك تۇغۇلار.)

ئاتا تونى ئوغۇلقا ياراسا، ئاتاسىن تىلەمەس.
(ئاتىسىنىڭ تونى ئوغلىغا يارىسا، ئاتىسىنى خالىماس.)

ئاتان يۈكى ئاش بولسا، ئاچقا ئاز كۆرۈنۈر.
(ئاتان يۈكى ئاش بولسا، ئاچقا ئاز كۆرۈنەر.)

ئاتاسى، ئاناسى ئاچىغ ئالمىلا يەسە،
ئوغلى، قىزى تىشى قامار.
(ئاتا ــ ئانىسى ئاچچىق ئالما يېسە، ئوغۇل ــ قىزىنىڭ چىشى قامار.)

ئاتاسى ئاچىغ ئالمىلا يەسە، ئوغلىنىڭ تىشى قامار.
(ئاتىسى ئاچچىق ئالما يېسە، ئوغلىنىڭ چىشى قامار.)

ئاۋچى نەچە ئال بىلسە، ئادىغ ئانچە يول بىلىر.
(ئوۋچى قانچە ھىيلە بىلسە، ئېيىقمۇ شۇنچە يول بىلەر.)

ئاش تاتىقى تۇز، يوغرىن يەمەس.
(ئاشنىڭ تەمى تۇز بىلەن، لېكىن تۇزنى تەخسىلەپ يېگىلى بولماس.)

ئاشىچ ئايۇر تۇپۇم ئالتۇن،
قامىچ ئايۇر مەن قايدامەن.
(قازان ئېيتۇر: تۇۋۇم ئالتۇن،
چۆمۈچ ئېيتۇر: مەن نەدىمەن؟)

ئاي تولۇن بولسا، ئەلكىن ئىملەمەس.
(تولۇن ئاي قول بىلەن كۆرسىتىلمەس.)

ئازۇقلۇغ ئارۇق ئارماس.
(ئوزۇقلۇق ئادەم ھارماس.)

ئادىن كىشى نەگى نەك سانماس.
(ئۆزگە كىشىنىڭ مېلى مال سانالماس.)

ئاچ نە يەنەس،
توق نە تەمەس.
(ئاچ نېمە يېمەس،
توق نېمە دېمەس.)

ئاتاغقا ئۆپكەلەپ، سۆگە سۆزلەمەدۈك.
(ھەمراھلىرىغا ئاچچىقلاپ، قوشۇنغا گەپ قىلماپتۇ.)

# ئە

ئەلىك تۇتغىنچا، ئوت تۇت.
(كىپىل بولغۇچە، ئوت تۇت.)

ئەمگەك ئەكىندە قالماس.
(ئەمگەك بىكار كەتمەس.)

ئەمىكلىگ ئۇراغۇت كۆسەكچى بولۇر.
(ئېمىكلىك خوتۇن ئىشتىھالىق بولۇر.)

ئەندىك ئۇما ئەۋلىكنى ئاغىرلار.
(ئەندىك مېھمان ئۆي ئىگىسىنى ھۆرمەتلەر.)

ئەۋەك سىگەك سۇتكە تۇشۇر.
(ئالدىراقسان چىۋىن سۇتكە چۈشەر.)

ئەل قالدى، تۆرۈ قالماس.
(يۇرت قالار، يوسۇن قالماس.)

ئەدگۈلۈكنى سۇ ئاداقىندا كەمىش، باشىندا تىلە.
(ياخشىلىقنى سۇنىڭ ئايىغىغا تاشلا، بېشىدىن ئىزدە.)

ئەدگۈ ئەر سۆڭۈكى ئەرىر، ئاتى قالىر.
(ياخشى ئادەمنىڭ سۆڭىكى چىرەر، نامى قالار.)

ئەشيەك ئايۆر، باشىم بولسا
سۆندۆرىدا سۆۋ ئىچكەيمەن.
(ئېشەك: «بېشىم ئامان بولسا دېڭىزدىن سۇ ئىچىمەن» دېيدىكەن.)

ئەۋلىك تودغۇرسا، كۆزى يولقا بولۇر.
(ئۆي ئىگىسى مېھماننى تويدۇرسا، مېھماننىڭ كۆزى يولدا بولۇر.)

ئەۋدەكى بۆزاغۇ ئۆكۆز بولماس.
(ئۆيدىكى موزاي ئۆكۆز بولماس.)

ئەتلى تىرڭاقلى ئەدىرمەس.
(ئەت تىرناقتىن ئايرىلماس.)

ئەسەندە ئەۋەك يوق.
(ئېسەن ئادەمدە ئالدىراش يوق.)

ئەرسەك ئەرگە تەگمەس،
ئەۋەك ئەۋگە تەگمەس.
(ئەرسىرىگەن ئەرگە تېگەلمەس،
ئالدىراڭغۇ ئۆيگە يېتەلمەس.)

ئەرڭەنگە ئەلىك قارى بۆزۆن ئۆم تىكەمەس.
(بويتاقا ئەللىك غېرىچ بۆزدىمۇ ئىشتان چىقماس.)

ئەرمەگۆگە بۆلىت يۆك بولۇر.
(ئېرىنچەككە بۆلۆت كۆلەڭگىسى يۆك بولۇر.)

ئەرمەگۆگە ئەشىك ئارت بولۇر.
(ئېرىنچەككە بوسۇغىمۇ داۋان كۆرۈنەر.)

ئەركەچ ئەتى ئەم بولۇر،
ئەچكۈ ئەتى يەل بولۇر.
(ئەركەچ گۆشى ئەم بولۇر،
ئۆچكە گۆشى يەل بولۇر.)

ئەرنك ئەرنى ياغلىغ،
ئەرمەگۈ باشى قانلىغ.
(ئىشچاننىڭ لېۋى ياغلىق،
ھۇرۇننىڭ بېشى قانلىق.)

ئەرگە مۇڭ تەگىر،
تاغ سەڭىرىگە يەل تەگىر.
(ئادەمگە مۇڭ تېگەر،
تاغ سىڭىرىغا يەل تېگەر.)

ئەردەمسىزدىن قۇت چەرتىلۇر.
(پەزىلەتسىزدىن قۇت كېتەر.)

ئەردەم باشى تىل.
(ئەدەپنىڭ بېشى تىل.)

ئەر سۆزى بىر، ئەدەر كۆكى ئۈچ.
(ئەرنىڭ سۆزى بىر، ئېگەرنىڭ كۆكى ئۈچ.)

ئەر ئوغلى مۇڭادماس،
ئىت ئوغلى كۈلەرمەس.
(ئادەم بالىسى مۇڭلىنىۋەرمەس،
ئىت بالىسى يېتىۋەرمەس.)

ئەگدۈز بولسا، ئات ئۆلمەس.
(ئەندىز بولسا، ئات ئۆلمەس.)

## ب

بارچىن ياماغى بارچىنقا،
قارىش ياماغى قارىشقا.
(يىپەك ياماق يىپەك رەختكە ئىشلىتىلەر،
يۇڭ ياماق يۇڭ رەختكە ئىشلىتىلەر.)

بالىق سۇۋدا، كۆزى تاشتىن.
(بېلىقنىڭ ئۆزى سۇدا، كۆزى تاشقىرىدا.)

بار باقىر، يوق ئالتۇن.
(بارىدا مىس، يوقىدا ئالتۇن.)

بارىغ ئوترو تۇتسا، يوققا سانماس.
(بارنى ئوتتۇرىغا قويسا، يوق سانالماس.)

بەش ئەرگەك تۈز ئەرمەس.
(بەش بارماق تەكشى ئەمەس.)

بور بولمادىپ، سىركە بولما.
(شاراب بولماي تۇرۇپ، سىركە بولما.)

بوش نەڭگە ئىدى بولماس.
(بوش تۇرغان نەرسىگە ئىگە بولماس.)

بوشلاغلانسا بوخسۇقلانۇر.
(بويۇنتاۋلىق قىلسا بوينى زەنجىرلىنەر.)

بولداچى بۇزاغۇ ئۆكۈز ئارا بەلگۈلۈگ.
(ئۆي بولىدىغان كالا موزاي چېغىدىلا بەلگىلىك.)

بۇغداي قاتىندا سارقاچ سۇۋۋلۇر.
(بۇغداينىڭ باھانىسىدە، قارىمۇق سۇ ئىچىپتۇ.)

بۇزدان سۇۋ تامار.
(مۇزدىن سۇ تامار.)

بۆرى قوشنىسىن يەمەس.
(بۆرە قوشنىسىنى يېمەس.)

بۆرىنىڭ ئورتاق، قزغۇنۇڭ يىغاچ باشىدا.
(بۆرىنىڭ ئورتاق، قۇزغۇننىڭ دەرەخ بېشىدا.)

بىرتىلكۈ تەرىسىن ئىكىلە سويماس.
(بىر تۈلكىنىڭ تېرىسى ئىككى قېتىم سويۇلماس.)

بىر تويىن باشى ئاغرىسا،
قامۇغ تويىن باشى ئاغرىماس.
(بىر دەرۋىشنىڭ بېشى ئاغرىسا،
ھەممە دەرۋىشنىڭ بېشى ئاغرىماس.)

بىرىن - بىرىن مىڭ بولۇر،
تاما - تاما كۆل بولۇر.
(بىر - بىرلەپ مىڭ بولۇر،
تاما - تاما كۆل بولۇر.)

بىر قارغا بىرلە قىش كەلمەس.
(بىر قاغا بىلەن قىش كەلمەس.)

بىلمىش يەك بىلمەدۈك كىشىدەن يەگ.
(بىلىملىك شەيتان بىلىمسىز كىشىدىن ياخشى.)

## پ

پۈشماسار بوز قۈش تۈتار،
ئەۋمەسەر ئۈرۈك قۈش تۈتار.
(ئىچى پۈشمىسا بوز قۈش تۈتار،
ئالدىرىمىسا ئاق قۈش تۈتار.)

پۈتۈن ئۆملۈگ قانچا قۈلسا ئولتۈرۈر.
(ئىشتىنى پۈتۈن خالىغان يەرگە ئولتۈرۈر.)

## ت

تامۈغ پۈغىن تاۋار ئاچار.
(دوزاخنىڭ ئىشىكىنى پارا ئاچار.)

تاغىغ ئوقرۈقىن ئەگمەس،
تەڭىزنى قايغىقىن بۆگمەس.
(تاغنى ئوقرۇق بىلەن ئەگكىلى بولماس،
دېڭىزنى قېيىق بىلەن بۆككىلى بولماس.)

تاغ تاغقا قاۋۇشماس، كىشى كىشىگە قاۋۇشۇر.
(تاغ تاغقا قوۋۇشماس، ئادەم ئادەمگە قوۋۇشار.)

تاپۇغ تاش يارار،
تاش باشىغ يارار.
(خىزمەت تاشنى يارار،
تاش باشنى يارار.)

تاز كەلىگى بۆركچىگە.
(تازنىڭ كېلىدىغان يېرى بۆكچىنىڭ دۇكىنى.)

تاز ئات تاقارچى بولماس.
(چىپار ئات يۈك كۆتۈرەلمەس.)

تاشىغ ئىسرۇماسا، ئۆپمىش كەرەك.
(تاشنى چاينىغىلى بولمىسا، سۆيگۈلۈك.)

تاۋغاچ خانىنىڭ تورقۇسى تەلىم،
تەڭلەمەدىپ پىچماس.
(تاۋغاچ خانىنىڭ تورقىسى تولا،
ئۆلچىمەي پىچماس.)

تاتسىز تۈرك بولماس،
باشسىز بۆرك بولماس.
(تاتسىز تۈرك بولماس،
باشسىز بۆك بولماس.)

تاي ئاتاتسا ئات تىنۇر،
ئوغۇل ئەرەدسە ئاتا تىنۇر.
(تاي ئات بولسا ئات تىنۇر،
ئوغۇل ئەر بولسا ئاتا تىنۇر.)

تاياق بىلەن تايماس،
تانۇق سۆزۈن پۈتمەس.
(هاسىسى بار تېيىلماس،
گۇۋاهچى سۆز بىلەن ئىشەنچ قازىنالماس.)

تايغان يۈگرۈگىن تىلكۈ سەۋمەس.
(تايغاننىڭ يۈگۈرۈكىنى تۈلكە سۆيمەس.)

تەزەك قاردا ياتماس،
ئەدگۈ ئەسىز قاتماس.
(تېزەك قاردا ياتماس،
ياخشى - يامان قېتىلماس.)

تەشۈك سۈۋدا بەلگۈرەر.
(تۆشۈك سۇدا بىلىنەر.)

تەۋە يۈك كۆتۈرسە، قامىچ يەمە كۆتۈرۈر.
(يۈكنى كۆتۈرگەن تۆگە چۈمۈچنىمۇ كۆتۈرەر.)

تەۋە سىلكىنسە، ئەشەككە يۈك چىقار.
(تۆگە سىلكىنسە، ئېشەككە يۈك چىقار.)

تەۋە بەدۈك ئەرسە مايىاقى بەدۈك ئەرمەس.
(تۆگە چوڭ بولسىمۇ، مايىقى چوڭ بولماس.)

تەڭسىزدە تەگىرمەن تۇرغۇرسا، ياراغسىزدا يار بارىر.
(ناباب جايغا تۈگمەن قۇرسا، كۆتمىگەندە يار كېتەر.)

تەگمە كىشى ئۆز بولماس،
يات ياغۇق تۇز بولماس.
(ئۇچرىغانلا كىشى ئۆز بولماس،
يات بىلەن تۇغقان تەڭ بولماس.)

تەلىم سۆزۈگ ئۇقسا بولماس،
يالىم قايا يىقسا بولماس.
(كۆپ سۆزنى چۈشەنگىلى بولماس،
تىك قىيانى يىقىتقىلى بولماس.)

تەگىرمەندە تۇغمىش سىچغان كۆك
كۆكرەكىڭە قورقماس.
(تۈگمەندە تۇغۇلغان چاشقان ئاسماننىڭ
گۈلدۈرلىگىنىدىن قورقماس.)

تويىن تاپۇغساق، تەڭرى سەفنچىسىز.
(تويىن تەڭرىگە تېۋىنار، لېكىن تەڭرى سۆيۈنمەس.)

توقۇم يۇزۇپ قۇدرۇقتا پىچەك سىما.
(مالنى سويۇپ قۇيرۇقىغا بارغاندا پىچاقنى سۇندۇرۇپ قويما.)

تولۇم ئانۇتسا قۇلۇن بۇلۇر،
تولۇم ئۇنۇتسا بۇلۇن بۇلۇر.
(قورال تەييارلىسا قۇلۇنلۇق بولۇر،
قورالنى ئۇنۇتسا تۇتقۇن بولۇر.)

تۈتۈشمەگىنچە تۈزۈلمەس،
تۈپىرمەگىنچە ئاچىلماس.
(تۈتۈشمىغۇچە ئارا تۈزەلمەس،
شامال چىقمىغۇچە ھاۋا ئېچىلماس.)

تۈزۈن بىرلە ئۈرۈش، ئۈتۈن بىرلە تىرەشمە.
(ياۋاش بىلەن ئېيتىش، ئېغىرىڭنى كۆتۈرەر.
ئەسكى بىلەن تەڭ بولما، سېنى يەرگە قارىتار.)

تۈتۈن قوپۇرسا ئىسلانۇر.
(كىم تۈتۈن چىقارسا، ئۆزى ئىسلىنۇر.)

تۈنلە يورۇپ كۈندۈز سەۋنۇر،
كىچىكدە ئەۋلەنىپ ئۈلغادۇ سەۋنۇر.
(كېچىلەپ يۈرسە كۈندۈزى سۆيۈنەر،
كىچىك ئۆيلەنسە ياشانغاندا سۆيۈنەر.)

تۈنلە بۇلىت ئۆرتەنسە،
ئەۋلۈك ئۈرى كەلدۈر مىشىپ بولۇر.
(تۈندە بۇلۇت ئۆرتەنسە،
خوتۇن ئوغۇل تۇغقاندەك بولۇر.)

تۈنلە بۇلىت ئۆرتەنسە، ئەۋلۈك ئۈرى كەلدۈرمىشچە بولۇر،
تاڭدا بۇلىت ئۆرتەنسە، ئەۋگە ياغى كىرمىشچە بولۇر.
(تۈندە بۇلۇت ئۆرتەنسە، خوتۇن ئوغۇل تۇغقاندەك بولۇر،
تاڭدا بۇلۇت ئۆرتەنسە، ئۆيگە يىغا كىرگەندەك بولۇر.)

تىلكۈ ئۆز ئىنىگە ئۈرسە، ئۈدۈز بولۇر.
(تۈلكە ئۆز ئىنىگە ھۈرسە، قوتۇر بولۇر.)

تىلىن تۇگمىشنى تىشىن يازماس.
(تىل بىلەن تۇگۈلگەن چىش بىلەن يېشىلمەس.)

تىلىن تەرگىگە تەگىر.
(تىل بىلەن نېمەتكە ئېرىشەر.)

تىرىگ ئەسەن بولسا تاڭ ئۇكۇش كۆرۈر.
(جان ئېسەن بولسا، تاڭ قالارلىق ئىشلارنى كۆپ كۆرەر.)

تىكمەگىنچە ئۇنمەس،
تىلەمەگىنچە بۇلماس.
(تىكمىگۈچە ئۇنمەس،
تىلىمىگۈچە تېپىلماس.)

# چ

چاخشاق ئۇزە ئوت بولماس،
چاغراق بىلە ئۇۋۇت بولماس.
(چوخچا تاشتا ئوت بولماس،
تازچاقتا ئۇيات بولماس.)

چاقسا تۇتنۇر، چالسا بىلنۇر.
(چاقماق چېقىلسا ئوت تۇتىشۇر،
سۆز ئاڭلىتىلسا مەقسەت بىلىنۇر.)

# خ

خان ئىشى بولسا، قاتۇن ئىشى قالىر.
(خاننىڭ ئىشى بولسا، خېنىمنىڭ ئىشى قالار.)

# س

ساقاق پىچار، ساقال ئوخشار.
(ساقالنى ئوينار، ساقاقنى پىچار.)

ساپاندا ساندىرىش بولسا،
ئۆرتكۈندە ئىرتەش بولماس.
(ساپان ۋاقتىدا پۈختىلىق بولسا،
خامان ۋاقتىدا جاڭجال بولماس.)

ساۋىنىن ساغراققا تەگىر.
(ياخشى سۆز قەدەھكە ئىگە قىلۇر.)

ساچراتغۇدىن قورقمىش قۇش قىرىق
يىل ئادرى يىغاچ ئۇزە قونماس.
(ساچراتقۇدىن قورققان قۇش قىرىق
يىلغىچە ئاچا ياغاچقا قونماس.)

سارتنىڭ ئازۇقى ئارىغ بولسا، يول ئۆزە يەر.
(سودىگەرنىڭ ئوزۇقى پاكىز بولسا، يول ئۈستىدە يەر.)

سۈبۈزغاندا ئەۋ بولماس،
توپۈرغاندا ئاۋ بولماس.
(گۆرىستاندا ئۆي بولماس،
توپىلاڭدا ئوۋ بولماس.)

سۈندىلاچ ئىشى ئەرمەس ئۆرتكۈن تەپمەڭ.
(خامان تەپمەك سۈندۈكنىڭ ئىشى ئەمەس.)

سۈۋ ئىچۈرمەسكە سۈت بەر.
(سۇ بەرمەسكە سۈت بەر.)

سۈۋ كۆرمەگىنچە ئەتۈك تارتما.
(سۇنى كۆرمىگۈچە ئۆتۈك سالما.)

سۆگۈت سۆلىڭە، قادىڭ قاسىڭا.
(سۆگەتكە ئەۋرىشىملىك، قېيىنغا قاتتىقلىق يارىشار.)

سۆكۈشۈپ ئۈرشۈر، ئۈترا تون تىتىشۈر.
(سۆكۈشۈپ ئۇرۇشار، ئارىدا تون تىتىلار.)

سۆزگە سۈچىنسە بۈلۈن بارىر.
(سۆزگە سۆيۈنسە، تۇتقۇن بولۇر.)

سۈسەگەن ئۈدقا تەڭرى مۈڭۈز بەرمەس.
(ئۇسكەك ئۇيغا تەڭرى مۈڭگۈز بەرمەس.)

سىناماسا ئارسىقار،
ساقىنماسا ئۇتسۇقار.
(سىنىمىسا ئېزىقار،
ئويلانماي ئىش قىلسا ئۇتتۇرۇپ قويار.)

## ق

قاز قوپسا، ئۆردەك كۆلنىڭ ئىگەنۇر.
(غاز كەتسە، ئۆردەك كۆلنى ئىگىلەر.)

قاينار ئۆگۈز كەچىكسىز بولماس.
(قاينام دەريا كېچىكسىز بولماس.)

قالىن قۇلان چۇفخاسىز بولماس.
(قۇلان پادىسى يول باشلىغۇچىسىز بولماس.)

قالىن قاز قۇلاۋۇزسۇز بولماس.
(غاز توپى باشلامچىسىز بولماس.)

قالىن بۇلۇتوغ تۇپى سۇرەر،
قاراڭغۇ ئىشىغ ئۇرۇنچ ئاچار.
(قېلىن بۇلۇتنى بوران سۈرەر،
قاراڭغۇ ئىشنى پارا ئاچار.)

قال ساۋى قالماس،
قاغىل باغى يازىلماس.
(قېرىلار سۆزى بىكار كەتمەس،
تال چىۋىق باغ يېشىلمەس.)

قاغۇن قارىما بولسا، ئىدىسى ئىككى ئەلكىن تەگىر.
(قوغۇن تالانسا، ئىگىسىمۇ ئىككى قولى بىلەن تالار.)

قالىڭ بەرسە قىز ئالىر،
كەرەك بولسا قىز ئالىر.
(قالىڭ مال بەرسە قىز ئالار،
كېرەك بولسا قىممەتكە ئالار.)

قانىغ قان بىلە يۇماس.
(قاننى قان بىلەن يۇغىلى بولماس.)

قارى ئۆكۈز بالدۇقا قورقماس.
(قېرى ئۆكۈز پالتىدىن قورقماس.)

قاڭداش قۇما ئۇرۇر،
ئىكدىش ئۆرۇ تارتار.
(قانداشلار چىقىشالماس،
قېرىنداشلار كۆيۈنۈشەر.)

قارا بۇلىتىغ يەل ئاچار،
ئۇرۇنچ بىلە ئەل ئاچار.
(قارا بۇلۇتنى يەل ئاچار،
هۆكۈمەت ئىشىكىنى پارا ئاچار.)

قاچىش بولسا قىيا كۆرمەس.
(قاچ - قاچ بولسا، هېچكىم بىر - بىرىگە قارىماس.)

قارا مۇڭ كەلمەگىنچە، قارا يالغا كەچمە.
(قارا كۈن كەلمىگۈچە قارا يالغا كەچمە.)

قارغا قارىسىن كىم بىلىر،
كىشى ئالاسىن كىم تاپار.
(قاغىنىڭ قېرىسىنى كىم بىلەر،
كىشىنىڭ ئالىسىنى كىم تاپار.)

قاداش تەمىش قايمادۇق، قادىن تەمىش قايمىش.
(قېرىنداش دېسە قارىمىغان، قۇدا دېسە قارار.)

قارغا قازقا ئۆتكۈنسە پۇتى سىنۇر.
(قاغا غازنى دورىسا، پۇتى سۇنار.)

قوش قىلىچ قىنقا سىغماس.
(قوش قىلىچ بىر قىنغا سىغماس.)

قوۋى ئەر قۇدۇغقا كىرسە يەل ئالىر.
(بىتەلەي قۇدۇققا چۈشسە، شامال ئېلىپ چىقار.)

قوناق باشى سەدرەكى يەگ.
(قوناق بېشىنىڭ سىيرەك بولغىنى ياخشى.)

قورقمىش كىشگە قوي باشى قوش كۆرۈنۈر.
(قورققان كىشىگە قوي بېشى قوش كۆرۈنەر.)

قولداچىغا مىڭ ياغاق،
بارچا بىلە ئايرۇق تاياق.
(تىلەمچىگە بەر مىڭ ياڭاق،
تايانغىلى بەر تاياق.)

قۇدۇغدا سۈۋ بار، ئىت بۇرنى تەگمەس.
(قۇدۇقتا سۇ بار، ئىت بۇرنى تەگمەس.)

قۇرۇغ يىغاچ ئەگىلمەس،
قۇرمىش كىرىش تۇگۇلمەس.
(قۇرۇق ياغاچ ئېگىلمەس،
قۇرۇغان كىرىچ تۇگۇلمەس.)

قۇزدا قار ئەكسۇمەس،
قويدا ياغ ئەكسۇمەس.
(تەسكەيدە قار ئۆكسۇمەس،
قويدا ياغ ئۆكسۇمەس.)

قۇش تۇزاققا مەڭ ئۇچۇن ئىلىنۇر.
(قۇش تۇزاققا يەم ئۇچۇن ئىلىنەر.)

قۇش قاناتىن،
ئەر ئاتىن.
(قۇش قانىتى بىلەن،
ئەر ئېتى بىلەن.)

قۇش بالاسى قۇسىنچىغ،
ئىت بالاسى ئوخشانچىغ.
(قۇش بالىسى يىرگىنچلىك،
ئىت بالىسى يېقىملىق.)

قۇتسۇز قۇدۇغقا كىرسە، قۇم ياغاچ.
(بەختسىز قۇدۇققا چۈشسە، قۇم ياغار.)

قۇتلۇغقا قوشا ياغار.
(تەلەيلىككە قوش كېلەر.)

قۇت بەلگۈسى بىلىك.
(بەخت بەلگىسى بىلىم.)

قۇرتغا بۇدىك بىلمەس، يەرىم تار تەر.
(موماي ئۇسسۇل بىلمەس، يېرىم تار دەر.)

قۇرۇق قاشۇق ئاغىزقا ياراماس،
قۇرۇق سۆز قۇلاققا ياقىشماس.
(قۇرۇق قوشۇق ئېغىزغا يارىماس،
قۇرۇق سۆز قۇلاققا ياقماس.)

قۇرمىش كىرىش تۇگۈلمەس،
ئوقروقۇن تاغ ئەگىلمەس.
(قۇرۇلغان كىرىچ تۇگۈلمەس،
سالما بىلەن تاغ ئېگىلمەس.)

قۇلان قۇدۇغقا تۇشسە، قۇرباقا ئايغىر بولۇر.
(قۇلان قۇدۇققا چۈشسە، پاقا ئايغىر بولۇر.)

قۇلاق ئەشتىسە كۆڭۈل بىلىر،
كۆز كۆرسە ئۇدىك كەلىر.
(قۇلاق ئىشىتسە كۆڭۈل بىلەر،
كۆز كۆرسە ھەۋەس كېلۇر.)

قۇل ياغى، ئىت بۆرى.
(قۇل يېغا، ئىت بۆرە.)

قىلىچ تاتىقسا ئىش يۈنچىر،
ئەر تاتىقسا ئەت تۈنچىر.
(قىلىچ داتلاشسا ئىش بۇزۇلىدۇ،
ئادەم داتلاشسا ۋۇجۇدى بۇلغىنىدۇ.)

قىلىنۇ بىلسە قىزىل كەدەر،
يارانۇ بىلسە ياشىل كەدەر.
(قىلىقلىناي دېسە قىزىل كىيەر،
ياراي دېسە يېشىل كىيەر.)

قىرىق يىلقا تەگىن باي چىغاي تۈزلىنۈر.
(قىرىق يىلدا باي بىلەن كەمبەغەل تەڭلىشۈر.)

قىش قونۇقى ئوت.
(قىشنىڭ زىياپىتى ئوت.)

قىز كىشى ساۋى يورىغلى بولماس.
(بېخىل كىشىنىڭ داڭقى چىقماس.)

قىز بىرلە كۈرەشمە،
قىسراق بىرلە يارىشما.
(قىز بىلەن چېلىشما،
قىسىر بايتال بىلەن چېپىشما.)

## ك

كەڭ تون ئۇپراماس،
كەڭەشلىگ بىلىك ئارتاماس.
(كەڭ تون ئۇپرىماس،
كېڭەشلىك ئىش بۇزۇلماس.)

كەدۇگلۇگ ئۆلىمەس،
كۇفەچلىگ كۆرىمەس.
(يېپىنچىلىق هۆل بولماس،
ئېغىزدۇرۇقلۇق چاپچىيالماس.)

كەرىش ياغىرى ئوغۇلقا قالىر.
(گەجگە يېغىرى ئوغۇلغا قالار.)

كەڭەشلىگ بىلىك ئۇدرەشۇر،
كەڭەشسىز بىلىگ ئۇپراشۇر.
(كېڭەشلىك ئىش ئۇزلىشار،
كېڭەشسىز ئىش بۇزۇلار.)

كەڭ كۆردى، كەرەگۇ يۇدتى.
(شۇنچىلىك جاپا تارتتىكى، هەتتا كىگىز ئۆينى ئۆزى يۇدۇپ ماڭىدىغان هالغا يەتتى.)

كۆنى بارىر كەيىكنىڭ كۆزىندە ئادىن باشى يوق.
(توغرا كەتكەن كېيىكنىڭ كۆزدىن باشقا يارىسى يوق.)

كۆكگە ساغۇرسا، يۇزگە تۇشۇر.
(كۆككە تۇكۇرسە يۇزگە چۇشەر.)

كۆك تەمۇر كەرۇ تۇرماس.
(كۆك تۆمۇر بىكار تۇرماس،
تەگكەن يېرىنى يارىلايدۇ.)

كۆزدەن يىراسا، كۆڭۇلدەن يەمە يىرار.
(كۆزدىن يىراق كۆڭۇلدىن يىراق.)

كۆزەگۇ ئۇزۇن بولسا، ئەلىك كۆيمەس.
(كۆسەي ئۇزۇن بولسا، قول كۆيمەس.)

كۆپ سۇگۇتكە قۇش قونار،
كۆركلۇگ كىشىگە سۆز كەلىر.
(بۇك ـ باراقسان سۆگەتكە قۇش قونار،
چىرايلىق قىزغا سۆز كېلەر.)

كۇمۇش كۇنگە ئۇرسا، ئالتۇن ئاداقىن كەلىر.
(كۇمۇش كۇنگە قونسا،
ئالتۇن ئۆز ئايىغى بىلەن كېلۇر.)

كۇز كەلىگى يازىن بەلگۇرەر.
(كۇزنىڭ كېلىشى يازدىن بەلگىلىنۇر.)

كۇز كەلىگى ياپىن بەلگۇلۇگ.
(كۇزنىڭ كېلىشى ئەتىيازدىن بەلگىلىك.)

كۆچ ئەلدىن كىرسە، تۆرۈ تۈڭلۈكتەن چىقار.
(زورلۇق ـ زومبۇلۇق ئىشىكتىن كىرسە،
ئىنساب ۋە يوسۇن تۈڭلۈكتىن چىقار.)

كۈننىڭ كۈلىنە تەگۈ ياغى.
(كۈنداشنىڭ كۈلىگىچە دۈشمەن.)

كۈنگە باقسا، كۆز قامار.
(كۈنگە باقسا، كۆز قامىشار.)

كۈندە ئەرۈك يوق،
بەگدە قىيىق يوق.
(كۈندە يېرىق يوق،
بەگدە يېنىۋېلىش يوق.)

كۈل ئۈرگۈنچە كۆز ئۈرسە يەگ.
(كۈل پۈۋلىگۈچە چوغ پۈۋلىگەن تۈزۈك.)

كىزلەنچۈ كەلىندە.
(يوشۇرۇلغان نەرسە كېلىندە.)

كىزدەكى كىن يىپار.
(قۇتىدىكى كىندىك ئىپار.)

كىشى سۆزلەشۈ،
يىلقى يىدلاشۇ.
(كىشى سۆزلىشىپ تېپىشار،
يىلقا ھىدلىشىپ تېپىشار.)

كىشى ئەتى تىرىگلە تاتىر.
(ئىنسانىنىڭ ئېتى تىرىكلىكىدە تاتلىق.)

كىشى ئالاسى ئىچتىن،
يىلقى ئالاسى تاشتىن.
(ئادەمنىڭ ئالىسى ئىچىدە،
هايۋاننىڭ ئالىسى تېشىدا.)

كىچىكىدە قاتىغلانسا، ئۆلغادۇ سەۋنۇر.
(كىچىكىدە قېتىرقىنسا، ئۆلغايغاندا سۆيۈنەر.)

كىچىك ئۇلۇغقا تورۇشماس،
قىرغۇي سۇڭقۇرقا قارىشماس.
(كىچىك چوڭغا تەڭ تۇرالماس،
قۇرغۇي شۇڭقارغا قارشى چىقالماس.)

كىم كۇر بولسا، كۆۋەز بولۇر.
(كىم جەسۇر بولسا، مەغرۇر بولۇر.)

م

مۇش ياقرىقا تەگىشمەس،
ئايۇر كىشى نەڭى ياراشماس.
(مۇشۇك قوزۇقتىكى ياغقا تېگەلمەي،
كىشىنىڭ مېلى ياراشماس دەر.)

مۈش ئوغلى مۈياۋۇ تۇغار.
(مۈشۈك ئوغلى مىياۋلاپ تۇغۇلار.)

## ن

نەچەمۇ ئۇپراق كەدۇك ئەرسە، ياغمۇرقا يارار.
(چاپان قانچە كونا بولسىمۇ، يامغۇرغا يارار.)

نەچە يىتىگ پىچەك ئەرسە، ئۆز سابىن يونۇماس.
(پىچاق ھەرقانچە ئۆتكۈر بولسىمۇ،
ئۆز سېپىنى يونۇيالماس.)

نەچە مۇندۇز ئەرسە ئەش ئەدگۇ،
نەچە ئەگرى ئەدسە يول ئەدگۇ.
(ھەرقانچە ئەخمەق بولسىمۇ، ھەمراھ ياخشى،
ھەرقانچە ئەگرى بولسىمۇ يول ياخشى.)

## ئو

ئوتۇغ ئودغۇچ بىرلە ئۆچۈرمەس.
(ئوتنى يالقۇن بىلەن ئۆچۈرگىلى بولماس.)

ئوت تۇتۇنسىز بولماس،
يىگىت يازۇقسىز.
(ئوت تۇتۇنسىز بولماس،
يىگىت گۇناھسىز.)

ئوت تەسە، ئاغىز كۆيمەس.
(ئوت دېگەنگە ئېغىز كۆيمەس.)

ئورتاق ئەردەن ئارتۇق ئالماس.
(ئورتاق ئۆز ئورتىقىدىن ئارتۇق ئالماس.)

ئول كەچىشنى سۇۋ ئەلەتتى.
(ئۇ كېچىكنى سۇ ئېلىپ كەتتى.)

ئوغلان سۇۋ تۆكەر،
ئۇلۇغ يانى سىنۇر.
(بالا سۇ تۆكەر،
چوڭنىڭ يانپېشى سۇنار.)

ئوغلان ئىشى ئىش بولماس،
ئوغلاق مۇڭزى ساپ بولماس.
(بالىنىڭ ئىشى ئىش بولماس،
ئوغلاق مۇڭگۈزى ساپ بولماس.)

ئوغلاق يىلىكسىز،
ئوغلان بىلىكسىدىز.
(ئوغلاق يىلىكسىز،
بالا بىلىمسىز.)

ئوسۇقمىشقا ساقىغ قامۇغ سۇۋ كۆرۈنۇر.
(ئۇسسىغانغا ئالۋۇن پۇتۇنلەي سۇ كۆرۈنەر.)

## ئۇ

ئۇلا بولسا يول ئازماس،
بىلىك بولسا سۆز يازماس.
(بەلگە بولسا يولدىن ئازماس،
بىلىم بولسا سۆزدىن قايماس.)

ئۇلۇشنى ئۇلۇغلاسا قۇت بولۇر.
(ئۇلۇغنى ئۇلۇغلىسا، بەخت تاپار.)

ئۇلۇق ياغىرى ئوغۇلقا قالىر.
(ئۇچا يېغىرى ئوغۇلغا قالار.)

ئۇما كەلسە قۇت كەلىر.
(مېھمان كەلسە قۇت كېلەر.)

ئۇمايقا تاپىنسا ئوغۇل بولۇر.
(ئەشكە تېۋىنسا، ئوغۇل تاپار.)

ئۇپراق ياسقىدىن توزلۇغ يا چىقار.
(ئۇپرىغان يا قېپىدىن مەزمۇت يا چىقار.)

ئۇس ئۇشكۇرسە ئۆلۇر.
(تاپقۇش ئىسقىرتسا، ئۆلۇم چىقار.)

ئۈيغۈر يىغاچ ئۇزۇن كەس،
تەمۈر قىسقا كەس.
(ھەي ئۈيغۈر، ياغاچ كەسسەڭ ئۇزۇن كەس،
تۆمۈر كەسسەڭ قىسقا كەس.)

## ئۆ

ئۆزى قوپسا ئوغۇش ئاقلىشۇر،
ياغى كەلسە ئىمرەم تەبرەشۇر.
(سۈرەن چىقسا ئۇرۇق - تۇغقان جەملىشەر،
يىغا كەلسە خەلق توپى تەۋرىشەر.)

ئۆدلەك قارىتمىشقا بودۇغ تالقىماس.
(زامانە قېرىتقانغا بوياق ئەيىب ئەمەس.)

ئۆز كۆز، ئەر قىشلاغ.
(ئۆز ئىشىغا پۇختا بولغان ئادەم قىشلاقتا ئىگە بولغان ئادەمگە ئوخشار.)

ئۆتلۈگ يىنچۈ يەردە قالماس.
(تۆشۈك ئۈنچە يەردە قالماس.)

ئۆلۈگ يۈزى تۈملۈغ.
(ئۆلۈكنىڭ يۈزى سوغۇق.)

ئۆلدەچى سىچغان مۈش تاشاقى قاشىر.
(ئۆلگۈسى كەلگەن چاشقان مۈشۈكنىڭ تاشقىنى قاشلار.)

ئۆكۈز ئاغىز ئاداقى بولغىنچا،
بۇزاغۇ باشى بولسا بەگ.
(ئۆكۈزنىڭ پۇتى بولغۇچە،
موزاينىڭ بېشى بولغان ياخشى.)

ئۆگۈنگۈچى ئۆمىندە ئارتاتۇر.
(ماختانچاق ئىشتىنىنى بۇلغار.)

ئۆد كەچەر، كىشى تۇيماس،
يالىڭۇق ئوغلى مەڭگۇ قالماس.
(زامان ئۆتەر، كىشى تۇيماس،
ئادەم بالىسى مەڭگۇ قالماس.)

## ئۇ

ئۇكۇش سەۋىنچ بولسا، قاتىغ ئوخسۇنۇر.
(كۆپ سۆيۈنۈپ كەتسە، قاتتىق ئۆكۈنەر.)

## ئې

ئېگىر بولسا، ئەر ئۆلمەس.
(ئېگىز بولسا، ئەر ئۆلمەس.)

## ئى

ئىت ئىسىرماس،
ئات تەپمەس تەمە.
(ئىت چىشلىمەس،
ئات تەپمەس دېمە.)

ئىزلىك بولسا ئەر ئۆلدىماس،
ئىچلىك بولسا ئات ياغرىماس.
(چورۇق بولسا ئادەم ئۆلدىماس،
ئىچلىك بولسا ئات يېغىر بولماس.)

ئىنگەن ئىگراسا، بۇتۇ بوزلار.
(ھىنگان ئىگرىسا، بوتا بوزلار.)

ئىم بىلسە، ئەر ئۆلمەس.
(ئىم بىلسە، ئەر ئۆلمەس.)

ئىكى بۇغرا ئىكەشۇر،
ئوترا كۆكەگۈن يانچىلار.
(ئىككى بۇغرا ئىكمشەر،
ئارىدا كۆكۈيۈن يانجىلار.)

ئىكى قوچىڭار باشى بىر ئەشەچتە پىشماس.
(ئىككى قوچقارنىڭ بېشى بىر قازاندا پىشماس.)

ئىگىلىك تۇترۇغى ئاد بولۇر.
(ئاغرىقنىڭ ۋەسىيىتى ياخشىلىقنىڭ ئالامىتىدۇر.)

ئىش ياراغىندا، سارت ئاسىغىندا.
(ئىش پەيتىگە باقىدۇ، سودىگەر پايدىغا.)

ئىتقا ئۇۋۇت ئەتسە، ئۇلداڭ يەمەس.
(ئىتقا ئۇيات كىرسە، ئۇلتاڭ يېمەس.)

ئىت چاقىرى ئاتقا تەگىر،
ئات چاقىرى ئىتقا تەگمەس.
(چېقىر كۆز ئىت ئاتقا باراۋەر،
چېقىر كۆز ئات ئىتقا باراۋار ئەمەس.)

ي

يالقىسا يەمە ياغ ئەدگۇ،
كۆيسە يەمە كۇن ئەدگۇ.
(يېقىلسىمۇ ياغ ياخشى،
كۆيدۇرسىمۇ كۈن ياخشى.)

يالىڭۇق ئۇرۇلمىش قاپ ئول،
ئاغزى يازۇلىپ ئالقىنۇر.
(ئادەم بالىسى كۆپكەن تولۇمغا ئوخشار،
ئاغزى يېرىلسا يېلى چىقىپ بوشار.)

يالىڭۇق ئوغلى مۇنسۇز بولماس.
(ئادەم بالىسى ئەيىبسىز بولماس.)

يالىڭۇق مەڭگۈ تىرىلمەس،
سىنقا كىرۇپ كەرۇ ياناس.
(كىشى مەڭگۈ ياشىماس،
گۆرگە كىرسە ئارقىغا ياناس.)

ياقىرى ياغى ياغىسماس.
(چاۋا ياغ سۇ يېغىنىڭ ئورنىنى باسالماس.)

ياقاداقى يالغاغالى ئەلكىدەكى ئىچغىنۇر.
(ياقىسىدىكىنى يالايمەن دەپ قولىدىكىدىن ئايرىلىپتۇ.)

ياغىڭ ئەرسە كەرەك يۇنداقى تەگىر.
(دۇشمىنىڭنىڭ بولسىمۇ مېلى بولسۇن،
ئۇنىڭدىن ساڭا تېزەك بولسىمۇ قالار.)

ياغىنى ئاشاقلاسا، باشقا چىقار.
(دۇشمەنگە سەل قارىسا، باشقا چىقار.)

ياداغ ئاتى چارۇق كۆچى ئازۇق.
(ياياقنىڭ ئېتى چورۇق، كۆچى ئوزۇق.)

يازماس ئاتىم ياغمۇر،
ياڭىلماس بىلگە ياڭقۇ.
(ئازماس مەرگەن يامغۇر،
يېڭىلمەس ئالىم ئەكس سادا.)

يازماس ئاتىم بولماس،
ياڭىلماس بىلگە بولماس.
(خاتالاشمايدىغان ئوۋچى بولماس،
يېڭىلمەيدىغان دانىشمەن بولماس.)

ياۋلاق تىللىغ بەگدەن كەرۈ، يالىڭوس تۈل يەگ.
(تىلى يامان ئەردىن يالغۇز تۇللۇق ياخشى.)

ياش ئوت كۆيمەس،
يالافار ئۆلمەس.
(ياش ئوت كۆيمەس،
ئەلچى ئۆلمەس.)

يازىدا بۆرى ئۈلىسا، ئەۋدە ئىت باغرى تارتىشۇر.
(دالادا بۆرە هۇۋلىسا، ئۆيدە ئۈنىڭغا ئىچى ئاغرىپ ئىتنىڭ باغرى تارتىشۇر.)

ياتىنىڭ ياغلىغ تەكۈسىندەن ئۆزنۈڭ قانلىغ يۇدرۇق يەگ.
(ياتنىڭ ياغلىق لوقمىسىدىن ئۆزنىڭ قانلىق مۇشتى ياخشى.)

يارىن بۇلغانسا، ئەل بۇلغانۇر.
(تاغاق سۆڭىكى بۇلغانسا،
يۇرتتا پاراكەندىچىلىك بولۇر.)

يالڭۇس قاز ئۆتمەس.
(يالغۇز غازنىڭ ئاۋازى چىقماس.)

يالىڭوق ئوغلى يوقادۇر، ئەدگۈ ئاتى قالىر.
(ئادەم بالىسى يوقىلار،
ياخشى ئېتى قالار.)

يازىن قاتىغلانسا، قىشىن سەۋنۇر.
(يازدا تىرىشسا، قىشتا سۆيۈنەر.)

يازىداقى سۈۋلىن ئەدەرگەلى ئەۋدەكى تاقىغۇ ئىچغىنما.
(تۈزلەڭدىكى قىرغاۋۇلنى ئوۋلايمەن دەپ،
ئۆيۈڭدىكى توخۇيۇڭدىن ئايرىلىپ قالما.)

يار باسروقى تاغ،
بودۇن باسروقى بەگ.
(يار باستۇرۇقى تاغ،
خەلق باستۇرۇقى بەگ.)

يۈزگە كۆرمە، ئەردەم تىلە.
(يۈزىگە قارىما، ئەردىمىنى تىلە.)

يىتۈكلىگ ئاناسى قويۇن ئاچار.
(نەرسە يوقاتقان بالا ئانىسىنىڭ قوينىنىمۇ ئاختۇرار.)

يىغاچ ئۇچىڭا يەل تىگەر،
كۆركلوگ كىشىگە سۆز كەلىر.
(دەرەخ ئۇچىغا يەل تېگەر،
چىرايلىق قىزغا سۆز كېلەر.)

يىلان كەندۇ ئەگرىسىن بىلمەس، تەۋى بوينىن ئەگرى تەر.
(يىلان ئۆزىنىڭ ئەگرىلىكىن بىلمەس،
تۆگە بوينىنى ئەگرى دەر.)

يىپارلىغ كەسۇگۇدىن يىپار كەتسە يىدى قالىر.
(ئىپارلىق خالتىدىن ئىپار كەتسە ھىدى قالار.)

مەسئۇل مۇھەررىرى: دىلنۇر ئابدۇراخمان
تەكلىپلىك مۇھەررىرى: خاسىيەت ئىبراھىم
مەسئۇل كوررېكتورى: قەييۇم تۇرسۇن
قايتا تەكشۈرگۈچى: ئادىل مۇھەممەت
تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچى: ئەنۋەر قۇتلۇق
مۇقاۋىسىنى لايىھەلىگۈچى: نۇرمۇھەممەت ئۆمەر ئۇچقۇن
بەت ياسىغۇچى: ئابلەت ئاۋۇت
باسما مەسئۇلى: ليۇ ۋېييۇ

كىتاب نامى: ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى (2)
تۈزگۈچىلەر: ئادىل مۇھەممەت، روزىمۇھەممەت مۇتەللىپ
نەشر قىلغۇچى: شىنجاڭ مەدەنىيەت نەشرىياتى
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى ئىقتىساد ـ تېخنىكا تەرەققىيات رايونى
پەن ـ تېخنىكا باغچە يولى 5 ـ قورۇ
تارقاتقۇچى: شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى
باسقۇچى: بېيجىڭ شىنخۇا باسما چەكلىك شىركىتى
فورماتى: 1230 × 880 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى: 22.5
نەشرى: 2016 ـ يىلى 9 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
بېسىلىشى: 2017 ـ يىلى 1 ـ ئاي 1 ـ قېتىم بېسىلىشى
كىتاب نومۇرى: ISBN 978 - 7 - 5469 - 8734 - 7
باھاسى: 66.00 يۈەن

---

تور نەشرى: دۇدۇ تورى (www.dudu-book365.com)
تور كىتابخانىسى: تاۋباۋ تورى ـ شىنجاڭ ساياھەت كىتابخانىسى (http://shop67841187.taobao.com)

مۇقاۋىسىنى لايىھەلىگۈچى: نۇرمۇھەممەت ئۆمەر ئۇچقۇن

ISBN 978-7-5469-8734-7
9 787546 987347 >
定价：66.00 元